

ئابدۇۋەلى ئەلى
تۇرغاق خوجىلار
(1)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇۋەلى ئەلى

# تۇرغاق خوجىلار

(تارىخىي رومان)

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: جىلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەبىبۇللا ئېلى

NIEDERSÄCHS.
STAATS. U. UNI.
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# تۇرغاق خوجىلار (1، 2)

(تارىخىي رومان)

ئابدۇۋەلى ئەلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348№ پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32 باسما تاۋقى: 22.375
2000 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 5000
ISBN7—228—05634—5/I—2084
باھاسى: 28.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)



ئاپتورنىڭ يېقىنقى سۈرىتى

# ئاپتور ھەققىدە

ئىستېداتلىق يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى (ۋەلى) 1948 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خوشۇت ناھىيىسىنىڭ چوقو يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ھازىرقى باغراش ناھىيىسىنىڭ بورانسۇمول يېزىسىدا ئۆتتى. ئۇ 1959 ـ يىلى يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1962 ـ يىلغىچە خوشۇت ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى. 1962 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كورلا چىلانباغدىكى ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق 1 ـ يىللىقىغا ئوقۇشقا كىردى. ئەمما، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەچكە، 1963 ـ يىلى ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 1965 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇ ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سابىق 3 ـ ئاتلىق پولكىدا جەڭچى، ئوتدېلېنىيە كوماندىرى، ۋوزۇت كوماندىرى ۋە ھەربىي تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى. 1969 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىپ ئىشلىدى. 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۇ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىدى. 1981 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، مۇھەررىر، ئۇيغۇر سىياسىي ـ مائارىپ تەھرىر بۆلۈمى ۋە مەدەنىيەت ـ تارىخ تەھرىر بۆلۈمىدە بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى، 1993 ـ يىلى، ئۇ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئابدۇۋەلى ئەلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىگەن يىگىرمە يىل جەريانىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (13 توم)، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «قۇتادغۇ بىلىك ۋە قانۇن»، «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، «قارا خانىيلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى»، «قەدىمكى جەمئىيەت» (ئىككى توم)، «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، «9 ـ 12ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە دۇنيا تارىخى» (بەش مىليون خەتلىك)، «تۇرپان ئاسار ئەتىقىلىرى»، «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» قاتارلىق مەدەنىيەت، تارىخقا ئائىت يۈزدىن ئارتۇق يىرىك ئەسەرگە مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. ئۇ مەسئۇل مۇھەررىر بولغان توققۇز كىتاب شىمالدىكى 15 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندىكى 18 نەشرىياتنىڭ 1990ـ يىلىدىن 1997ـ يىلىغىچە بولغان باھالاشلىرىدا مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ مەسئۇل مۇھەررىر بولغان «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» دېگەن كىتاب 1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا، يەتتە پارچە كىتاب ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرى تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئابدۇۋەلى ئەلىنىڭ 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋە 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان «ئۇيغۇر تارىخى مۇھاكىمە يىغىنى»، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇغان « 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى»، «ئۇيغۇرلار، يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش» دېگەن ئىلمىي ماقالىلىرى جەمئىيەتتە كۈچلۈك

ئەسىر قوزغاپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.
ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق تارىخى خېلى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك قارىشىغا بىر نەزەر»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پەلسەپە ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى»، «يىپەك يولى، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە باشقىلار»، «موللا موسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ ‹تارىخى ئەمىنيە› ناملىق كىتابى»، «ئۇيغۇرلار، يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش»، «پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ هارماس كۈيچىسى» قاتارلىق ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ 1977 - يىلى مەشھۇر كلاسسىك ئەسەر - «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشتى؛ 1983- يىلى ئۇنىڭ «ياخشى ئەسكەر شوك»، «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق تۆت پارچە تەرجىمە ئەسىرى نەشر قىلىندى.
1997 - يىلى، ئاپتورنىڭ «بەدۆلەت» ناملىق تىرىلوگىيىسى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندى.
ئاپتورنىڭ قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە يازغان «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى»، «ئاپاق خوجا»، «تۇرغاق خوجىلار» ناملىق ئۈچ تارىخي رومانى ئۇنىڭ «بەدۆلەت» تىرىلوگىيىسىدىن كېيىن يېزىپ پۈتتۈرگەن يەنە بىر تىرىلوگىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور ھازىر تارىخي تېمىدىكى «قازا يولى»، «پىغانلىق تەلۋىچۈك» ۋە ھازىرقى زامان تېمىسىدىكى «باغراش قارا ئەۋلادلىرىغا» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

# ئاپتوردىن

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. شۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان ئىسلام دىنى نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد ئىمامى، نەمەنگانلىق خوجا — مەخدۇم ئەزەم (ئەسلى ئىسمى ئەخمەت بىننى سەئىد جالالىدىن خوجا كاسانى) پەرغانىدىكى دەھبىدتىن ئۇيغۇر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەنگە كەلدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەر قايسى دەۋرلەردە سەلتەنەت سۈرگەن سەئىدىيە خانلىرىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى بولۇپ، ئۇيغۇر سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنىڭ سەلتەنەت مەركىزىگە تەدرىجىي ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى ۋە پەيدىنپەي دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىجتىمائىي سىياسىي كۈچ — قەشقەر خوجا ـ ئىشانلىرىنىڭ تۈرلۈك سىياسىي مەزھەپلىرىنىڭ ئاساسلىق كاتتىۋاشلىرىدىن بولۇپ قېلىشتى.

17ـ، 18ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا شەكىللەنگەن «ئاقتاغلىقلار» مەزھىپىدىكى خوجا ـ ئىشانلار بىلەن «قارا تاغلىقلار» مەزھىپىدىكى خوجا ـ ئىشانلار ئوتتۇرىسىدا دەھرىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى كۆزلەپ پارتلىغان يېغا ـ غەلىيانلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا، ھاياتىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن

دەرىجىدە ئېغىر توسالغۇ بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ تەلتۆكۈس ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك (225 يىل ئۆپچۆرىسىدە) داۋام قىلغان «ئاقتاغلىقلار» بىلەن «قارا تاغلىقلار» ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ كۈرىشىدە ئەڭ دەسلەپتە ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئاقتاغلىقلار» مەزھىپى جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ نەيزىسىنىڭ زورى بىلەن ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشىپ، «قارا تاغلىقلار» مەزھىپىدىكىلەرنى دەھشەتلىك باستۇردى. ئۇلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ ۋە ئۆز مەزھىپىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتاب - رىسالىلەرنى كۆيدۈرۈپ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يولىنى بوغۇپ تاشلىدى. ئىلىم - مەرىپەت تەرەپدارلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى مەنىۋى، جىسمانىي جەھەتتىن خورلاپ، نابۇت قىلدى ۋە تۇزغاققا ئوخشاش ھەرتەرەپكە توزىتىۋەتتى.

بىراق، بۇ مەزگىللەردە ھاكىمىيەت بېشىدىكى قورچاق خوجىلارنىڭ جاھالەتلىك ئاسارەتلىرىگە باش ئەگمەي تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىجاد ئەتكەن نۇرغۇن ئالىملار، شائىرلار، يازغۇچىلار، تارىخىي ئەدىبلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەر قېتىملىق قورچاق يەڭگۈشلەش داۋامىدا يۈز بېرىدىغان ئىچىنىشلىق خوجا تەقىپلىرىدە خىيانەتكار قورچاق خوجىلارنىڭ جىنايەتكار قوللىرى بىلەن تەلتۆكۈس نابۇت قىلىپ تاشلاندى!

* * *

17- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان ئاپاق خوجا

باشچىلىقىدىكى «ئاقتاغلىق» فېئودال خوجىلارنىڭ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمى ۋە سىنىپىي زۇلۇمىدىن ئىبارەت قوش قەۋەتلىك، قوش زەنجىرلىك ئاسارىتىگە دۇچار بولدى. تاجاۋۇزچىلار ئۇچۇن تېخىمۇ سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىشنى ئۆز بۇرچى دەپ بىلگەن ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى بۇ بىر توپ نائىنساپ خوجىلار ئەلنى نادانلىق پاتقىقىغا پاتۇردى. شۇ چاغلاردا ئەلدە تەۋپىق - ئادالەت كۆتۈرۈلگەن، ھاياسىزلىق، ئىنساپسىزلىق كۈچەيگەن، مېھىر - شەپقەت تۈگىگەندى! ئېشەكتىنمۇ بەتتەر نادان بولغان بۇ بىر توپ ئەخلاقسىز پاسىق، قەبىھ گۇناھكار، كالتە قۇيرۇق يالغانچى، بىئەجەل ئۆلىدىغان غالجىر ھەسەتخور، ئەشەددىي قارا قورساق ۋە ئىچى تار خوجا ئىشانلار، كۆكەمە سوپى، تېجىمەل دەرۋىش، يۇندىخور ئاشىقلار ھەممىلا يەردە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشاتتى. ئۇلار دۇئا بىلەن نان، دۇئا بىلەن جان، دۇئا بىلەن ئىمان، دۇئا بىلەن ۋەج، دۇئا بىلەن ئابرۇي تېپىپ، دۇئا بىلەن يۇرت، دۇئا بىلەن تەخت ئالماقچى بولۇشاتتى؛ دەستەكسىز دۇئالارنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشىلەر قورقۇنچاق، پىكىر - تەپەككۇر قابىلىيىتى تۆۋەن، نانقېپى، زەئىپ، تەرسا، چېچىلاڭغۇ، ئىش خۇشياقماس، ئاجىز، ئەخمەق، لاپخور، شاللاق، تەرى سۈرۈن، بىپەرۋا، توڭ، بەتقىلىق، ئەقلى پالەچ بولۇپ كېتىشكەنىدى!

سوقرات: «دۇنيادىكى ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرلا ياخشىلىق بولىدۇ: بۇ — ئىلىم - مەرىپەتتۇر؛ دۇنيادىكى ھەممە ياۋۇزلۇقلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرلا ياۋۇزلۇق بولىدۇ: «بۇ — نادانلىقتۇر!» دېگەنىدى. دېمەك، دۇنيادا قانچىلىك ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولسا، بۇ ھەممىدىن ئاۋۋال ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مېۋىسىدۇر! ھالبۇكى، جاھالەت، پەسلىك، قاششاقلىق ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى نادانلىقنى ئۆزىگە مەنبە

قىلىشىدۇ! چۈنكى، تارىختىن بۇيان، جاھاندىكى قارا نىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا نادانلىقتىن پايدىلىنىپ كەلگەن!

*　　　　*　　　　*

دۇنيادا ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى قالايمىقانلاشتۇر- ۋېتىشتىنمۇ ئوڭاي ئىش بولمىسا كېرەك. «ئاقتاغلىقلار» نىڭ سەردارى بولغان ئاپاق خوجىمۇ ۋەتەنسىزلىكنى تەرغىب قىلىشنىڭ ئادەملەر ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتا ئوينايدىغان رولىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلەتتى. «ھۇببۇل ۋەتەنى مىنەل ئىمان» (ۋەتەننى سۆيمەك ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر!) دېگەن بىر مەشھۇر ھەدىس بار. ھالبۇكى، ئاپاق خوجىمۇ ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتا ئىشنى دەل ھەممىدىن ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇشتىن باشلىغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاپ، مىللەت ئارىسىدا ئاداۋەت تېكىنى ئۇندۇرگەن«ئاقتاغلىقلار» نىڭ سۇلۇك تەرغىباتىنى يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە زېرىكمەي ئېلىپ باردى.

قايسى ئەلدە نادانلىق ئەۋج ئالغان بولسا، شۇ ئەلدە تەپرىقات، بۆلۈنۈش غالىب كەلگەن بولىدۇ؛ قايسى ئەلدە ھەقىقەتنىڭ باغرى تىلىنغان بولسا، شۇ ئەلدە غاپىللار يۇقىرى دەرىجىلەرنى ئىگىلەيدۇ! ئېشەك قۇلاق، بۆرە پەنجە، قاۋان تۇمشۇق، تۈلكە قۇيرۇق، قۇزغۇن سۇپەت، يىلان تىللىق، توشقان يۈرەك، چايان مىجەز، قېچىر تۇياق، قوش ماكانلىق ئادەملەر ئۈستۈن مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈلىدۇ. قەشقەر خوجىلىرىنىڭ پېشىۋاسى، نەمەنگانلىق دەستەكسىز خوجا — مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر

خوجىلىرىمۇ دەل مۇشۇنداق مەلئۇن ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى!

*　　　*　　　*

17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە يېزىلىشقا باشلىغان ۋە ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان تەزكىرە، تەرجىمىھالىلار 28 خىلغا يېتىدۇ! خوددى «تۈركىستان جاڭگىلى» دەك ئىرماش - چىرماش، سىرلىق ۋە مۇرەككەپ بۇ تەزكىرە، تەرجىمىھالىلار مەيلى «ئاقتاغلىقلار» مەزھىپىدىكى سوپى ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغىنى بولسۇن، مەيلى «قاراتاغلىقلار» مەزھىپىدىكى سوپى ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغىنى بولسۇن، ھەممىسىدە قارشى مەزھەپنىڭ پىرلىرى چۆكۈرۈلگەن، ئىنكار قىلىنغان ۋە ئۆز مەزھىپىنىڭ پىرلىرى گۈزەللەشتۈرۈلگەن، ئەۋلىيا - پەيغەمبەرلىك دەرىجىلىرىگە كۆتۈرۈلۈپ، ماختالغان! بۇ سىرلىق تەزكىرە، تەرجىمىھاللار- نىڭ ھەممىسىدە بىچارە ئۇيغۇر خەلقى ئاقارتىلىشقا تېگىشلىك بىر توپ نادانلار سۈپىتىدە مۇشۇ نائىنساب خوجا - ئىشانلار تەرىپىدىن ھىدايەتكە باشلانغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن! بۇ — قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرە، تەرجىمىھاللارنىڭ ئورتاق خوسۇسىيىتى ئىدى!

مەن ئۆزۈمنىڭ قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدىكى ئۈچ توملۇق تارىخىي رومانىم — «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى»، «ئاپاق خوجا» ۋە «تۇرغاق خوجىلار» نى مۇشۇ «تۈركىستان جاڭگىلى» دەك ئىرماش - چىرماش تەزكىرە، تەرجىمىھاللارنىڭ ئەكسىچە، ئاشۇ يىللاردىكى تارىخىمىزنىڭ ئەڭ رەزگى، ئەڭ كىر ۋە ئەڭ جاھالەتلىك بەتلىرىدىن باشلاپ يازدىم. جاھالەتنى، ئادالەتسىزلىكنى رەھىمسىز پاش قىلىش، غەزەپ بىلەن

قامچىلاش، پارلاق ئىستىقبالدىن بېشارەت بېرىپ، ياخشىلىقنى، ئادالەتنى ھارماي ـ تالماي كۈيلەش— ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق يازغۇچىنىڭ بۇرچىدۇر! شۇڭا، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ كىتابىمدا خەلقىمىزگە مەلۇم بولغان ۋە تېخى مەلۇم بولمىغان نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى ئاشۇ بىر توپ ناشۇكۇر خوجىلارنىڭ خەلققە قارشى خائىنانە جىنايەتلىرىنى يېزىپ پاش قىلىش ئارقىلىق، ئاشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دەۋر روھىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئۇرۇندۇم!

دەۋر روھىنىڭ كۆزى ئىنسان قەلبىدىن باشقا ھەر قانداق يەردە تېخىمۇ يارقىنراق نۇرنى، تېخىمۇ قاراڭغۇراق زۇلمەتنى كۆرەلمەيدۇ؛ دۇنيادا ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىنمۇ مۇرەككەپرەك، سىرلىق، چەكسىز ۋە تولىمۇ قورقۇنچلۇق ماكان بولمىسا كېرەك. مۇبادا، دۇنيادا تەكلىماكان چۆلىدىنمۇ بىپايان زېمىن بار دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ كۆك ئاسماندۇر! بىراق، ئىنساننىڭ روھى دۇنياسى كۆك ئاسماندىنمۇ بىپايان بولغان زېمىندۇر!

* * *

ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى جامائەتچىلىك 21ـ ئەسىرنىڭ ئاسىيالىقلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشمەكتە. تېز سۈرئەتتە گۈللىنىۋاتقان ئىقتىساد، تۈگىمەس ـ پۈتمەس مول تەبىئىي بايلىق، ئىنسانىيەتنىڭ سىرلىق مەدەنىيەت گۆھەرلىرى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەۋرەنمەس كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ھەممىسى «قۇياش كۆتۈرۈلگەن جاي» دەپ ئاتالغان مۇشۇ ئاسىيا قىتئەسىگە مۇجەسسەملەنگەن! بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئەپلىك جۇغراپىيىلىك ئورنىمىز بىلەن

پەخىرلىنىمىز، ئەلۋەتتە!
بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى، جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى
مەلئۇن ئاپاق خوجىنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا ئوت ۋە قىلىچ
بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ ھېسابلىنىدىغان
يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنى بۇزۇپ ئاچتى.
ئۇيغۇر خەلقىمۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزلىرى ئارقا - ئارقىدىن
دۇچ كەلگەن شۇم تەقدىردىن زادىلا قۇتۇلالمىدى. ئۇلار قەشقەر
خوجىلىرىنىڭ ئەۋھامچىلىقىنى ئۆزىگە روشەن بەلگە قىلغان
نادانلىق، دوگمىچىلىق، خۇراپاتلىق، قاششاقلىق، يوقسۇللۇق،
يۇرتۋازلىق، مەھكۇملۇق ۋە كۆلپەتلىك قىسمەتنىڭ ئاپەت
دولقۇنى ئىچىدە ئېچىنىشلىق جان تالاشتى. بىراق، بۇنداق ئاپەت
دولقۇنى بىر قىسىم ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ مىللەتنى
مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئەلنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشتىن
ئىبارەت گۈزەل ئارزۇلىرىنى كۆمۈپ تاشلىيالمىغان، ئاۋام
خەلقىنىڭ تىرىكچىلىك ۋەسۋەسلىرى ۋە ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى
غەرق قىلىۋېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
قەلبىنى خۇن قىلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئىرادىسىز ئاڭقاۋلاردىن
قىلىپ قويدى! نەتىجىدە مىللەت ئىچىدە تىلى شېكەر، دىلى
زەھەر، يەڭ ئىچىدە بىر - بىرىگە خەنجەر ساقلايدىغان يۇرتۋاز
خۇمسىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. مىللەت قانچىكى مەھكۇم
بولغانسېرى قارا يۈزلەر، دەيۈزلەر، مۇناپىقلار شۇنچە كۆپەيدى.
چۈنكى، ئۇلار جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي
مەنپەئىتىنى، مىللەتنىڭ ئار - نومۇسىنى سېتىش ھېسابىغا زور
تۆھپە - ئىنئاملارغا ئىگە بولۇشاتتى ۋە «مۇشۇ خىزمىتىم
باھانىسىدا تېخىمۇ كۆپ نەپ ئالۇرمەنمىكىن» دەپ ئويلىشاتتى.
دېمەك، ئۇلارنىڭ مەسلىكى تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا
خوجىسى تاشلاپ بەرگەن پۇچۇق سۆڭەكنى غاجىلاپ جان بېقىش
مەسلىكى ئىدى!



NIEDERS. STAATS- U. UNIV. BIBLIOTHEK GÖTTINGEN

خەلقىمىزنى 300 يىلدىن بېرى يىلاندەك چىرماپ ئالغان خوجىلار ئەۋھامچىلىقى ـ ئۇيغۇرلار تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن نادانلىق، خۇراپاتلىق ئېكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرۈپ بەرگەن زىيىنىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئاشۇ خوجىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئاسارىتى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنى تەرسالارچە قايتا ـ قايتا كۆرسىتىپ تۇردى. «مىللىي غۇرۇر»، «مىللىي تەۋەرۈك» دەپ ئاتالغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئاسارىتى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى ئېگراپ يېتىشقان مەزلۇم خەلقنىڭ خۇنۇك مىللىي ئېكى ۋە خوجىچىلىق ئىستىرىيىسىنىڭ ئۆچۈپ كەتكەن تۇغ ـ ئەلەملىرى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى قاششاقلىقى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىقى كۆچەيسە كۆچەيدىكى، ھەرگىز ئاجىزلىمىدى. كىشىلەرنىڭ بىپەرۋالىقى بىلەن يۇرتۋازلىقىنى تېخىمۇ ئەشەددىيلەشتۈرۈۋەتتى. قارىماققا، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىغا خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ئەلۋەتتە، بۇ مەزگىلدە جاھالەت كۈچلىرى ھەممىلا ۋاقىت، ھەممىلا يەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېلىۋەرمىدى. ئادالەتنى ياقلايدىغان ياخشىلىقمۇ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆزىنى قەيسەرلىك بىلەن قايتا ـ قايتا كۆرسىتىپ، نادانلىق پاتقىقىغا چۆكۈرۈلگەن خەلققە يورۇقلۇقتىن، ياخشىلىقتىن، ئىستىقبالدىن، غايىدىن، كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىپ تۇردى. كىشىلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇنداق ئويلىنىشى ئۇلارنى يېڭى ئازابلىق تەپەككۇر ئىچىگە سۆرەپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېتىلىشكە باشلىدى. ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن قۇربان بولغان قەدىرىيە، خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولغان ئىسيانكار شائىر شاھ مەشرەپ، ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن

قازاندىكى قايناۋاتقان ياغقا سەكرىگەن زەينەپ بىبى، ئەزىز ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىپ دەھشەتلىك پاجىئە بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن باتۇر سەركەردە ئېۋەز بەگ، مانجۇلارنىڭ سادىق غالچىسى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىپ باتۇرلارچە قۇربان بولغان جاھان خوجا ئەرشى ۋە خوجا سىدىق پۇتۇھى، ئار - نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن مانجۇ خانىغا ھەرگىز تىز پۈكمىگەن ئىپارخان، مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى پارتلىغان ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى، ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان رەھمىتۇللا بەگ، ئەسمىتۇللا بەگ ۋە مايىسخان. . . قاتارلىقلار مۇشۇ ياخشىلىقنىڭ، مۇشۇ تەپەككۇرنىڭ سىمۋوللىرى ئىدى!

ئۇيغۇر خەلقىنى ئەۋھامچىلىقنىڭ ھالاكەتلىك پاتقىقىغا ئىتتىرگەن ئاشۇ خوجىچىلىق ھەرىكىتى ئاڭسىز يوسۇندا ئۇيغۇر خەلقىگە شەيتانىنىڭ قۇيرۇقى بار ئىكەنلىكىنى ۋە مەھكۇملۇقنىڭ دوزاختىنمۇ ئازاب - ئۇقۇبەتلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇتتى. ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ خائىنانە ئەۋھامچىلىقى جۇڭغارلارغا قۇل قىلىپ بېرىلگەن ئۇيغۇر خەلقىنى ئەسلىدىكى ساداقەتمەن خۇداگۇي مۆمىنلەردىن دەھشەتلىك غەزەپلەنگەن ئارسلانلارغا ئايلاندۇردى. ئۇلار ئەمدى «مىللەتنىڭ غورۇرى»، «مىللەتنىڭ تەۋەررۇكى» دېيىلگەن ئاشۇ نەرسىلەرگە قارىقويۇقلا ئىشەنمەيدىغان بولۇشتى. ھەممىدىن ئاۋۋال «مىللىي غورۇر»، «مىللىي تەۋەررۇك» دەپ ئاتالغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئاسرىيالايدىغان ۋە ياكى ئاسرايالمايدىغانلىقىغا قارايدىغان بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەھكۇملۇق قىسمىتىدىن مۇناپىق ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر خوجىلىرى تەرغىب قىلىشقان «مىللىي غورۇر»، «مىللىي تەۋەررۇك» دەپ ئاتالغان

خوجىلار ئەۋھامچىلىقىنىڭ ئۆزلىرىنى جۇڭغارىيە باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشىدىن ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتتى ۋە ئۆزلىرىنى ئاسراپ قالالمايدىغان ئاشۇ نەرسىلەرگە ئىسىلىۋالغاندا ئۆزلىرىنىڭ مەھكۇملۇق تەقدىرىنىڭ ئەسلا ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى! شۇنداقلا، نادانلىق بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنى چىرماپ كەلگەن ئەڭ زور ئىسكەنجىسى كۈشەندە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى! شۇنداق، كىشىلەر ئالدانمايمەن دېسە، تارىختىن ساۋاق ئېلىش كېرەك. مۇبادا، تارىختىن ساۋاق ئالمايدىغان بولسا، تارىخنى قايتا، قايتا. . . تەكرارلاشقا مەجبۇر بولۇشىدۇ!

* * *

مەن 1998 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يەكەنگە كاماندۇرۇپكىغا بارغاندا مۇھەممەت تۇرسۇن مەجىددىن ئەپەندىنىڭ① ھەمراھلىقىدا ئالتۇنلۇققا بېرىپ، سەئىدىيە خانلىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى تاۋاپ قىلدىم. مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىسانىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدىم.

ئالتۇنلۇققا سۇلتان سەئىدخاندىن تارتىپ ھېسابلىغاندا ئون ئەۋلاد پادىشاھ دەپنە قىلىنغانىدى. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىچىدە پەزىلەت ۋە شىجائەت بابىدا زور ئۇتۇق قازانغان سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، سۇلتان ئابدۇلكەرىمخان، سۇلتان ئابدۇلەتىپخان، سۇلتان ئابدۇللا خانغا ئوخشاش ئاقىل، پازىل سۇلتانلارنىڭ ۋە قەشقەر خوجىلىرىغا قورچاق بولغان سۇلتان ئەھمەتخان، سۇلتان مەھمۇتخان ۋە سۇلتان يولۋاسخاندەك

① بۇ كىشى يەكەن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ، ھازىر پېنسىيىدە.

پەزىلەتسىز، شىجائەتسىز، غاپىل ۋە جاھىل سۇلتانلارنىڭ قەبرىسىمۇ بار ئىدى..

مەن ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقان چېغىمدا، تۇيۇقسىز خوجا سىدىق پۈتۈھىنىڭ① بۇرھانىدىن خوجىغا② ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم:

«— ... ئەي غاپىل، بىلەمسەن؟ — دېگەنىدى ئۇ، — جاھان بەزمىسىنىڭ ساقىيلىرى شۇ قەدەر ھاياسىزكى، ئۇلار ئۆمۈر پىيالىسىگە ئۆلۈم شارابىنى قۇيۇشتا ئاقىل بىلەن غاپىلنى، پازىل بىلەن جاھىلنى، ھوشيار بىلەن بىھوشنى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ! ئۇلار تىرىكلىك شاخلىرىنى ئەجەل تىغى بىلەن كېسىشتە كىمنىڭ پازىل پادىشاھ، كىمنىڭ ئادىل پادىشاھ ئىكەنلىكىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ! ۋادەرىخا، بۇ جاھان كىملەرگە ۋاپا قىلغان؟! ھايات ۋاقتىدا پۈتكۈل جاھان مەملىكىتىنى ھەم بارلىق ۋەجۇ ـ دۇنيانى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، تەڭرى ئەركىسى دەپ ئاتالغان ئاشۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ جاھان ساقىيسىنىڭ قولىدىن ئۆلۈم شارابىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولمىغانىدى؟ ئۇ: ‹مېنى تاۋۇتقا سالغاندا، ئەلۋەتتە بىر قولۇمنى تاۋۇتنىڭ تېشىغا چىقىرىپ قويۇڭلار. جاھان ئەھلى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق كۆزلىرى بىلەن، ياق، بەلكى ئىبرەت كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالسۇن. قولۇمنىڭ بۇ پەنجىلىرى ۋە قاتار تىزىلىپ تۇرغان بارماقلىرى جاھاندىن ۋە جاھان ئەھلىدىن قانداق ئۈزۈلگەنلىكىنى كۆرسۇن!›، دەپ ھەسرەتلىك نىدا قىلمىدىمۇ؟...»

مەن مۇشۇ سەھىپىلەرنى ئويلاۋاتقىنىمدا، كۆڭلۈم تويۇقسىز بۇزۇلدى — دە، مەجىددىن ئەپەندىگە:

---

① شائىر، «دىۋان پۈتۈھى»نىڭ ئاپتورى. قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سەردارى دانىيال خوجىنىڭ نەۋرىسى.

② ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سەردارى ئاپاق خوجىنىڭ چەۋرىسى.

— يۇرۇك، مېنى ھەفتەئى مۇھەممەدانغا[1] باشلاپ بېرىڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلدىم.

ھەفتەئى مۇھەممەدانغا كېتىۋېتىپ، يولدا توپىغا ئېغناپ يېتىشقان بىر مۇنچە ئادەملەرنى كۆردۇم. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن سولغۇنلۇق، قاششاقلىق چىقىپ تۇراتتى، چاچلىرى ئۆسۈپ كېتىشكەن، گەدەنلىرىنى كىر ـ قاسماق بېسىپ، ئۆزايىدىن ئادەمسىياقى قالمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەرمۇ ـ ئايالمۇ، قېرىمۇ، يېشمۇ بار ئىدى.

— بۇلار كىملەر؟ ئۇلار نېمە دەپ بۇ يەردە ئېغنىشىپ يېتىشىدۇ؟ — دەپ سورىدىم يېنىمدىكى مەجىددىن ئەپەندىدىن قىزىقىپ.

— بۇلار ئاشىقلار، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ قىلچىمۇ ھېسسىياتسىز ھالدا.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇددى بۇ يەردە بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ئەبگا قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرىنىڭ 21ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىكى لەلەڭشىپ يۈرۈشكەن سايىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم — دە، ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتىم.

— ھەقدوست، بالا گەردان نەقشىبەندى پىرىم! — دېدى ياش بىر ئاشىق دىۋانە ئۆزۈندىن بېرى يۈيۈلماي قاسماق ـ توكۇر بېسىپ كەتكەن قوللىرىنى ماڭا تەڭلەپ، — سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى. . . !

مەن قولۇمنى تۆش يانچۇقۇمغا ئاپىرىپ بولۇپ، يەنە دەرھال پەسكە چۈشۈردۈم — دە:

— ئېتىڭ نېمە؟ نەچچە ياشتا سەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

---

[1] قەدىمكى زاماندا يەكەن شەھىرىدىكى غەدىگەرلىككە مۇھەممەت ئىسمىلىك يەتتە كىشى قاتار دەپنە قىلىنغانىكەن. كېيىن كىشىلەر بۇ يەرنى ئۇلارنىڭ نامى بىلەن «ھەفتەئى مۇھەممەدان» دەپ ئاتايدىغان بولۇشۇپتۇ.

— ئېتىم خوجا ئابدۇلكەرىم راخمان سوپى تەقسىر، بۇ يىل مەن 25 كە كىردىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ تەمەخورلۇق ئوتى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى مېنىڭ تۆش يانچۇقۇمغا تىكىپ تۇرۇپ.

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرسەن؟ قورسىقىڭغا نېمە يەيسەن؟

— تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام ئاچ يۈرىمەن!

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئەپەندى لەتىپىلىرىدىكى «شەھىرىمىزنىڭ لالما ئىتلىرىغا ئوخشايدىكەنسىز» دېگەن لەتىپە ئېسىمگە كەلدى — يۇ، ئەمما تىلىمنى تېيىۋالدىم:

— ياش ئىكەنسەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەش ئەزايىڭمۇ ساپ ـ ساقلا ئىكەن. ئەلۋەتتە سېنىڭمۇ يۇرت ـ قاياشىڭ باردۇر؟ ئۆزۈڭنى بۇنداق خار ـ زار ئەيلىگۈچە، كۈچۈڭنى سەرپ قىلىپ رىسقىڭنى تېپىپ يېسەڭ، ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟!

— ئەپەندىم، غەلىتىلا گەپ قىلىدىلىغۇ؟ قارىسىلا، پېقىر خۇدا يولىدىكى ئاشىقمەن. پۈتۈن ئەسلى ـ ۋەسلىمنى ھەقتائاللاغا ۋە ئۇنىڭ پىرىيارەنلىرىغا ئاتىۋەتكەن ئاشىقمەن. ئاللا سىلىگە بۇ ئالەملىك نېمەتنى بەرگەن بولسا، بىزلەرگە ئۇ ئالەملىك نېمەتنى بەرگەن! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ قىلچىمۇ ئۇيالماستىن.

— . . .

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يا كۈلۈشىمنى، يا يىغلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— يۈرسىلە، كېتەيلى! — دەپ پېشىمنى تارتتى مەجىددىن ئەپەندى.

مەن دەرھال يانچۇقۇمدىكى مەيدە پۇللارنى ئېلىپ، ھەممىسىنى ھېلىقى ئاشىقنىڭ يېنىدا قولىنى تەڭلەپ تۇرغان يەنە بىر مەجرۇھ سائىلغا بەردىم. . .

مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەچلىك تامىقىمنى يەپ، بىر ەر قۇر تېلېۋىزور كۆرۈپ بولۇپ كېيىن، كۈندىلىك خاتىرەمنى يېزىشقا باشلىدىم. خاتىرەمنىڭ سەھىپىلىرىگە يۇقىرىقى ۋەقەنى خاتىرىلەپ قويدۇم. . .

ئەپلاتون: «كېسەل بەدەن قىيىنچىلىقلارغا چىدامسىز، سەمەرىلىك ئىشلارنى بېجىرىشكە قابىلىيەتسىز بولغىنىدەك، كېسەل روھمۇ ئەڭ يۇكسەك ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ پەرقىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ ۋە تاللاپ ئالالمايدۇ» دېگەنىدى. شۇنداق، قاششاقلىق تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، ئادەملەر جىن ـ شەيتانغا ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈشمەيدىغان بىپەرۋا ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىشىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن يولىغا كىرىپ قېلىپ، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قېلىشقان ئادەمسىياق ئوبرازلار جىسمسىز جىن ـ شەيتانلارغا ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىدۇ!

*　　　*　　　*

ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان بۇ سىرلىق دۇنيا ئۆزىدە نېمە بولسا شۇنى ئايان قىلىدۇ. ئۇنى كۆزەتكەن ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ كۆزىتىلىدىغان نەرسە بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن! مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دۇنيادا شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر بار ئىكەنكى (ئەگەر ئۇلار روھ دېيىلمەي ئادەم دېيىلىدىغان بولسا)، ئۇلار خىيال دۇنياسىدا ئۇزۇپ يۈرۈپ، ھەقىقەتنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە يېتەلەيدۇ ۋە ئېگىزدە تۇرۇپ ھەيران قالارلىق مەنزىرىلەرنى كۆرەلەيدۇ. شۇڭا، تەپەككۇر قىلالايدىغان، يىغلىيالايدىغان ھەم كۈلەلەيدىغان

مىللەتتىن ئۈمىد كۈتۈش كېرەك. چۈنكى، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلالايدىغان مىللەتنى يېڭىش قىيىن. ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە قايغۇرۇپ يىغلىيالايدىغان مىللەتلا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە بۇنداق ھالەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپالايدۇ. ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن تۆلىگەن مۇشەققەتلىك ئەجىر - تۆھپىلىرى، بەدەل - قۇربانلىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ ياش تۆكەلەيدۇ ھەمدە قولغا كەلتۈرگەن بەخت - سائادەتلىرى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كۈلەلەيدۇ!

تەپەككۇر — ئىنساننىڭ ئەقىل - ئىدراك پائالىيىتى. شۇڭا، ئىنسان بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ تەپەككۇرسىز ئۆتكۈزمەسلىكى لازىم. بىراق، ئىنسان ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ئورنىغا خام خىيالنى دەسسەتسە، زەھەر بىلەن غىزانى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئىنسانلار ئەزەلدىن تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا خەۋپ - خەتەردىن قورقماي تەھلىل قىلىپ كېلىشتى. بەلكى، زور دەلىللەر ھېسابىغا ئۆزلىرى بىلمەكچى بولۇشقان ئاجايىبات - غارايىباتلارنىڭ سىر — ئەسرارلىرىغا يېتىشمەكچى بولۇشتى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئاجايىپ بىر خىل تەسىر قىلىش رولى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز تەپەككۇرلىرى ئارقىلىق ئالەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرالىدى!

*　　　*　　　*

1967 - يىلى 8 - ئايدا، مەن سابىق قەشقەر شەھەرلىك خەلق قورallıق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كاپىتان ئوسمانوپ ئاكا بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەشقەر نەزەرباغ يېزىسىدا بىر ئايدەك تۇرۇپ قالدىم. مۇشۇ مەزگىلدە،

ھەزرەتتە ئاپاق خوجا مازىرىغا قارايدىغان ھەسەن شەيخ دېگەن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم (ئاڭلىسام، ھەسەن شەيخ ھازىر دەم ئېلىشتا ئىكەن). ئۇ ماڭا ئاپاق خوجا ھەققىدە نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا گەرچە مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە تولۇق ئىشىنىپ كەتمىگەن بولساممۇ ئەمما مەندە ئاپاق خوجىغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەن مۇشۇ خىيالىمنى ۋەسۋەسچىلىكىدە، ئاپاق خوجىنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىرىمنى مەقسەتلىك ھالدا خاتىرىلەپ ماڭدىم ۋە ئاپاق خوجىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ماتېرىياللارنىمۇ يىغىپ ماڭدىم.

1979 ـ يىلى كۈزدە، مەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە يۆتكەلدىم. بۇ مەزگىلدە قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىلىملىك زاتلار بىلەن، مەسىلەن، مەرھۇم قاسىم قارى ھاجىم، مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم (ھازىر بۇ زات قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىدىن دەم ئېلىشقا چىققتى) قاتارلىق ئەللا مەلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. سابىق باشلىقىم، مەرھۇم ۋالىي ئەيسا شاكىر جانابلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىر مەزگىل مەرھۇم ئەللامە ئىمىر ھەسەن قازى ھاجىم جانابلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئاپاق خوجا ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋالدىم.

1981 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن خەنزۇچە ـ مانجۇچە ئارخىپلاردىكى شىنجاڭ ھەققىدە يېزىلغان مەلۇماتلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە مەتبۇئاتتا ئاشكارا ئېلان قىلىنغان ۋە ئېلان قىلىنمىغان ھەر خىل قولىيازمىلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر

بولدۇم. مەسىلەن، «تەزكىرەئى ئەزىزان» («تەزكىرەئى خوجىگان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر)، «تارىخى كاشغەر»، («جاھاننامە»)، «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»[1] (يەنى «تارىخى رەشىدى. زەيلى») ۋە «تەزكىرەئى ھىدايىتۇللا»، «بۇرقۇم ئەۋلىيا»، «تەزكىرەئى ئافاق»، «تەزكىرەئى پىرياران»، «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»، «تەربىيەتنامە»، «ھىدايەتنامە»، «تارىخى نادىرىيە»، «رىسالە تەۋەرۇكات» («تەزكىرەئى پىرياران» نىڭ بىر قىسمى) قاتارلىق قوليازمىلاردا قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ، ئاپاق خوجا ھەققىدە ناھايىتى مول بىرىنچى قول ماتېرىياللار يېزىپ قالدۇرۇلغان!

تۇرغاق خوجىلار ۋەقەسى — چىڭ خاندانلىقىنىڭ كاڭشى، يۇڭجېڭ ۋە چەنلۇڭ خانلىرى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بىر قاتار زور تارىخي ھادىسىلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

بۇ كىتابتا، مەن ئۇلارنىڭ ئىلىبالىقتا تۇرغاقلىقتا تۇرغان مەزگىلىدىكى ھەر خىل پىسخىك روھىي ھالەتلىرى، مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭنى تەسەررۇپ قىلىشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، جۇڭغار ـ ئامۇر سەنا توپىلىڭى، خوجا جاھان ـ خوجا باھاۋىددىنلارنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش سۇيىقەستلىرى، مانجۇ ئىستىبدادىتىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن مەشھۇر ئۇچتۇرپان جىگدە يېغىلىقى، ئىسپارخان ۋەقەسى ۋە جاھانگىر خوجا يېغىلىقى قاتارلىقلارنى مۇپەسسەل بايان قىلىشقا تىرىشتىم. شىنجاڭنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يورۇتۇپ بەردىم؛ شۇنداقلا، ئېلىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان زور كۆلەملىك

[1] بۇ كىتابلار قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

بىرلىككە كېلىشىنى ۋە كۈچىيىشىنى تەسۋىرلىدىم؛ يەرلىك فېئودال خوجىلارنىڭ يېغا ـ غەلىيان كۆتۈرۈشى ئارقىسىدا كەڭ مېھنەتكەش خەلقنىڭ تۈرلۈك مۇدھىش قارا قىسمەتلەرگە دۇچار قىلىنغانلىقىنى بايان قىلدىم؛ مانجۇ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلىشقا تىرىشتىم؛ زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان كەڭ جاپاكەش پۇقرالارغا ھېسداشلىق بىلدۈردۈم.

مەن تۈرغاق خوجىلار ۋەقەسىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنى نوقۇل ھادىسىلەر تىزمىسى قىلىپ تەسۋىرلەپ قويۇشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش ئۈچۈن، مول تارىخىي پاكىتلارنى ۋە ھەر خىل بەدىئىي تەسۋىرلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە شۇ زامان، شۇ ماكاننىڭ بىر قەدەر كەڭ كارتىنىسىنى سىزىپ كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنى، ھەربىي سەركەردىلەرنى، ئاددىي پۇقرالارنى، فېئودال خوجىلارنى ۋە مۇشتۇمزور ـ زومىگەرلەرنى بىر قەدەر رېئال بايان قىلىش ئارقىلىق، Ⅷ ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى بىر قەدەر يىغىنچاق ھالغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندۇم.

* * *

مەن تۇرمۇش مۇشەققىتىنىڭ ئاسارىتىدە ئاران تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 ـ يىللىقىنىلا ئوقۇيالىدىم. بىلىم سەۋىيەمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ـ مەيدىسىگە پروفېسسورلۇق ئىزنىكىنى تاقىۋېلىپ گىدىيىپ يۈرۈشكەن بەزى دوستلىرۇمغا قارىغاندا، خېلىلا تۆۋەن ئىدى. بىراق، مەن ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ شۇنى چۈشەندىمكى، باشلىنىش نۇقتىسى ھەر قانچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما، بىر ئورۇندا تۇرىۋېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىمىسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ تۇرمۇش

دەپتىرى يەنىلا ئاق پېتى تۇرىۋېرىدۇ؛ گەرچە باشلىنىش نۇقتىسى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەگەر تىرىشسىلا، تۇرمۇشنىڭ تاغ ـ داۋانلىرىدىن ئېشىپ ھاياتنىڭ سەپەر ئاسمىنىدا قانات قېقىپ، جەۋلان قىلىپ، چوڭ ـ چوڭ نەتىجىلەرنى، ھەتتا باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئەلنىڭ تارازىسى ھەقىقەت، ئەلنىڭ باھاسى ئادالەت، ئەلنىڭ ئەقلى ئەل بىلەن! مېنىڭ تۈنجى ئەسىرىم — «بەدۆلەت» ناملىق ئۈچ توملۇق تارىخىي قىسسەم نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، خەلقىم مېنىڭ بۇ ئازغىنە ئەرزىمەس ئەمگىكىمگە خېلى يۇقىرى باھا بەردى.

قايسى بىر ئەدىبنىڭ: «... ئازراقمۇ مېۋە بەرمەيدىغان دەرەخ — مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەڭ ناچارلىرىدىندۇر؛ ئېھتىياجلىرىدا بېخىل، باشقىلارغا ئازراقمۇ پايدا بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە، باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان ئادەملەر ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ لاياقەتسىز، ئەڭ ئىستېداتسىزلىرىدىندۇر! مۇبادا، بۇنداق ئىستېداتسىز ھەسەتخورلار يۇقىرىدا بولسا، ئىستېداتلىق ئىگىلىرىنىڭ يولىنى توسىۋالىدۇ. ئىستېدات ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقلىرىنىڭ خىرە سايىسى ئاستىغا كۆمۈپ تاشلاپ، بىھۇدە زايا قىلىۋېتىدۇ! پۈتۈن خەلقنى ئەقىل ـ پاراسەت مېۋىلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. دېمەك، ھەسەتخورلار خىلمۇ خىل بولىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، تالانت ئىگىلىرىنى باسىدىغان ھەسەتخور دۇنيادىكى ھەسەتخورلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر؛ شۇنداقلا، تالانت ئىگىلىرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ يۈكسەك پەللىگە چىقىشى ئۈچۈن ئۆز يەلكىسىنى شوتا قىلىپ بەرگۈچىلەر دۇنيادىكى ساخاۋەتچىلەر ئىچىدە ئەڭ ئالىيجانابلىرىدىندۇر! ...» دېگەنلىكى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

مەن قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدىكى بۇ ئۈچ توملۇق تارىخىي

رومانىنى يېزىشقا كىرىشكەندە، ئورغۇنلىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتىم. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى قۇربان مامۇت ئەپەندى قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن مېنى تەمىنلىدى؛ خىزمەتدىشىم مۇھەممەت تۇردى مىرزا ئەھمەت ئەپەندى ئۆزى ساقلاۋاتقان، ئاپاق خوجا ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرە، تەرجىمىھال ماتېرىياللىرىنى سېخىيلىق بىلەن مېنىڭ پايدىلىنىشىمغا بېرىپ تۇردى. تۇرسۇن بارات ئەپەندى مېنى بەزى يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىدى. خىزمەتدىشىم جىلىل مۇھەممەت ئەپەندى بۇ ئۈچ توملۇق ئەسىرىمنى ئەدەبىي جەھەتتىن ئەستايىدىل تۈزىتىپ، تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلىدى. مەن بۇ يەردە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مېنى مەنىۋى، ماددىي جەھەتتە قوللىغان، نام ـ شەرىپى ئاتالغان ۋە ئاتالمىغان بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن!

1998 ـ يىل 7 ـ ئاي ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە تۇرغاق خوجىلار ............................ 1
بىرىنچى باب چولمىدىن قاچقان بېلىق ............ 32
ئىككىنچى باب نورۇزدا چاققان چايان............ 58
ئۈچىنچى باب ئەنسىز جۇڭغارىيە.................. 89
تۆتىنچى باب سېتىۋالدى مەنسەپدارلار ............ 125
بەشىنچى باب ئامۇرسەنا.............................. 155
ئالتىنچى باب قانغا بويالغان زەرەپشان ............ 187
يەتتىنچى باب ئۈچقۇندىن چىققان يانغىن ......... 213
سەككىزىنچى باب قۇرمادىكى جەڭ ............... 237
توققۇزىنچى باب بەدەخشان تۇتقۇنلىرى ............ 267
ئونىنچى باب ۋۇمىېن قوۋۇقىدىكى زەپەر
مۇراسىمى ................................................ 311
ئون بىرىنچى باب خان تەزىمى..................... 350
ئون ئىككىنچى باب «ئامبال خوجام سورايدۇ
سېپىل سوقغانلار نەلىك؟» .......................... 384
ئون ئۈچىنچى باب «ئىلاھىم بەندىلەرنى مۇڭغا
سالدى، كۆچۈردى جىگدىلەرنى تۇڭغا سالدى»............ 437
ئون تۆتىنچى باب ئۈچتۇرپاندا قوزغىلاڭ ......... 487
ئون بەشىنچى باب «يەتتە قىزلىرىم» ............ 533
ئون ئالتىنچى باب قانلىق ئىزلار ................. 561
ئون يەتتىنچى باب ئىدىل دەرياسى بويىدىن
قايتىش ................................................. 587
خاتىمە پەيمانى تولغان خوجىلار ............... 628

مۇقەددىمە

# تۇرغاق خوجىلار

«ئىككى كىشى مەملىكەت بىلەن دىنىنىڭ
دۈشمىنى: بىرى، زالىم پادىشاھ، يەنە بىرى
بىلىمسىز ئىشان.»

— شەيخ سەئىدى

مىلادى 1735 ـ يىلى (توشقان يىلى)، رامزاننىڭ يىگىرمە يەتتىنسى، قەدرى كېچىسى.

ئاقسارايدىكى قۇتبىخانىدا چىراغ ئارانلا پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى، مېيى تۈگەپ قالغان چىراغ ئۆچەي دەپ قالغان ئاخىرقى نۇرلىرىنى خانە ئىچىگە غۇۋۋا سەپمەكتە ئىدى. بۇ گۇنسىز نۇر ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىشقا ئوخشايتتى. سۇپىدىكى تۆشەك ئۈستىدە يەتمىش ياشلاردىكى بىر كېسەلچان، زەئىپ بوۋاي بىرنېمىلەرنى دەپ ياتاتتى. بوۋاينىڭ باش تەرىپىدە قولىغا دۇۋەت تۇتقان بىر مۇلازىم ئولتۇراتتى، قولىغا قەلەم ئالغان يەنە بىر مۇلازىم ھېلىقى بوۋاينىڭ دەۋاتقانلىرىنى قومۇش قەلىمى بىلەن شىرتىلدىتىپ پاتلىق خوتەن قەغىزىگە يازماقتا ئىدى. بوۋاينىڭ بەدىنىدە گۆش دېگەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، قۇرۇپ قالغان قورايدەك ئورۇق ئىدى. بوۋاينىڭ يۈزلىرى

تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئۇچىدەك ئاقارغان ساقاللىرى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر جۇپ چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىلا ئۇنى ئالاھىدە روھلۇق قىلىپ كۆرسىتەتتى.
تۆشەك ئۇستىدە ياتقان بۇ كېسەل بوۋاي ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان يەكەن خانى دانىيال خوجا ئىدى. ئۇ مىرزىسىغا ئۆزىنىڭ ئېرەن قابۇرغىدا تۇرغاقلىقتا تۇرۇۋاتقان ئوغۇللىرىغا قالدۇرۇلىدىغان ۋەسىيىتىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى:
«. . . ئى جىگەر پارە پەرزەنتلىرىم، ئەلەلخۇسۇس سىزنى جەد ـ بۇزرۇكۋارىمغا تاپشۇردۇم، بۇ نارەسىدە قېرىنداشلىرىڭىز تەربىيەتىدىن ئىسھال كۆرگۈزمەڭ. بىقەدەرى ئىمكان خۇدايى تائالانىڭ تائىتىدىن ۋە ئىبادىتىدىن خالىي بولماڭ ۋە شەرئىيەت ھۆكۈملەردىن يۈز ئۆرۈمەڭ. خەلقنىڭ سورىغىدىن تەقسىر قىلماڭ. بىدئەت زالالەتتىن ۋە خىلاف شەرئىدىن ئىتراز ئەيلەيھى ۋەسسەللەمدىن ئىلىم ئەمەل مىراسدۇركىم: دۇنيا باقى قالغان ئەمەس، مەن بۇ كافىرلارغا ئىنقىيار فەرمەنبەردارلىقتىن ئۆزگە چارە تاپالمادىم ۋە تىغنى بىدەرىخ سۇرەلمەدىم. ناچار بۇ ئاززۇ ـ ئارمان بىرلە سەفىرى ئاخىرەت قىلادۇرمەن. ئەمما، سىزلەرنى بۇ ئارزۇغا يەتكۈزمەي، شايەدكى ھەزرەت كەررىم كارساز ئۆل لوتفى كەرىمىن سىزلەرنىڭ ھەققىڭىزلەردە ئىزھار قىلغاي، غەنىمەت ۋاقىتلارنى بۇ دۇشمەن قەۋمىنىڭ تەفرىقلىق ھالىتى سىزلەرگە نېسىپ قىلغاي ۋە بۇ قارا يۈزىمىزنىڭ خىجالەت شەرمەندىلىكى زايىل بولغاي. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ، ئىسلام قىلىچىن بى ئىبا كافىرلارغا تارتقايسىزلەر، سەيىدزادەلىك ئابرۇيىن قولىدىن بەرمىگەيسىزلەر، تاڭلا روزى مەھشەردە خۇدا رەسۇل ئالدىدا خىجالەت بولمىغايسىزلەر. . .
گەپ ۋەسسەلەم. تارىخىي ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ بىر يۈز قىرىق سەككىزى ماھى رامىزاننىڭ يىگىرمە يەتتىسى ـ قەدرى كېچىسى

بېرىلدى.»[①]

تۆشەك ئۈستىدە كېسەلدىن ئىڭراپ ياتقان دانىيال خوجا ئۆزىنىڭ مىرزىسىغا ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى قايتا بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزدەك سىقىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان قۇيۇلۇپ، ئىككى قولىقى ۋىڭىلداپ كەتتى. ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان مىرزىسىنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئەمما، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى: «ئېھتىمال ھېچ گەپ يوقتۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — بۇ بايامقى ھاياجانلىنىشتىن بولۇۋاتقان بىر خىل سېزىم بولسا كېرەك.» ئۇ: «ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن، ئۈمۈرۋايەت ئارزۇ قىلىپ، ئاخىر ئامالسىز جۇڭغارلارنىڭ نەيزىسىگە مىنىپ چىققان بۇ يەكەن سەلتەنەتىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن... ئېرەن قابۇرغىدا جۇڭغارلار قولىدا تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ پەرزەنتلىرىمنى مەڭگۈ كۆرەلمەسمەن... ئۇلار مۇبادا، بۇ دىيارغا ئۆتۈپ قارىسا، مەن ئاللىقاچان زەي لەھەت ئىچىدە كۆزلىرىمگە توپا تىقىلغان ھالدا قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ، چىرىپ ياتۇرمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ مۇزلاپ، تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئېغىر رېئاللىق ئىدى. ياق، ئۇ ئۆلمەسلىكى لازىم، ئاشۇ جۇڭغارلارنىڭ قولىدا تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان يۈرەك پارىلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بولسىمۇ تىرىك قېلىپ، تەخت سەلتەنەتتە داۋاملىق ئولتۇرۇپ، دەۋران سۈرمىكى لازىم. قۇرۇۋسۇن ئاشۇ جۇڭغار خوجىلىرى! ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مەڭگۈ بۇ مەملىكەتنىڭ ھەقىقىي تەخت ساھىبى بولۇشىنى تولىمۇ خالايدۇ! ئۇ ئاتا مىراس يەكەن سەلتەنەتىدە ئاتلىق بولۇپ دەۋران سۈرگەن

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 80 ـ، 81 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

ئاشۇ شانۇ شەۋكەتتىن ئاشۇنچىۋالا ئۇزاق مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىنى ئاشۇ نەپرەتلىك داستانلاردىن كۆرەتتى. شۇڭا، داستانلارغا قارشى جۇڭغارلاردىن مەدەت تىلىگەنىدى. ئەلھال، مانا ئەمدى ئۆلۈم ھەلقۇمىدا ياتقان ئۇ نېمىشقىدۇر ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن پۇشايمان قىلىپ ۋەھىم يېيىشكە باشلىدى. قىسقىسى، كىشىلەر ئۇنىڭ كىملەرگە نېمە ئۈچۈن دوست، يەنە كىملەرگە نېمە ئۈچۈن دۈشمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەرمۇ؟ بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەنمەي كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ سىر — ئۆزىنىڭ سەككىز ئۇچىماققا ئوخشايدىغان گۈزەل دىيار — مۇلكىي قەشقەرىيەنى داستانلار قولىدىن سويۇپ ئېلىپ، يەنە تاجاۋۇزچى جۇڭغارلارغا سېتىش ئىدى! بۇ دىيار — ئۇنىڭ ۋەتەنداشلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ياشاپ، ئاۋۇپ، ئېچىپ، گۈللەندۈرۈپ كېلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ مەخدۇم ئەزەمدەك ۋەتەنسىز ئاتا - بوۋىلىرىغا ئۆز قوينىدىن ئىسسىق ماكان بەرگەن دىيار ئىدى. بىراق، ئۇ مۇشۇلارنىڭمۇ يۈز - خاتىرىسىنى قىلماستىن، بۇ گۈزەل دىيارنى دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشىي باسقۇنچىلارغا — جۇڭغارلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. ياۋايىلارنىڭ ياۋايىسى بولغان جۇڭغار ئىستېلاچىلىرىنىڭ بۇ گۈزەل مەملىكەتنى دەپسەندە قىلىش ھېسابىغا ئاران قول - پۇتلىرى تېگىپ تاشلانغان بۆشۈكتىكى بوۋاقتەك جۇڭغارلارنىڭ چىرايىغا بېقىپ ئىش قىلىدىغان قورچاق خان بولالىدى! ئاخىر ئۇنىڭ جۇڭغارلاردىن ئالغىنى مۇكاپات بولماستىن، يەنىلا شەرمەندىلىك، رەسۋالىق بولدى. ئۇ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىگە، ئۆز ۋەتەنداشلىرىغا زەرەر كەلتۈرىدىغان تۈرلۈك ئىشلاردا جۇڭغارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئېغىز - بۇرۇن ياlاشتى. نىھايەت، ئىنسان قوۋمى ئارىسىدا ھەر خىل يامان ئادەملەر بولىدىغۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ مەلۇم بولغان مۇئەييەن بىر غەرەزنىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئۆزىدىنمۇ بەتتەر يامان ئىشلارنى قىلىشىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ

ئۆزىدىكى بۇ «مەلۇم» غەرەز كىمگە ئايان بولۇپتۇ؟ مەھشەر كۈنى رەببىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرەر؟!

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا قورۇنۇپ قالدى ۋە ئۆزىچە سۆزلەپ تىلغا كىردى:

— بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ بىلمىسەم، رەببىم، ساڭا نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۇ تورۇسقا قاراپ ياتقىنىچە، — مەن شۇنچىلىك كۆپ ناشايان ئىشلارنى قىلىپتىمەنكى، ئۇنى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بىلىشىدۇ. بىلمىگەنلەر بولسا، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشەلمەيدۇ. چۈنكى ئەقەللىيسى، بۇ گۇناھلىق ئىشلارنىڭ ئىگىسى بولغان مەن ئۆزۈممۇ ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان تۇرسام؟! مەن ئاۋۋال بىرەر يامان ئىش قىلىمەن، ئارقىدىنلا پۇشايمان يەيمەن — دە، تۈزىتىمەن دەپ، تېخىمۇ چوڭراقىغا قول ئۇرىمەن. يا رەببىم، ئۆزۈڭمۇ كۆرگەنسەن، مېنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىمنىڭ بارچىسى باشتىن - ئاياغ بىر - بىرىگە زەنجىردەك ئۇلانغان گۇناھ - پاسىقلىقلاردىن ئىبارەت! گۇناھى كىبىرگە پاتقان مىسكىندەك ئاسي بەندەڭنى مەھشەرگاھتا مەغپىرەت قىلغايسەن، يا رەببىل ئامىن!...

تۆشەك ئۈستىدە ياتقان دانىيال خوجىنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە — ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى خاتىرىلەۋاتقان مىرزىنىمۇ، قۇتبىخانىنىڭ تېمىنىمۇ تۇسۇۋالدى. پەقەت چىراغپايدىكى تۈتەپ ئاران يېنىۋاتقان جىنچىراغنىڭ پىلىلداپ ئۆچەي دەپ قالغان يورۇقىلا خۇددى كۆڭلى قارا زامانەنىڭ ئېھتىيات كۆزلىرىگە ئوخشاش ئۇنىڭ قەلبىگە — ئۇنىڭ شۇم نىيەت، رەزىللىك، پەسلىك، قۇلچىلىق تۇيغۇسى، پۇشايمان ۋە قەتئىي ئىرادە بىلەن تولغان ئاشۇ زىددىيەتلىك كۆڭلىگە زەھەرلىك نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— چىراغنى ئۆچۈرۈڭلار! — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازى بىلەن خىرقىراپ تۇرۇپ، مۇشۇ تاپتا سان - ساناقسىز چوغدەك يىڭنىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى، — ئى خوجىزادەم يەئقۇب خوجا، ئى ئەزىزلىرىم! ئى تەختىم، ئى بەختىم! . . .

قەدىمكى ئاستانە يەكەننىڭ كوچا - كوزەرلىرىدىكى ئەگۈنلەرنىڭ ئېغىر قاناتلىرى گۈركىرەپ چىقىۋاتقان كۈز شامىلىدا گاھ غىچىرلاپ خۇددى چىپىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلاردەك تاراقلىسا، گاھ توپ - زەمبىرەكلەردىن ئوت ئېچىلغاندەك گۈلدۈرلەپ يېپىلاتتى. ئەمما، تارىخى ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ بىر يۈز ئونىنچى يىلىدىن① تارتىپ يەكەن سەلتەنەتىنى جۇڭغارلارنىڭ قامچىسىنىڭ زورى بىلەن جوڭقۇرۇپ كېلىۋاتقان قورچاق خان — دانىيال خوجا ئەمدى ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتى. . .

*    *    *

بۇ مەزگىللەردە كەڭ ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر فېئودال خوجىلىرىنىڭ زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە دۇچار بولدى. ئۇيغۇر خەلقى دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم ۋە غايەت زور سىنىپىي زۇلۇم دەستىدىن مىسلىسىز كۈلپەتلىك قىسمەتلەرگە ئۇچرىدى. جۇڭغارلار ھەر قېتىم ئۇيغۇر ئۆلكىلىرىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، ئېتىز - ئېرىقلارنى، باغۇ بوستانلىقلارنى ۋەيران قىلىپ تاشلايتتى. ئاھالىنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلاتتى ۋە تۇتۇپ كېتىپ قۇل قىلىپ ساتاتتى. شۇ چاغلاردا تۇرپاندىكى يەمشى ئەتراپلىرىدا

① مىلادى 1698 - يىلى.

ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەشھۇر قۇل بازىرى مەيدانغا كەلگەنىدى[1]. جۇڭغارلارنىڭ شۇم قەدىمى يەتكەنلىكى يەرلەردە ئۆي ـ ماكان ۋەيران بولۇپ، ئادەملەر تۇزۇپ كېتەتتى.

قارا شەھەر يېرى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت قەدىمكى بىر ئۆلكە ئىدى. بۇ باي زېمىننى شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدىغان بىپايان يۇلتۇز دالاسى يېرى مۇنبەت، ئوت ـ چۆپلىرى بولۇق، سۇيى ئەلۋەك، جەننەتتەك ھاۋالىق بىر جاي ئىدى. يۇلتۇز يايلىقى ئەسلىدە «ئۇيغۇرلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ياشاپ، ئاۋۇپ كەلگەن، باغۇ بوستانلىق، كەڭرى، باياشات يۇرت»[2] بولۇپ، جۇڭغارلار بۇ يەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئېتىز ـ ئېرىقلارنى، باغۇ بوستانلىقلارنى ۋەيران قىلىپ تاشلاپ، يايلاققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇيغۇر خەلقى نائىلاج بۇ گۈزەل دىيارنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىپ، چۆللەردە زار يىغلاپ يۈرۈشكەنىدى.

لوپنۇردا ئەسلىدە ئىككى مىڭ نەچچە تۈتۈن ئاھالە بار بولۇپ، جۇڭغارلارنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، قاچىدىغىنى قېچىپ ئاران ئالتە يۈز تۈتۈن ئادەم قالغانىدى[3].

قۇمۇل ئەسلىدە ئون بەگلىك تۈتۈن ـ نوپۇسى بار، ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان چوڭ يۇرت ئىدى. كېيىن جۇڭغارلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا دەپسەندە قىلىنىپ ۋەيران بولغانلىقتىن، ئاھالە تۇزۇپ كېتىپ ئاران بەش بەگلىك ئاھالىسى بار كىچىك بىر يۇرتقا ئايلىنىپ قالدى[4].

جۇڭغارلار ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ چىنىكىدىن

---

① بۇ ھەقتە گائىن يازغان: «ئىمپېراتور پېتر مەزگىلىدىكى روسىيە بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋىتى» دېگەن كىتابنىڭ 133 ـ بېتىگە قارالسۇن.

② چۈنيۈەن چىشىيى: «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 3 ـ جىلد.

③ فېينىڭ: «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 3 ـ جىلد، «تۇرپان مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان».

④ چاڭ جۈن: «دۇنخۇاڭ تەسىراتلىرى»، 1 ـ جىلد.

چىقارماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنى خالىغىنىچە ئاق ئۆيلۈك قىلىپ، ئىسسىق ئۆي ـ ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلاتتى. مىلادى 1713 ـ يىلى، جۇڭغارلار ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى، قەشقەر خانى ئەھمەد خوجىنى ئېرەن قابۇرغىغا ئاق ئۆيلۈك قىلىپ سۈرگۈن قىلغاندا، قەشقەر، ئاقسۇ ئەتراپلىرىدىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىمۇ ئاق ئۆيلۈك قىلىپ ئېرەن قابۇرغىغا سۈرگۈن قىلغانىدى. جۇڭغارلار ئۇيغۇر ئاھالىسىنى خالىغانچە سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلارنى ئەسلىدىكى يەر ـ زېمىنلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەرگەنلىكتىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى. ئىشلەپچىقىرىش يوكسەلمىدى.

سېۋان ئارابدان ۋە غالدان سېرىن ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئۇيغۇر خەلقىگە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ ئۇنۇملۈك يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، «تۇرغاقلىق تۈزۈمى» نى يولغا قويدى.

تۇرغاقلىق تۈزۈمى مىلادى 1679 ـ يىلى جۇڭغار خانى غالدان بوشۇكتۇ خان تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان بىر تۈزۈم ئىدى. غالدان ئۆلگەندىن كېيىن ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئەھمەد خوجا جۇڭغارلارنىڭ خورلۇقىغا چىدىيالماستىن ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولماقچى بولغاندا، يېڭىدىن جۇڭغارىيە خانى بولغان سېۋان ئارابدان ئۇنىڭ مەقسىتىنى سېزىپ قېلىپ ئۇنى ئېرەن ـ قابۇرغىغا يالاپ ئېلىپ كەلدى — دە، زىندانغا تاشلاپ نەچچە ئون يىل نەزەربەندىلىكتە تۇتتى. كېيىن ئۇ زىنداندىن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ ئەمما ئىلبالىقتىن بىر قەدەممۇ يىراققا بارالمايتتى.

بۇ مەزگىللەردە قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارى دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى ياقۇپ خوجىمۇ ئۆزىنىڭ تۆت ئۇكىسى بىلەن بىللە ئېرەن قابۇرغىدا تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى.

«. . . قالماقلار ھەرقايسى خوجامىلارنىڭ بىردىن ئوغۇللىرىنى ئىلىدا بارىمتاي قىلىپ ساقلار ئىدى»[1].

«تۇرغاقلىق تۇزۇمى» — جۇڭغار خانى سېۋان ئارابدان بىلەن غالدان سېرىنلارنىڭ ئىستېلا قىلىۋېلىنغان ئۇلۇسلارنى ئۆزگە بەيئەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان بىر تۈرلۈك ھۆكۈمرانلىق سىياسىتى ئىدى. ئۇلار مۇشۇنداق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ بويسۇندۇرۇلغان ئۇلۇسلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئولپان ـ سېلىق ئېلىپ، قارشىلىقنى باستۇراتتى. بۇ سىياسەت تارىختا: «ئاقساقاللىرىنىڭ قولى بىلەن ئولپان سېلىق ئېلىش» دەپ ئاتالدى[2]. «خوجاملار ھەر يىلدا بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم تارتۇق ـ ھەدىيىلەرنى ئېلىپ چىقىپ قالماق تۆرىسىگە تەزىم ـ سالاملارنى قىلىپ كۆرۈنۈش بېرىپ، جاۋاب بولغاندا يېنىپ كېلىپ، ھەرقايسى ئۆز جاي ـ ماكانلىرىدا تۇراتتى.»[3]

جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان ئۇيغۇرلارنى ئىنتايىن دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە بۇلاپ ـ تالايتتى. ئۇلاردىن ھەر خىل ناملار بىلەن ئىنتايىن ئېغىر باج ـ سېلىقلار ئېلىپ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئېغىر ئەمگەككە سالاتتى. ئۇلاردىن «تارتۇق ـ ھەدىيىلەرنى ئالغاندا قەرەل ـ سۈرۈكىدىن بىر دەقىقىمۇ ئاشۇرۇۋەتمەي ئالاتتى. ئۆلگۈدەك ئىشقا سالاتتى.»[4] دېمەك، مەيلى مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئۇيغۇر خەلقى بولسۇن ياكى جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىلبالىققا ئاق ئۆيلۈك قىلىنغان يانچى ئۇيغۇرلار بولسۇن،

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 132 ـ بەت.
② گۇڭ سەي: «تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، 2 ـ جىلد.
③ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشرى، 132 ـ بەت.
④ فۇخۇەن: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىراتى»، 39 ـ جىلد: «ئۆرپ ـ ئادەتلەر».

ئۇلارنىڭ ھەممىسى جوڭغارلارنىڭ قولىدىكى مەھكۇم قۇللارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بىر تۈرلۈك چېكىنىش ۋە ئەكسىيەتچىلىك ئىدى.

جوڭغارلار مۇلكىي قەشقەرىيىدىن باج - سېلىق يىغىشقا «دەمچى» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس دورغىلارنى مەسئۇل قىلغانىدى. ئۇلار جوڭغارلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلەرگە ئەۋەتكەن قاراخانىلىرى ۋە قورچاق خوجىلار ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاھالىسىنى جان سانى بويىچە تۈتۈن - سېلىق دەپتىرىگە ئولتۇرغۇزۇپ چىقاتتى.

جوڭغارلار مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ھەرقايسى چوڭ - كىچىك شەھەرلەردە ئون بەش قاراخان تۇرغۇزغانىدى. بۇ قاراخانلار ئۇيغۇرلاردىن ئولپان - سېلىق يىغىشقا ۋە ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. جوڭغارلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىدىن ئالىدىغان باج - سېلىقلىرى: جان سېلىقى، يەر بېجى، كۆك سېلىقى، سودا - سېتىق، تاپاۋەت بېجى، تۇياق بېجى ۋە باشقا باجلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. جوڭغارلار يەنە قەرەللىك ۋە قەرەلسىز يوسۇندا ئاھالىدىن ئالتۇن - كۈمۈش، ئېرىغ مال بېجى، ئۇلاق سېلىقى، گۈمرۈك - ئۆتكەل بېجى ۋەھاكازالارغا ئوخشاش باج - سېلىقلارنى يىغىدىن قوشۇپ ئېلىۋېرەتتى. ھەر خىل باج - سېلىقلارنىڭ مىقدارى قاراخانلارنىڭ مۇددىئاسى بويىچە بەلگىلىنەتتى. بۇنداق ئىتنىڭ قورتىدەك كۆپ باج - سېلىقلارنىڭ دەستىدىن ئۇيغۇر خەلقى قاڭغىر - قاقشاپ قان يىغلايتتى[1].

غالدان سېرىن تەختتىكى چاغلاردا جوڭغارلار قەشقەر مۇزاپىتىدىنلا يىلىغا 67 مىڭ سەر تەڭگە ئولپان - سېلىق يىغىۋالاتتى. ئىجارىكەش ئۇيغۇرلار ھەر يىلى جوڭغارلارغا 40

① سۈئېرىدى: «مۇسۇلمانلار دىيارىنىڭ تەزكىرىسى»، 4 - جىلد، «ئالۋان - ياساقلار».

مىڭ 898 پاتمان (بىر پاتمان تۆت تاغار بەش كۈرە ئىدى) ئاشلىق، 1463 چارەك (كونا جىڭ ھېسابىدا بىر چارەك ئون ئالتە جىڭغا تەڭ ئىدى) پاختا، 365 چارەك زاراڭزا چېچىكى تاپشۇراتتى. بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 21 مىڭ سەر تەڭگىگە تەڭ كېلەتتى. سودىگەر، چارۋىچىلار يىلىغا 20 مىڭ سەر تەڭگە باج - سېلىق تاپشۇراتتى. ترانزىت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ جۇڭغارلارغا ئۆشرە - زاكات تاپشۇراتتى[1].

يەكەن مۇزاپىتىدىكى 72 شەھەر - كەنت 30 مىڭ تۈتۈن، 150 مىڭ ئائىلە ھەر يىلى جۇڭغارلارغا 150 مىڭ سەر تەڭگە باج - سېراق تۆلەيتتى. ئۇلار 261 پاتمان گۈرۈچ، 5839 پاتمان كۆممىقوناق، 1715 چارەك پاختا، 428 چارەك زاراڭزا چېچىكىنى ئولپان - سېلىق ھېسابىدا جۇڭغارلارغا تاپشۇراتتى. ھەر خىل ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەن - كاسىپلارمۇ ھەر يىلى جۇڭغارلارغا 50 مىڭ 780 سەر تەڭگە ھېسابىدا باج - سېلىق تاپشۇراتتى. شەھەر - قىشلاقلاردىن ئېلىنىدىغان مەي - شاراب بېجى، باغ - ۋاران بېجى، تۈگمەن - يارغۇنچاق بېجى، ئالتۇن - كۈمۈش، ئېرىغ مال بېجى جەمئىي 17 مىڭ 900 سەر تەڭگىدىن ئاشاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭغارلار ئۇيغۇر خەلقىدىن ئالتۇن سېلىقى، سودا - گۈمرۈك بېجى، تاۋار - تورقا بېجى، تۇياق بېجى قاتارلىق ئون نەچچە خىل پەسىل خاراكتېرلىك قوشۇمچە باج - سېلىقلارنى ئالغانىدى[2].

جۇڭغارلار يەنە مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ باي ئۆلكىلىرى ھېسابلانغان ئاقسۇدىن خام سېلىقى، كۇچادىن مىس سېلىقى، يەكەن، قەشقەر، خوتەن ۋە كېرىيە قاتارلىق جايلاردىن پاختا ۋە

---

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 593 - جىلد، 13 - بەت.

② «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 77 - جىلد، 4 - بەت. چەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى جاۋخۇينىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتىغا قارالسۇن.

ئالتۇن سىلىقى ھېسابىدا يىلىغا 7000 سەر ئالتۇن سىلىق ئالاتتى[1].

جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مۇلكىي قەشقەرىيدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن مانا مۇشۇنداق ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن بۇ ئەلنى ئۆزلىرىگە تەييار يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقىنى قۇل قىلىۋېلىپ، ئۇلار ئۈستىدىن دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزۈپ، بۇ ئەلنىڭ ئىقتىسادىغا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئېغىر ئالۋان - ياساقلارغا چىدىيالمىغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆي - ماكانلىرىنى، يەر - زېمىنلىرىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە چىقىپ كېتىشتى. نەتىجىدە، بۇ ئەلنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا «ئاھالە ئۆلۈپ تۈگىگەن، يەرلەر چۆللىشىپ كەتكەنىدى.»[2]

نەدە زۇلۇم بولسا، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. مىلادى 1723 - يىلىغا كەلگەندە، مۇلكىي قەشقەرىيەنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى. كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ مەزگىلدە قوزۇقتىن چىققان خاقانىي چىن قوشۇنلىرى جۇڭغارىيىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، قۇمۇل، مورى، گۈچۈڭ، جىمسار ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. سېۋان ئارابدانىڭ قوشۇنلىرى بىلەن خاقانىي چىننىڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. سېۋان ئارابدان بۇ ئۇرۇشنىڭ ماددىي مەئىشىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇلكىي قەشقەرىيەنى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىش مەقسىتىدە

[1] ساكۇچى تورۇ (ياپونىيە): «رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا»، 138 - بەت.
[2] چۇنيۇەن چىشىيى: «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 2 - جىلد.

جوڭغارلارنىڭ ئادەتلەنگەن كونا ۋاستىسىنى يېڭىۋاشتىن ئىشقا سېلىپ، مىلادى 1716 ـ يىلىدىن بۇيان ئىلبالىقتا نەزەربەندتە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان دانىيال خوجىنى گۆرۈدىكى «خان» لىقتىن چىقىرىپ، مۇلكىي قەشقەرىيگە «خان» قىلىپ ئەۋەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا (خوجا جاھان ئەرشى) بىلەن ئىككىنچى ئوغلى ئايۇپ خوجا، ئۈچىنچى ئوغلى يۇسۇپ خوجا، تۆتىنچى ئوغلى نىزامىددىن خوجا (خامۇش خوجا) ۋە كەنجى ئوغلى ئابدۇللا خوجىنى ئىرەن قابۇرغىدىكى قالماق تۆرىسى، ئىككىنچى دەرىجىلىك بەيسى داندىر زالىڭنىڭ قەبىلىسىدە «تۇرغاق» لىقتا تۇتۇپ قالدى...

*　　　*　　　*

باھارنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرى بۇك ـ باراقسان ئورماننىڭ نېرىقى تەرىپىدە پارلاپ تۇراتتى. قۇياش نۇرىدا ئاق قېيىنلارنىڭ ئەمدىلەتىن بىخ سۈرگەن نوتىلىرى پارقىراپ تۇراتتى. بۇ ئاق قېيىنلارنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان نازۇك شاخلىرى بىخ سۈرگەن نوتىلىرى بىلەن ياشىرىپ كۆكەرگەنىدى. ھەيۋەتلىك ئىرەن ـ قابۇرغا تاغلىرىنىڭ باغرىغا جايلاشقان قالماق كۆرە جىلغىسىدا كولتۇك قارلار تېخى ئېرىپ بولالمىغانىدى. تاغ قۇشقاچلىرى دەم ئۇياققا، دەم بۇياققا ئۇچۇشۇپ، ئاق قېيىنلارنىڭ شاخلىرىغا قونۇشۇۋېلىپ چۇچۇك چىكىلدىشاتتى.

قۇياش ئىللىتقان باھار پەسلىدە بارلىق مەۋجۇدات قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان بولۇپ، لاي تويپىلارنىڭ بوشىشى ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى بىلەن بولتۇرقى يوپۇرماقلاردىن چىقىۋاتقان «چىرىس، چىرىس» قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلىغىلى بولاتتى.

تاغ باغرىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان قالماق كۆرە ئېقىنى بويلاپ

قاتار كىگىز ئۆيلەر ـ جولىلار تىكىلگەنىدى. بۇ ئوتاۋ جۇڭغار تۆرىسى داندىر زالىڭ دېگەننىڭ قوۋمىنىڭ ئوتاۋسى ئىدى. بىر دۆڭلۈكنىڭ ئېتىكىدە چۆپلۈكنىڭ ئىچىدىن شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتاتتى. ئەگرى ـ بۈگرى ئېرىقنىڭ بويىدىكى كىگىز ئۆيلەردە دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا بىلەن ئۇنىڭ باللىرى ۋە ئىنىلىرى تۇراتتى.

قالماق كۇرە يايلىقىدا يىلقىلار ئۈيۈر ـ ئۈيۈرى بىلەن ئوتلاپ يۈرۈشەتتى. ياقۇپ خوجىنىڭ كىگىز ئۆيىنىڭ سەل نېرىسىدا بىر ئۈيۈر يىلقا ئېرىقتىن سۇ ئىچىشىۋاتاتتى. بۇ يىلقىنىڭ ئارىسىدا باشقا يىلقىلاردىن شاش بىر چىلانتورۇق ئايغىر — يېشى بەشلەردە بولسا كېرەك — بىر ئورنىدا زادىلا جىم تۇرماي، بىردەم ئۇ ئايغىرغا، بىردەم بۇ ئايغىرغا چېقىلىپ ئويناقشىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ سۆڭەك قۇرۇلۇشىمۇ باشقا ئاتلاردىن گەۋدىلىك بولۇپ، تۆشى تولغان ۋە كەڭ ئىدى.

بۈگۈن قەمەرىيە تۆتىنچى ئاينىڭ ـ 10 — كۈنى ـ جۇڭغارلارنىڭ ئات قىرقىش بايرىمى ئىدى. جۇڭغارلارنىڭ ئات قىرقىش بايرىمى هەر يىلى يايلاقنى قۇياش ئىللىتقان باهار پەسلىنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ مەۋسۇم يىلىنىڭ قارا قىش چىقىپ كەتكەن، هاۋا ـ جاهان ئىللىغان، يەر ـ زېمىن ئەكچىگەن، دەل ـ دەرەخ كۆكەرگەن، ئوت ـ چۆپ ياشارغان مەزگىلى ئىدى. جۇڭغارلار مۇشۇ ئات قىرقىش بايرىمىدا ئايغىر ئاتلارنى ئاختا قىلاتتى. چۈنكى، مۇشۇ مەزگىلدە ئايغىرنى پىچقاندا، يارا ئېغىزى ئوڭاي پۈتۈپ كېتەتتى، يىرىڭدىمايتتى. هەر يىلى مۇشۇ چاغدا جۇڭغارلار يىلقىلىرىنى ئۈيۈر ـ ئۈيۈرلىرى بىلەن قالماق كۇرە يايلىقىغا هەيدەپ كېلىشەتتى — دە، تۆت ـ بەش تۈتۈن جۇڭغار بىر كۆمەك بولۇپ يىلقىلىرىنى بىر ئۈيۈر قىلىپ بىر يەرگە يىغاتتى. ئات قىرقىشقا ۋە ئايغىر ئاتلارنى پىچىشقا جۇڭغارلانىڭ قېرى ـ ياشلىرىنىڭ

ھەممىسى قاتنىشاتتى. ئۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن قىرقىلىدىغان ياكى پىچىلىدىغان يىلقىنى سالما ياكى ئۇزۇن قورۇق بىلەن تۇتاتتى. ئۇزۇن قورۇق دېگىنى ئۇچىغا ھالقا ئارقان بېكىتىلگەن ئۇزۇن بىر تال ئىنچىكە ياغاچ بولۇپ، ئاتنى تۇتقاندا يىلقىچى ئۇزۇن قورۇقنىڭ ئۇچىدىكى ھالقىنى ئاتنىڭ بوينىغا كىيدۈرۈۋالاتتى. يىلقا تۇتۇشقا جۇڭغارلارنىڭ تەجرىبىلىك قېرىلىرى باشچىلىق قىلاتتى.

بۈگۈن ئات تۇتۇشقا قالماق تۆرىسى داندىر زالىڭنىڭ ياقۇپ خوجىلارنى نازارەت قىلىدىغان شاگجە دېگەن بىر قېرى چاكىرى باشچىلىق قىلدى. ئۇ، قوللىرىدا ئۇزۇن قورۇق ۋە قىل ئارقاندىن ياسالغان سالمىلارنى تۇتقان بىر توپ ياش جۇڭغارلارغا ھېلىقى چىلانتورۇق ئايغىرىنى كۆرسەتتى.

— كۆك تېنگىر، ئۇنى قورۇق بىلەن ياكى سالما تاشلاپ تۇتۇشنىڭ ئۆزى بىر گەپ، يېنىغا ئادەمنى قەتئىي يېقىن كەلتۈرمەيدۇ، — دېيىشتى يىلقىچىلار، — ئۇ ئادەتتىكى يىلقا ئەمەس.

— ئۇ چىڭگىزنىڭ سولدىسى![1] — دېيىشتى بەزىلەر، — قاناتلىق دۇلدۇلنىڭ ئۆزى. ئۇ تۇغۇلغىنىدىن بۇيان ئاغزى يۇگەن، ئۇچىسى قامچا كۆرمىگەن! بۇ ئاساۋ ئاتنى تۇتۇش شۇنچە ئاسان دەپ ئويلامسىلەر؟ ئادەم يېنىغا بارسا چاپچىپ چىشلەيدۇ. قامچا دېگەن ئۇنىڭغا زادى كار قىلمايدۇ!

شاگجە دېگەن قېرى جۇڭغار ئالىقىنىنى كۆزىگە تۇتۇپ تۇرۇپ كۇنگە بىر ھازاغىچە قاراپ كەتتى، ئاندىن «ئاتلىنىڭلار!» دېگەندەك قىلىپ قول شىلتىدى. ئون نەچچە ياش يىلقىچى جۇڭغار ئاتلىرىغا ئىرغىپ مىنىشتى — دە، ئۇيۇرغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىشتى. بۇ ياش جۇڭغارلار ئۆزلىرىنىڭ

---

① چىڭگىزخاننىڭ ئاق ئېتىنىڭ نامى. رىۋايەتتە ئۇرۇش خۇداسى سولدې بۇ ئاتنى مىنىپ يۈرەر ئىمىش.

قاراملىقىغا ۋە جەسۇرلۇققا تەمەننا قويۇشۇپ، ئۇيۇرنى سۇر ـ توقاي قىلىشقان بولسىمۇ ئەمما بىرمۇ ئاتنى قوللىرىدىكى ئۇزۇن قورۇق بىلەن ياكى سالما بىلەن تۇتۇۋالالمىدى. بەزىلىرى ھەتتا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ ـ يانچىلىپ كېتىشكە تاس قالدى.

بۇ چاغدا ياقۇپ خوجا ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا جۇڭغار تۆرىسى داندىر زالىڭ بىلەن بۇ جۇڭغارلارنىڭ ھەرىكىتىنى تاماشا قىلىپ تۇرۇشقانىدى.

— ھېلىغۇ شاش ئات ئىكەن، يىرتقۇچ قاپلان بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنى مېنىڭ باتۇر ئىنىم يۇسۇپ خوجا تۇتالايدۇ، — دەپ تاشلىدى ئىختىيارسىز ياقۇپ خوجا جۇڭغار تۆرىسى داندىر زالىڭغا، — مېنىڭ باھادىر ئىنىم كۆز ئالدىڭىزدا ئۇنى كۆندۈرۈپ يۇمدەك يۇمشىتىپ، ياۋاش قىلىپ بېرەلەيدۇ!

ياقۇپ خوجىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان جۇڭغار تۆرىسى داندىر زالىڭ دەرھال دانىيال خوجىنىڭ موڭغۇل خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئۈچىنچى ئوغلى، ئۆزىنىڭ جىيەنى يۇسۇپ خوجىغا قارىدى.

دانىيال خوجا ئېرەن قابۇرغىدا تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، ئۇ جۇڭغار تۆرىسى، ئىككىنچى دەرىجىلىك بەيسى داندىر زالىڭنىڭ چوڭ سىڭلىسى ئۇيۇن چېچەكنى ئەمرىگە ئالغانىدى. ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا يۇسۇپ خوجا دەپ ئىسىم قويغانىدى.

يۇسۇپ خوجا ئاكىسى ياقۇپ خوجىدىن مۇلكىي قەشقەرىيە ھەققىدىكى گۈزەل ھېكايەتلەرنى كۆپ ئاڭلىغان بولغاچقا، كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇنىڭدا جەننەتتەك گۈزەل ماكان قەشقەرىيە توغرىسىدا غايىبانە مۇھەببەت پەيدا بولغانىدى ۋە يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ مۇھەببەت بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ جۇڭغارلارنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ قەلبىدە جۇڭغارلارغا قارشى بىر خىل ئۆچمەنلىكمۇ پەيدا بولۇپ قالغانىدى. يۇسۇپ خوجا كىچىكىدىن ئاتا مېھرىگە قانمىغانلىقىدىن، چوڭ ئاكىسى ياقۇپ خوجىنى ئاتىسى ئورنىدا كۆرەتتى. شۇڭا، چوڭ ئاكىسى ياقۇپ خوجىنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

جۇڭغار تۆرىسى داندىر زالىڭمۇ جىيەنىنىڭ جەسۇر، چەبدەس، زىرەك، باھادىر چەۋەنداز بولۇپ يېتىشۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئۆز قوۋمىگە جىيەنىنىڭ چەۋەندازلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى — دە، يۇسۇپ خوجىغا ئۆيۈرنى ئىملاپ تۇرۇپ:

— سەن تۇتالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ خوجىمۇ دەل تاغىسىنىڭ مۇشۇ سۆزىنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇ ئاكىسى ياقۇپ خوجىغا قارىدى. ئاكىسى رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

يۇسۇپ خوجا «ئاكام ماڭا مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى تاپشۇردى» دەپ خۇشال بولغىنىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى — دە، پۇتا بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، چىكىسىنى يېپەك قولياغلىقى بىلەن چىگدى ۋە ئاكىسى ئايۇپ خوجىنىڭ قولىدىن قاراگىر ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى ئالدى — دە، بىر ئىرغىپلا ئاتقا مىنىپ، قولىغا ئۇزۇن قورۇق بىلەن سالمىنى ئېلىپ ھېلىقى چىلانتورۇق ئايغىر يۈرگەن تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ چىقىپ كەتتى.

يۇسۇپ خوجا چىلانتورۇق ئايغىرغا ئۇدۇلدىن يېقىنلىشىپ بارماستىن، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا «ئايغىر قاچسا تۇزگە قاچار» دېگەن نىيەت بىلەن ئۆيۈرنى ئارقا تەرەپتىن ئايلىنىپ كەلدى. چىلانتورۇق ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ خەۋپنى تېخى سەزمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ بۇرۇنقىدەك ئويناقشىپ، باشقا

ئايغىرلار بىلەن ئۆرىدىشىپ يۈرەتتى. يۈسۈپ خوجا قولىدىكى ئۇزۇن قورۇقنى قايسى تەرەپكە شىلتىسا، ئاستىدىكى قاراگىر ئايغىرمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ شامالدەك ئۇچاتتى. تۇيۇقسىز ھېلىقى بەش ياشلىق چىلانتورۇق ئايغىر بىرەر شەپىنى سېزىپ قالغاندەك بولۇپ، ئىككى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ پۇشقۇرۇشقا باشلىدى. يىلقىلار ئوتتۇرىنى يېرىپ چېپىپ كېلىۋاتقان قاراگىر ئايغىرغا يول بېرىپ بىر چەتكە چىقىۋاتاتتى.

بۇ چاغدا قۇلىقىنى قايچىلاشتۇرۇپ ھوشيارلىنىپ تۇرغان چىلانتورۇق ئايغىر يىلقىلار توپىنى يېرىپ ئۆزىگە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقان يۈسۈپ خوجىنى كۆرۈپ قويرۇقىنى بىردەم شىپاڭشىتىپ تۇردى. يۈسۈپ خوجا يېقىنلىشىپ كېلىشى بىلەن تەڭلا بىر چەتكە بۇرۇلۇپ قىيغىتقىنىچە چېپىپ قاچتى. يۈسۈپ خوجا قولىدىكى ئۇزۇن قورۇقنى چىلانتورۇقنىڭ بېشىغا يېقىن ئاپىرىشقا نەچچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئەمما چىلانتورۇق ئايغىر بىردەم يىلقىلار ئىچىگە كىرىۋېلىپ، بىردەم ئايرىلىپ چىقىپ زادىلا تۇتۇق بەرمەي، ئۇنىڭ كەيپىنى تازا ئۇچۇردى. ئۇ ئۇزۇن قورۇقنى تېقىمى ئاستىغا باستۇرۇۋېلىپ، ئېگەرنىڭ غانجۇغىسىغا باغلاپ قويۇلغان قىل ئارقاننى قولىغا ئالدى — دە، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئايلاندۇرۇپ، چىلانتورۇقنىڭ بوينىنى كۆزلەپ چۆرۈپ ئاتتى. بىراق، چىلانتورۇق ئايغىر ئارقا ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ بىر مۆكگۈپلا سالمىنى تېپىۋەتتى. ئىككىنچى قېتىم يۈسۈپ خوجا قولىدىكى سالمىنى يەنە ئېتىۋىدى، ئايغىر بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ توغرا تۇرۇۋالدى. نەتىجىدە، بۇ قېتىممۇ ئەجرى بىھۇدە كەتتى. سالمىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى داپقۇر ئېتىپمۇ ئايغىرنىڭ بېشىغا چۈشۈرەلمىگەن يۈسۈپ خوجا ئاچچىقى كەلگىنىدىن جان ـ ئىمانى چىقىپلا كەتتى. ئۇ شۇنچىلىك غەيرەتكە كەلدىكى، ئۇنىڭ كۆزىگە پەقەت ئالدىدىكى قىيغىتىپ قېچىپ كېتىۋاتقان چىلانتورۇق ئايغىردىن

باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ ئايغىرنى ئاخىر تاغ باغرىغا
سۈرۈپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. ئايغىر ئۆرىدەپ چىپىپ
ماڭغاندا سۈرئىتى بايىقىدىن خېلىلا ئاستىلاپ قالدى، ئۇ
چارچىغانىدى. يۈسۈپ خوجا قاراگىر ئايغىرنىڭ ئىككى بىقىنىنى
تېقىمداپ قىسىۋىدى، قاراگىر ئىگىسىنىڭ مۇددىئاسىنى
چۈشەنگەندەك تېخىمۇ تېز چېپىشقا باشلىدى. يۈسۈپ خوجا
قولىدىكى سالمىنى ئۈچىنچى داپقۇر بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ
چۆرۈپ - چۆرۈپ قويۇۋىدى، ھېلىقى چىلانتورۇق ئايغىر بېشىنى
بۇراپلا يانباغىرلاپ قېچىشقا باشلىدى، يۈسۈپ خوجىنىڭ
كۈتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. ئۇ تۈۋەنگە قاراپ چېپىپ
كېتىۋېتىپ، قولىدىكى ئارقاننى بىر ئېتىپلا ئايغىرنىڭ بوينىغا
سىلىۋالدى ۋە ئايغىرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ تۈز يەرگە يېتىپ
كەلدى. ئاندىن ئات ئۈستىدە بىر ئۆرۈلۈپلا قولىدىكى قىل
ئارقاننى تازا كۈچەپ بىر تارتىۋىدى، ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان
بىرنەرسىنىڭ بوينىنى چىڭ قىسىپ، نەپەسمۇ
ئالدۇرمايۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ بىرپەس بولسىمۇ تىنچلىنىپ
قالغان چىلانتورۇق ئايغىر بىردىنلا بېشىنى ئىككى پۇتىنىڭ
ئارىسىغا تىقىۋېلىپ مۈڭگۈپ بىر كۆكلىگىلى تۇرۇۋىدى
ئەپيۇھاناس، ئۇ بوينىنى قىسىۋاتقان قىل ئارقاننى ئۈزۈپ ياكى
بولمىسا، ئارقاننى تارتىۋاتقان يۈسۈپ خوجىنى يىقىتىپ قېچىپ
كېتىش ئۈچۈن ئالەمنى مالەم قىلدى. يۈسۈپ خوجىنىڭ
ئاستىدىكى قاراگىر ئايغىرمۇ پۇتلىرىنى يەرگە تىرەجەپ كەينى
پۇتلىرى بىلەن يەرگە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئىگىسىگە
ياندىشتى. قىل ئارقان ھېلىقى چىلانتورۇق ئايغىرنىڭ كانىيىنى
تېخىمۇ چىڭ قىسىشقا باشلىدى. بىردەم بولسىمۇ تىنچلىنىپ
قالغان چىلانتورۇق ئايغىر يەنە يۇلقۇنۇشقا باشلىدى. ئەمما، ئالتە
قات ئېشىلگەن پۇختا قىل ئارقان خۇددى ئەجەل قىسمىقىدەك
ئۇنىڭ بوينىنى بارغانسېرى قىسىشقا باشلىدى. يۈسۈپ خوجا

قولىدىكى ئارقاننى سىيرىپ، بارغانسېرى قىسقارتىپ تېقىمىغا باسقىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا، ئاختىچىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ چىلانتورۇق ئايغىرنىڭ ئىككى قۇلىقىغا چىڭ ئېسىلدى. قانچە يۇلقۇنۇپ باققان بولسىمۇ ئاختىچىلارنىڭ ئىككى قۇلىقىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇرغان كۈچلۈك قوللىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش چىلانتورۇق ئايغىرغا نېسىپ بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئايغىر ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغىنىغا تەن بەرمىگەندەك قىلىپ يۇلقۇنۇشنى قەتئىي توختاتمىدى. بۇ چاغدا، يۇسۇپ خوجا قاراگىر ئايغىرنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشتى — دە، چىلانتورۇق ئايغىرنىڭ قۇيرۇقىدىن قاماللاپ تۇتتى. ئايغىر ئالدىغا قاراپ يۇلقۇنۇپ بىر ئوقچۇۋىدى، ئۇمۇ ئايغىرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئالدىغا قاراپ بىر تاخلاپ، ئايغىرنىڭ قويرىقىنى قويۇپ بەردى. بۇ چاغدا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان چىلانتورۇق ئايغىر گۈپپىدە قىلىپ ئالدىغا يىقىلىپ چۈشتى. باشقا جۇڭغارلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، چىلانتورۇق ئايغىرنىڭ بېشىدىن يەرگە نىقتاپ بېسىپ تۇرۇشتى. ئاختىچى ئايغىرنىڭ چۇلدۇرىنى قولىدىكى قىسقۇچ بىلەن قىسىپ تۇرۇپ تېرىسىنى پىچىقى بىلەن تىلدى — دە، بىر تولغاپلا ئايغىرنىڭ تاشىقىنى سۇغۇرۇۋالدى. ئاندىن ياردەمچىسىنىڭ قولىدىن چوغدەك قىزارغان تامغىنى ئېلىپ ئاتنىڭ يانپىشىغا باستى ۋە ئاختا قىلىنغان چىلانتورۇقنىڭ يايلى بىلەن قۇيرۇقىنى قىرقىپ تەكشىلەپ ياساپ قويدى.

جۇڭغار تۆرىسى داندىر زالىڭ جىيەنى يۇسۇپ خوجىغا رازىمەنلىك نەزەرى بىلەن ھەجىيىپ قاراپ قويدى...

* * *

يۇسۇپ خوجا قارا ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۆيدە چوڭ ئاكىسى ياقۇپ خوجا بىلەن قالغان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ

يىغلىشىپ ئۆلتۈرغانلىقىنى كۆردى. ياقۇپ خوجىنىڭ كۆزلىرى تولا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. «ئۆيىمىزدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغانلەك بولۇپ، — ياكى جۇڭغار خانى چوڭ ئاكامنى زىندانغا تاشلىماقچى بولدىمىكىنە؟»

ئۇ تەئەججۇپلىنىپ چوڭ ئاكىسىغا قارىدى. ئاكىسىنىڭ قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئازابلىق يىغىدىن تېخى هازىرلا توختىغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن ئىدى. ئۆي ئىچىدە ئالتە شەهەرلىكلەرگە ئوخشاش كىيىنگەن ناتونۇش يەنە بىر ئادەممۇ بار ئىدى.

— قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى چوڭ ئاكىسى ئۇنىڭدىن، ئاندىن هېلىقى ناتونۇش ئالتە شەهەرلىككە قاراپ، — هازىر بەش ئاكا ـ ئۇكا هەممىمىز جەم بولدۇق. ئەمدى پەدەرى بۇزرۇكىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئوقۇسىڭىز بولىدۇ.

هېلىقى ئالتە شەهەرلىك ئادەم يېنىدىن بىر پارچە پاتلىق خوتەن قەغىزىگە پۈتۈلگەن مەكتۇپنى چىقىرىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«... ئى جىگەر پارىلىرىم، خۇسۇسەن سىزلەرنى چوڭ ئاكىڭىزلارغا تاپشۇردۇم. ئى مەخدۇمزادەم خوجا يەئقۇب، مەندىن كېيىن قالسىڭىز بۇ نارەسىدە قېرىنداشلىرىڭىزنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇڭ، ئىمكانقەدەر خۇدايىتائالانىڭ تائەت ۋە ئىبادىتىدىن خالىي قىلماڭ ۋە شەرئەت هۆكۈملىرىدىن يۈز ئۆرۈمەڭ. خەلقىڭىزنىڭ سوئال ـ سورىقىنى ئەيىب كۆرمەڭ، بىدئەت ـ زالالەتتىن ۋە شەرئەتكە خىلاپ ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىڭ. ئىلىم ـ ئەمەلدە مەھكەم تۇرۇڭ. بىزلەرگە ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شۇل ئىلىم ـ ئەمەل مىراسدۇر كىم، بۇ دۇنيا هېچكىمگە باقىي قالغان ئەمەس. مەن بۇ كاپىر قالماقلارغا ئىتائەت قىلماقتىن ۋە پەرمانبەردار بولماقتىن ئۆزگە

چارە تاپالمىدىم ۋە ئۇلارغا قارشى مەردلىك بىلەن قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقالمىدىم. ئاخىر، مۇشۇ پۇشايمان بىلەن مەھشەرگاھقا كېتەر بولدۇم. ئەمما، سىزلەرنى پەرۋەردىگارىم ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىزلارغا يەتكۈزگەي. ئېھتىمال، ھەممە ئىشنى ئەپۇ قەلبى بىلەن تۈزەتكۈچى ئۇلۇغ مېھرىبان ھەزرىتى ئاللاتائالا سىزلەرنى يۆلىسە ئەجەب ئەمەس. ھازىر قالماقلار ئىچىدە تەپرىقىچىلىق كۆتۈرۈلدى. شۇڭا، سىزلەر بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەيسىزلەر ۋە شەرمەندىچىلىكتىن خىجالەت بولغان بىزنىڭ بۇ قارا يۈزىمىزنى ئاق قىلغايسىزلەر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ، ئىسلام قىلىچىنى ئۇلۇغ قالماق كاپىرلارنىڭ بېشىغا چاپقايسىزلەر! سەيىدزادىلىك ئابرۇيىنى ئاقلىغايسىزلەر. شۇنداق قىلىسىڭىزلار، تاڭلا مەھشەر ـ گاھتا ئاللا تائالا ۋە رەسۇلىللا ئالدىدا خىجالەتتىن يەرگە قارىمايسىزلەر. قالماق خانى مېنى مۇلكىي قەشقەرىيگە خان بولدۇڭ، دەپ تۇرغاقلىقتىن ئازاد قىلىپ يەكەن سەلتەنىتىنى سويۇپ ماڭا ئېلىپ بەرگەن بولسىمۇ ئەمما بېشىمدا قالماقلارنىڭ مىسران قىلىچى ئېسىقلىق ئىدى. ئەلھال، بوغداخانمۇ: «ماڭا بەيئەت قىلساڭ، مۇلكىي قەشقەرىينى تەنھا سورىشىڭغا بېرەرمەن، بەلكى ئەۋلادلىرىڭغىمۇ بۇ ھۆددۈتلۈقنى مەڭگۈ جۇلدۇ ـ جاساق قىلىپ بەرگەيمەن! ماڭا كەل، ماڭا بەيئەت قىل!» دەپ خەت يازدى. بىراق مەن بىلۈرمەنكى، ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، قۇرۇق گەپلەر. قالماق خانمۇ ۋە بوغدا خانمۇ ھەممىسى ئالدامچى قىزىلكۆزلەر! ھازىر كىم ـ كىمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش قىيىن بولۇپ قالدى. مۇلكىي قەشقەرىيدە مەن خانمۇ ۋە ياكى ئۇلارمۇ؟ ئۆتكەندە ئەمىر قىلاتتىم، بۇيرۇق بېرەتتىم. ھازىرچۇ، مەن ھازىر قالماق خانىنىڭ قولىدىكى قورچاق بولۇپ قالدىم. . . شۇڭا، پەرزەنتلىرىم، شۇنى ئېسىڭلاردىن چىقارمىغايسىزلەركى، ئۆز

تەقدىرىنىڭ ئىختىيارلىق تىزگىنىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان ھەرقانداق بىر ئادەم چوقۇم خار بولماي قالمايدۇ! بىز تارىخىمىزدا بەش قېتىم خۇدا يەڭگۈشلىگەن، ئالتە قېتىم ئىمان ئۆزگەرتكەن تۇتۇرۇقسىز ئەجدادىنىڭ ئەۋلادىدۇرمىز! شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز باسقان ئاشۇ خاتا يولنى مەنلا باسقان بولاي. سىزلەر ھەرگىزمۇ ئېزىپ، ئېزىپ بۇ خاتا يولغا كىرىپ قالمىغىزلار. مەن سىزلەردىن شۇنى ئىلتىجا قىلۇرمەنكى، مەندىن كېيىن قالسىڭىزلار چوڭ ئاكىڭىزلار يەئقۇب خوجىنى مېنىڭ ئورنۇمدا ئاتا دەپ بىلگەيسىزلەر. چوڭ ئوغلۇم يەئقۇب خوجا بۇنىڭدىن كېيىن «خوجا جاھان ئەرشى» نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ ئۇل مەملىكەتنى تەسەررۇپ قىلغاي! ئاكاڭلار تەڭداشسىز باھادىر، سەممىي، پاك ئادەمدۇر. مەملىكەت گۇمران بولۇۋاتىدۇ، قالماقلار ئۇنى تالاۋاتىدۇ. ئەمدى سىزلەر چوڭ ئاكىڭىزلار يەئقۇب خوجا جاھان ئەرشكە ھەمدەم بولۇشىڭىزلار لازىم. مېنى ھەرگىز دورىماسلىقىڭىزلارنى سورايمەن! ياخشى پەرزەنت ـ ئاتىنىڭ سەۋەنلىكىنى يۇيۇر! شۇڭا كونىلار:

ئاتىدىن خاتا كەتسە كۆرمە خاتا،
ساۋاب بىل خاتا تاكى قىلسا ئاتا.
ئاتىنىڭ خاتاسىنى بىلگىل ساۋاب،
سېنى يۈز بالادىن قۇتقۇزغاي خۇدا! ①

دەپ ياخشى ئېيتىشقانىدى. ئويلاپ باقسام، بۇئۆمرۈمدە رەببىم ئالدىدا گۇناھلىق ناشايان ئىشلارنى كۆپ قىلىپتۇرمەن. مېنىڭدىن تولىمۇ كۆپ سەۋەنلىكلەر سادىر بولۇپتۇ. بىراق، بۇ

① ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق».

سەۋەنلىكلەرنىڭ يىلتىزىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىزلەر؟ ئۇنىڭ يىلتىزى - ھەسەتخورلۇقتۇر. گەرچە داستارلار بىلەن ئىسھاقىيچىلەر بىر ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بولساقمۇ بىراق داستارلار بىلەن ئىسھاقىيچىلەر ئۇل زىمىنغا تىرىغان ئاداۋەت تىكىنى چېچەكلەپ ئاخىر تەپرىقچىلىقتىن مېۋە بەردى. قاچانكى مەخدۇمزادىلەر بىلەن خوجىزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىزاھپەتچىلىككە قالماقلار قول تىقتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇل ئالتە شەھەر تەۋەسىدە ئىش بۇزۇلدى. داستارلار غەلىبە قىلغاندا، ئۇلارغا دۈشمەن سانىلىدىغان ئىسھاقىيچىلەرنىڭ ئۆي - جاي، خانۇ - مانلىرى كۆلخان بولۇپ ياندى. تەلۋە سوپى - ئىشانلار خالىغان بىر ئۆيگە ھېلىدىن ھېلىغا ئوت قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت شۇ ئۆي ئىگىسىنى «داستارلارغا دۈشمەن»، ياكى «ئىسھاقىيچىلەرگە دوست» دەپ ۋارقىراپ قويۇشلا كۇپايە قىلاتتى. باشقىلارنى بىر مىنۇت قاقشاتمىسا ئىچى پۇشىدىغان بىر توپ تەلۋە سوپى - ئىشانلار شۇئان ھازىر بولۇشاتتى. داستارلارمۇ، ئىسھاقىيچىلەرمۇ مۇلكىي قەشقەرىيدە دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ تىزگىنىنى تەنھا ئىگىلەپ دەۋران سۈرۈش تەمەسىدە قالماقلاردىن ئۆزلىرىگە خوجا تۇتۇشتى. مەيلى مۇلكىي قەشقەرىيە تەختىنى سەئىدىيەلەر قولىدىن سويۇپ ئېلىپ يىگىرمە يىل سورىغان ئاپاق خوجا بولسۇن ۋە ياكى مەن بولاي، ھەممىمىز مۇلكىي قەشقەرىيگە قالماقلارنىڭ نەيزىسىگە مىنىپ كىرەلىگەن ئىدۇق! بىراق، خاھى داستار ئاپاق خوجا بولسۇن ۋە ياكى مەن بولاي، ھەممىمىزنىڭ ئاقىۋىتى نىئمەت تەمەسىدە مىسىر پادىشاھىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن سەييات دۈچ كەلگەن قىسمەتتىن ئۆزگىچە بولمىدى!

بىر سەييات تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىقىدىن مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر دوستىغا ئەھۋال ئېيتىپتۇ ۋە:

— كۈنلۈك كىرىمىم ئاز، بالا - چاقام كۆپ، كەمبەغەلچىلىكنىڭ يۈكىنى داۋاملىق كۆتۈرۈۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدى، — دەپتۇ ئۇ، — باشقا ئەللەرگە كېتىپ مەيلى قانداق تىرىكچىلىك ئۆتكۈزسەم، ياخشى - يامانلىقىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى، دېگەن پىكىر نەچچە قېتىم خىيالىمغا كەلگەنىدى. ئەمما، دوست دۈشمەنلىرىمنىڭ مەسخىرىسىدىن ئەندىشە قىلىمەن. ئۇلار ئارقامدىن غەيۋەت قىلىشىپ كۈلۈشىدۇ ۋە تىللىشىدۇ. ئۆزۈڭگە مەلۇم، ھېساب ئىلمىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرىم بار. ئەگەر سېنىڭ مەرتىۋەڭ شاراپىتىدىن پادىشاھ تەرىپىدىن بىرەر خىزمەتكە تەيىنلىنىپ قالسام، تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولاتتىمكى، قالغان ئۆمرۈمدە ساڭا قانچە تەشەككۈر بىلدۈرسەممۇ، ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمىغان بولاتتىم!

— ئەي بۇرادەر، — دەپتۇ دوستى ئۇنىڭغا، — پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئىككى تەرىپى بار، ھەم قورساق ئۈمىدى، ھەم جان قايغۇسى. شۇڭا، ئاشۇ ئۈمىدنى دەپ قايغۇغا چۈشۈپ قېلىش ئاقىللارنىڭ پىكرىگە خىلاپ.

— ھەيھات، بۇ سۆزنى مېنىڭ ئەھۋالىمغا مۇۋاپىق ئېيتمىدىڭ ۋە ئىلتىماسىمغا جاۋاب بەرمىدىڭ، — دەپتۇ ھېلىقى بۇرادىرى ئۇنىڭغا، — «كىمكى خىيانەت بىلەن شۇغۇللانسا، قولى ھېسابتا تىترەيدۇ» دېگەن ماقالنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ دانىشمەنلەر ئېيتىدۇكى: «تۆت خىل كىشى تۆت خىل كىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ: قاراقچى سۇلتاندىن، ئوغرى پاششاپتىن، پاسىق چېقىمچىدىن، پاھىشە مۇھتەسىپتىن». ئەمما، ھېسابتا توغرا بولغان كىشى ھېساب بېرىشتىن قورقمايدۇ.

— مەن ئاڭلىغان تۈلكىنىڭ ھېكايىسى سېنىڭ ئەھۋالىڭغا مۇناسىپ كېلىدىكەن، — دەپتۇ دوستى بۇرادىرىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟

— كىشىلەر قارىسا، — دەپتۇ دوستى، — بىر تۈلكە يىقىلىپ - قوپۇپ جان - جەھلى بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك. بىرەيلەن ئۇنىڭدىن: «ساڭا نېمە بالا بولدى، نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭ؟» دەپ سورىغانىكەن، تۈلكە: «ئاڭلىشىمچە، تۆگىلەرنى سەيسىگە تۇتۇۋاتقۇدەك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھېلىقى كىشى: «ھوي پەس، تۆگە بىلەن سېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار ۋە قانداق ئوخشاشلىقىڭ بولسۇن؟» دەپتىكەن، «توختا! — دەپتۇ تۈلكە، — ئەگەر ھەسەتخورلار غەرەزلىك ھالدا، مۇنۇ تۆگە، دەپ چېقىپ قويسا، مەن قولغا چۈشۈپ قالىمەن. ئۇ چاغدا مېنىڭ ئەھۋالىمنى تەكشۈرۈشكە كىم كۆڭۈل بۆلۈپ، مېنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ؟ ئىراقتىن تەرياق[1] ئېلىپ كەلگۈچە يىلان چاققان ئادەم ئۆلۈپ تۈگەيدۇ!»

— شۇڭا، — دەپتۇ دوستى ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا، — سېنىڭ ئەھۋالىڭمۇ خۇددى شۇنداق، گەرچە، سەندە ئارتۇقچىلىق، ھالاللىق، توغرىلىق ۋە سادىقلىق بولسىمۇ ئەمما ھەسەتخورلار بۆكتۈرمىدە، شىكايەتچىلەر بولۇڭ - پۇچقاقلاردا ئولتۇرۇشىدۇ. سەن ياخشى ئىشلارنى قىلساڭمۇ، ئۇلار پادىشاھقا تەتۈرىسىچە يەتكۈزۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىدا جاۋابقا تارتىلىسەن. ئۇ چاغدا كىم سېنىڭ تەرىپىڭنى ئېلىپ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەسلىھەتىم شۇكى، قانائەت مۈلكۈڭنى ساقلا، ئەمەلدار بولۇش تەمەسىنى تاشلا!

ئەمما، بۇرادىرى ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنمەپتۇ. نائىلاج، دوستى ساراي ۋەزىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھېلىقى دوستىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ قابىلىيەت - ئارتۇقچىلىقىنى بايان

[1] تەرياق - زەھەر قايتۇرغۇچى دورا.

قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساراي ۋەزىرى ئۇنىڭغا كىچىكرەك بىر خىزمەتنى بېرىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىشى ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى مەرتىۋە، ئۇستۇن ئورۇنغا قويۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ بەخت يۇلتۇزى بارغانسېرى ئۆرلەپ، شۇنداق يۈكسەك پەللىگە بېرىپ يېتىپتۇكى، پادىشاھنىڭ ئەڭ يېقىن ساھىبىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ مۇشاۋىرى ۋە ئىشەنچلىك ۋەكىلى بولۇپ قاپتۇ.

بىراق، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ جىم يېتىشماپتۇ. بىر گۇرۇھ كىشىلەر ھەسەت قىلىشىپ، ئۇنىڭغا «خائىن» دەپ تۆھمەت چاپلىشىپتۇ ۋە ئۇنى زىندانغا تاشلاپ نەزەربەندكە ئالغۇزۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ دوستى باشقا بىر مەملىكەتكە چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئورۇندا يوق ئىكەن. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتى ئايدىڭلىشىپ، ھېلىقى دوستى زىنداندىن ئاقلىنىپ چىقىرىلىپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ خەزىنىگە ئېلىنىپتۇ.

— شۇ چاغدا، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قوبۇل قىلمىدىڭ، — دەپتۇ دوستى ئۇنىڭغا، — پادىشاھقا خىزمەت قىلىش دېڭىز سەپىرىگە ئوخشايدۇ، ھەم خەتەرلىك، ھەم پايدىلىق. يا خەزىنىنى قولغا كىرگۈزسەن، ياكى تىلسىماتتا ئۆلىسەن! . . . »

ھېلىقى ئالتە شەھەرلىك ناتونۇش ئادەم خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن دانىيال خوجىنىڭ مەكتۇپىنى ئېھتىرام بىلەن ياقۇپ خوجىغا سۇندى.

— ئى ئەزىزلەر، — دېدى ياقۇپ خوجا ئاتىسىنىڭ مەكتۇپىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن قايغۇ ئىچىدە، — پەدەرىمىز ئۆل ۋەسىيەتنامىنى قالدۇرغاندىن كېيىن رامزاننىڭ يىگىرمە يەتتىسى سەھەردە قازايى قەدەر يېتىپ، ئاللاغا جان تەسەددۇق قىلىپتۇ. «قالۇ ئىننالىلاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئۇن.» قازاغا رىزا بولماقتىن باشقا چارە يوقتۇر. خەلقىمىزدە: «ئۆلگەنلەر

ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى تىرىكلەرنىڭ قايغۇسىغا يىغلاش كېرەك»
دېگەن گەپ بار. بۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەممىمىز يەكدىللىق
بىلەن كۆمەكلەشمىكىمىز زۆرۈردۇر.
ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قەتئىي قارارغا كەلدى ۋە:
— ۋەللەھەمكى، پەدەرىمىز يەرلەشكەن ئاشۇ ئانا دىيارىمىزدا ئادالەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتىنىمىزنى قالماق ئىستىبلاچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن ئازاد قىلىش ئۇلۇغ ئىشىنى ئىشقا ئاشۇرايلى! قېنى، كېلىڭلار، ھەممىمىز قۇرئان تۇتۇپ بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەسەم قىلايلۇق!
بۇ چاغدا ھېلىقى ئالتە شەھەرلىك ناتۇنۇش ئادەم قوينىدىن بىرقۇرئاننى چىقىرىپ ياقۇپ خوجىغا ئۇزاتتى.
دانىيال خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ياقۇپ خوجا، ئايۇپ خوجا، يۇسۇپ خوجا، خامۇش خوجا ۋە ئەبەيدۇللا خوجا تەرتىپ بويىچە تىترىگەن قوللىرىنى قۇرئان ئۈستىگە قويۇشتى.
— ئەمدى قەسەم ئىچەيلۇق!
ياقۇپ خوجىنىڭ ئىنىلىرى كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى.
— تەڭرىتائالا ئالدىدا، — دەپ تەنتەنىلىك قەسەم قىلدى ياقۇپ خوجا. ئۇ شۇ تاپتا بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكىمۇ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى، — شۇ مۇبارەك ئۇلۇغ كىتابنى تۇتۇپ قەسەم بېرۇرمىزكى، ۋەتىنىمىزنى قالماق باسقۇنچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئاخىرغىچە جىھاد قىلىمىز! مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە ھۆرلۈكى ئۈچۈن تاكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە غازات قىلىمىز!
ياقۇپ خوجىنىڭ ئىنىلىرىمۇ ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى تەكرارلاشتى.
— ئۆلۈشكە رازىمىزكى، ھېچقانداق تەپرىقە نىيەتتە ۋە

ئاسىي ھەرىكەتتە بولمايمىز!
— . . . تەپرىقە نىيەتتە ۋە ئاسىي ھەركەتتە بولمايمىز!
ئاخىردا بەش ئوغۇل قۇرئاننى نۆۋەت بىلەن قوللىرىغا ئېلىشىپ ئۈچ قېتىمدىن سۆيۈشۈپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈشتى.
تەنتەنىلىك قەسەم ئىچىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يۇسۇپ خوجا ئاكىسى ئايۇپ خوجا ۋە ئىنىلىرى نامىدىن چوڭ ئاكىسى ياقۇپ خوجىغا بەيئەت قىلىپ مۇنداق دېدى:
— ئى قەدىردان ئاغا، ئى خوجا جاھان ئەرشى! سىز بىزلەر ئۈچۈن جەد — بۇزرۇكۋاردۇرسىز، پەدەرىمىزنىڭ ئورنىدا ئاتادۇرسىز. سىزنىڭ ئەمرىڭىزنى تۇتماق بىزلەر ئۈچۈن پەرھىزدۇر. قېنى، خوجا جاھان ئەرشى، پەرمان بېرىڭ، بىزلەر سىز ئۈچۈن پەرمانبەردارمىز!
— پەرمانبەردارمىز! — دەپ گۇركىرەشتى قالغان خوجىلارمۇ تەڭلا.
— رەھمەت، ئەزىزلىرىم، — دېدى ياقۇپ خوجا ھاياجان ئىلكىدە، — خەلقىمىزدە: «كۆز ئۆز ئورنىدا ئەزىز» دېگەن گەپ بار. بىز مۇلكىي قەشقەرىيەدىلا خەلقىمىزنى غازاتقا چاقىرالايمىز. شۇڭا، ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئانا دىيارىمىزغا ـ خەلقىمىزنىڭ ئارىسىغا كېتىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. جۇڭغار خانى مۇلكىي قەشقەرىيىگە قايسىمىزنى ئەۋەتسۇن، بىز ئۈچۈن بەرىبىر. خەلقىمىزنى غازاتقا چاقىرىش — بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىلى بىر مەزگىللىك تۈپ مەقسىتىمىز بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرى نومۇسسىز غالچا، دەستەكسىز سوپى، ئالدامچى ئىشان، جەللىگور قەلەندەر، كۆكەمە ئاشىق، ئۇياتسىز دەرۋىش، بىغەم مۇرشىدلار بىلەن تولدى. ئۇ يەرلەردە «زاتى شەرىفلەر»، «گالۋاڭ ئەۋلىيالار» ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشماقتا. ئۇلار كىشىلەرنى ئۇزاقتىن بويان ئالداپ ئۆزىگە

ئىشەندۈرۈپ، ئاڭقاۋلىقتا تۇتۇپ كېلىشتى. خەلقىمىز ئۇلارغا ئۆزىگە ئىشەنگەندىنمۇ بەكرەك ئىشىنىشىدۇ. شۇڭا، ھەممىدىن ئاۋۋال خەلقنى ھىدايەتكە باشلاپ، غاپىللىقتىن ئويغاتماق زۆرۈردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇلكىي قەشقەرىيدە «قالماقلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، سەئىدىيلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» نى چاقىرىق قىلىشىمىز لازىم.

— خوجا جاھان ئەرشى دانادۇر! — دېيىشتى قالغان تۆرغاق خوجىلار.

ئۇلار بۇ ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، تاڭ ئېتىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيۇشمىدى...

* * *

بىراق، تارىخنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ تېز بولدى. يەكەن تەختىدىكى قورچاق خان دانىيال خوجا كېيىنلەدىن ئۆزە بولالماي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭغار خانى غالدان سېرىن مۇلكىي قەشقەرىينى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئۈچۈن، مەمۇرىي جەھەتتىن بۆلۈپ ئىدارە قىلىش چارىسىنى قوللاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن دانىيال خوجىنىڭ ئېرەن قابۇرغىدا تۆرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەش ئوغلىدىن چوڭ ئوغلى ياقۇپ خوجىنى يەكەنگە، ئۈچىنچى ئوغلى يۈسۈپ خوجىنى قەشقەرگە، تۆتىنچى ئوغلى خامۇش خوجىنى ئاقسۇغا، بەشىنچى ئوغلى ئابدۇللا خوجىنى خوتەنگە «خان» قىلىپ تەيىنلىدى ۋە يەكەن سەلتەنىتىنىڭ ھوقۇقىنى پەقەت يەكەندىن باشقا يەردە ئۆتمەس قىلىپ قويدى. بۇ خوجىلار ھەر يىلى جۇڭغار خانىغا ئىككى نۆۋەت ئولپان ـ سېلىق تۆلەپ تۇرۇش ۋە بىردىن ئوغلىنى ئېرەن قابۇرغىدا تۆرغاقلىقتا ئەۋەتىش بەدىلىگە مۇلكىي قەشقەرىيگە قايتۇرۇلدى.

جۇڭغارىيە ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمى ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى تۈپەيلىدىن قەشقەرىيەنىڭ مىللىي ئىگىلىكى خارابلاشتى. زۇلۇم سىتەم تېخىمۇ كۈچەيدى. «ئۆكۈز تېخىمۇ ئورۇقلىدى. ئەمما، ياغاچ بويۇنتۇرۇق تۆمۈر بويۇنتۇرۇققا ئالماشتى. بۇنىڭ بىلەن قۇللۇققا چۈشكەن، كۈلپەت چەككەن بۇ زېمىن يېڭى - يېڭى قارشىلىقلارغا ۋە قوزغىلاڭلارغا ھامىلدار بولدى...»

نەزمە

ساقىي، جەننەتى ساپ زۇلالىڭ قېنى؟
ھەق كۆرۈنەر ئەينەك مىسالىڭ قېنى؟
ئىچىمنى تازىلاپ يۇيۇش نىيىتىم،
چولاق قۇمغان، سۇنۇق ساپالىڭ قېنى؟

— ئىبىن سىنا

بىرىنچى باب

# چولمىدىن قاچقان بېلىق

«قاراش تەمىش قايمادۇق، قازىن تەمىش قايمىش» (مەنىسى: «قېرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قاراپتۇ»)

— مەھمۇد قەشقەرى

**مىلادى** 1752 ـ يىلى (مايمۇن يىلى) ياز.

— خۇش كېلىپسىز ئەزىزىم، يول ئازابى سىزنى چېقىپ قويمىغاندۇ؟ — دەپ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى يەكەن خانى جاھان خوجا ئەرشى ئورنىدىن تۇرۇپ. بۇ سورۇندا يەنە سىدىق خوجا پۇتۇھى ۋە خوتەن خانى ئابدۇللا خوجىمۇ بار ئىدى.

— يوغۇسۇ، كۆپ ھەرەج تارتىپ كەتمىدىم، — دېدى قەشقەر خانى يۈسۈپ خوجا سىپايىلىق بىلەن قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، — ھەزرىتى خان خوجامنىڭ مۇبارەك تەنلىرى تازىمىكىن؟

— كۆپ تەشەككۇر، — دېدى جاھان خوجا ئەرشى مېھرىبانلىق بىلەن، — مەن سىزنىڭ ئۆز ئاكىڭىز. شۇنداق بولغاندىكىن تۇزۇت قىلماڭىز، بەھۇزۇر ئولتۇرىڭىز.

— قۇللۇق، — دەپ ھۆرمەت بىلدۈردى يۈسۈپ خوجا

ئاكىسىغا قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ.

— مۆھتەرەم ئىنىمىز نىزامىدىن خوجىنىڭ ۋاقىتسىز قازا تېپىشى بىزلەرنى بىر تۇغقان قېرىندىشىمىزدىن ئايرىدى، — دەپ كۆز يېشى قىلدى جاھان خوجا ئەرشى، — مەن ئاتا ئورنىدىكى ئاغا بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇ قېرىندىشىمىزنى ئۆز قولۇم بىلەن كېپەنلەپ، ئېگىكىنى قوشالمىغانلىقىمغا تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن! ۋادەرىخ، ئاتىلار: «ئارپا - بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ، ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ! » دەپ بىكارغا ئېيتمىغانىكەن! ئاتام رەھمەتلىك مېنى «ئىنىلىرىڭىزغا مېنىڭ ئورنۇمدا ئاتا بولغايسىز! » دەپ ۋەسىيەت قىلمىغانمىدى؟ ! . . .

ئۇ سۆزلەۋېتىپ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى — دە، «ۋاي قېرىندىشىم! » دېگىنىچە ھازا ئېچىپ بۇقۇلداپ، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— قازاغا رىزا بولماق، ئۆلۈمگە سەبرى قىلماق لازىمدۇر!

— دېدى يۇسۇپ خوجا ئاكىسىغا تەسەللى بېرىپ، — ئۇل رەھمەتلىك ئۆزىنىڭ بىر ۋەسىيىتىنى سىز مېھرىبان ئاكامغا يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئالاھىدە جېكىلىگەنىدى.

— قېنى سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە!

— «. . . ئى قېرىندىشىم» — دېگەنىدى ئۇل رەھمەتلىك ماڭا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى يۇسۇپ خوجا، — «ئى قېرىندىشىم، بىزگە ئەمدى سەپەر مۇبارەكتۇر. تۇشەئى راھ[1] ئاخىرەت كېرەك. بۇ يول تۇشەسىگە ئەمەلىي سالىھ[2] ۋە ئەفئال ھەسەنە[3] كېرەك. بىزدە ھېچقايسى مەۋجۇت ئەمەس. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ‹قالەننەبىيۇ ئەلەيھىسسالام مۇئىزا ماتەل

---

① راھ تۇشە — سەپەر ئوزۇقى.
② ئەمەلىي سالىھ — ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچى.
③ ئەفئال ھەسەنە — ياخشى ئىش.

ئىنسانۇ ئىنقەتەئە ئەمەلۇھ، ئىللە سەدە قەتەلجادىيە تۇۋەلىئىلمۇيەنتەنە ئۇ بىھىنتاسۇ ۋەلۋەلەدۇسالىھۇ يەد ئۇلەھۇبىلخەيرى)، يەنى ھەر ۋاقىتتىكى ئادەم ئۆلسە تۈگەيدۇ! ئۇل ئادەمنىڭ تامام ئەمەلى مەگەر ئۈچ نېمەرسە تۈگىمەس. ئاۋۋال سەدەقەئى جارىيەچۈنانچە ئۇمەدرىسە كۆبرۈك. ئىككىنچى، ئەمەلكى خەلققە ئۇنىڭدىن مەنپەئەت يېتەر، تا قىيامەتكىچە كەم بولماس. ئۈچىنچى، پەرزەنت سالىھدۇركى، ئاتا ـ ئاناسىغا ياخشى دۇئا قىلۇر. ئەمما، بۇ ئۈچ ئىش ھېچقايسىسى مەندە مەۋجۇت بولماپتۇر. ناكام كېتىپ بارۇرمەن، ھەر نېمەرسىكى بىساتىمدە باردۇر، ئەزىبرايى خۇدا پەقىرلەرگە سەرپ ئەتكەيلەر. قالغانىنى ئالىپ بارىپ، يەركەندە بىر مەدرىسە بىنا قىلدۇرغايلار ۋە ھەزرىتى خوجا جاھان ئاكام باشلىق سىزلەرنى ھەق سۇبھانە ۋە تەئالاغا جەد بۇزرۇكۋارىمغا تاپشۇردۇم. مەندىن رازى بولغايلار. خۇسۇسەن، ھەزرىتى خوجا جاھان ئاكا پادىشاھىمغا ئەرز يەتكۈزسۇنلەر، ئاتا تەربىيەتىدىن زىيادەرەك تەربىيەتلەرنى تاپىپ، ئىلتىپاتلەرنى كۆرۈپ ئىدىم. مەندە ھەققى ھوقۇقلەرى بەدەنىمدىكى تار مويۇمدىن زىيادىدۇر. مەندىن رازى بولسۇنلەر!» دەپ جان تەسلىم قىلدىلەر.①

— «قالۇ ئىننەللاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئۇن!» — دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى جاھان خوجا ئەرشى ئىنىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلاپ بولۇپ.

جاھان خوجا ئەرشى ئۇكىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئاقسۇدىن يەكەنگە ئەكەلدۇرۇپ ئالتۇنلۇقتا دەپنە قىلدۇردى. ئاندىن مەدرىسە سالدۇرۇپ، نامىنى «ئاق مەدرىسە» دەپ ئاتىدى. بۇ مەدرىسە كېيىنكى چاغلاردا يەنە «مەدرىسە خامۇش ئەزىز» دەپمۇ ئاتالدى.

---

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرە ئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 124 ـ، 125 ـ بەتكە قارالسۇن.

ئەسلىدە، خامۇش خوجا دەپ ئاتالغان نىزامىدىن خوجا ئىبرەن قابۇرغىدا قاتتىق بىتاب بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يەكەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يەكەن خانى جاھان خوجا ئەرشى ئىنىسى قەشقەر خانى يۇسۇپ خوجىنى بىرىنچىدىن، خامۇش خوجىنى كۆرۈپ كېلىشكە، ئىككىنچىدىن، ئىلى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن ئىبرەن - قابۇرغىغا ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ئىبرەن قابۇرغىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن خامۇش خوجا كېسەلدىن ئۆرە بولالماي ئۆلۈپ كەتتى. يۇسۇپ خوجىمۇ ئارقىدىنلا جۇڭغار خانى داۋاجى تەرىپىدىن ئىلىدا يېڭىۋاشتىن تۇرغاقلىقتا تۇتۇپ قېلىنغاچقا، بۇ قېتىم ئۇنىڭ مۆلكى قەشقەرىيىگە قايتىپ كېلىشى تولىمۇ تەسكە چۈشكەنىدى.

جاھان خوجا ئەرشى ئىنىسى نىزامىدىن خوجىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن خالىي بىر ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئىنىسى يۇسۇپ خوجىدىن ئىلى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدى.

* * *

مىلادى 1752 - يىلى يۇسۇپ خوجا ئىلىغا چىققاندا، جۇڭغارىيە خانى غالدان سېرىن ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەختتە ئولتۇرغان سېۋان دورجىمۇ جۇڭغار شاھزادىلىرىنىڭ مىلادى 1749 - يىلىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشىدە سەيىن بېلىك تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە چىققان دالجىرلاما دېگەن جۇڭغار خانىمۇ مىلادى 1752 - يىلى جۇڭغارلارنىڭ خوييت قەبىلىسىنىڭ خانى ئامۇرسەنا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ھازىر جۇڭغارىيە تەختىگە داۋاچى دېگەن بىرسى ئولتۇرغانىدى. جۇڭغار شاھزادىلىرى مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تەخت تالىشىپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق

قىلىشۋەرگەنلىكتىن، جۇڭغارىيە دۆلىتى چوڭ مالىمانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن جۇڭغارلارنىڭ مۇلكى قەشقەرىيەنى تىزگىنلىشى ئۆتكەنكىگە قارىغاندا كۆپ بوشىشىپ قالغانىدى.

جاھان خوجا ئەرشى يۇسۇپ خوجىدىن بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل بولۇشنىڭ پەيتى پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— خوش، مەخدۇمزادەم، قالماقلارنىڭ بۇ تەرەپلەرگە قاراشقا چولىسى تەگمەيۋاتقان بولسا، بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ — دەپ سورىدى جاھان خوجا ئەرشى يۇسۇپ خوجىنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ.

— جۇڭغار قالماقلىرىغا قارشى تۇرىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئۆز ئەتراپىمىزغا يىغىپ ئىتتىپاق تۈزۈشىمىز كېرەك!

جاھان خوجا ئەرشى قوڭۇر كۆزلىرىنى ئىنىسى يۇسۇپ خوجىغا سىناق نەزىرى بىلەن تىكتى.

— قىرغىز - قىپچاقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزەيلىمۇ، مەخدۇمزادەم؟

— پەقەت ئۇلارلا ئەمەس، يەنە داستارلارمۇ بارغۇ؟ — دېدى باياتىن ئاتىسى بىلەن تاغىسىنىڭ سۆزىگە ئارىلاشماي بىر چەتتە جىم ئولتۇرغان سىدىق خوجا پۇتۇھى، — داستارلارنىڭ ئىشانلىرى ئۇسال بولغىنى بىلەن، مۇرىدلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ باقساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟

— ئى پەرزەنتىم، سۆزىڭىزغۇ خاتا ئەمەس، ئەلھال، ئورتاق دۈشمەن ئالدىدا يەنە «داستارلار»، «ئىسھاقىيلەر» دەپ ئايرىپ ئولتۇرۇش ياخشى ئەمەس. زادى ئۇل داستارلارنىڭ خەلىپىلىرى بىز بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئۇنارمۇ؟ — دېدى ئوغلىنىڭ گېپىگە جاۋابەن جاھان خوجا ئەرشى ئويچان كۆزلىرى بىلەن

يەرگە تىكىلىپ تۇرۇپ.
— مۇبادا، بىز قالماقلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئومۇمىي خەلقتىن قوشۇن چاقىرساقچۇ؟ بۇ قوشۇنغا ئۆزىمىزدىن ۋە ئۇلاردىن ئىستىداتلىق سەركەردىلەرنى باش قىلىپ قويساق، ئاندىن جۇڭغارلار بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى پۈتۈنلەي ئۈزگەنلىكىمىزنى ئاشكارا جاكارلاپ، خەلقنى قالماق قاراخانلىرىغا ئولپان — سېلىق تاپشۇرماسلىققا چاقىرساق، ئۇيغۇرلار مەيلى ئىسھاقىيلەر بولسۇن ياكى داستارلار بولسۇن ھەممىسى بىز تەرەپكە ئۆتمەمدۇ؟
ئوغلى سىدىق خوجىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلىغان جاھان خوجا ئەرشى ئويلىنىپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى.
— جىيەنىمنىڭ ئەقلىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي، ھەزرىتى خوجا جاھان ئاكا پادىشاھىم، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — جىيەنىمنىڭ بۇ پىكىرلىرى تولىمۇ پايدىلىق پىكىرلەردۇر. مەن قەشقەرگە قايتىپ بەگلەرنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ، ئۇلارنى ئەيۋاشقا كەلتۈرەي. مېنىڭ قىرغىز - قىپچاق ئاغىنىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىم قويۇق بولغاندىكىن، شۇلارنىڭ قېشىغا ياردەمگە قوشۇن تەلەپ قىلىشقا ئادەم ئەۋەتەي. ئەلھال، ئۇلارمۇ قالماقلارغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كېتىشكەن!
— بولىدۇ، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئەلنى غازاتقا چاقىرىش ئەلمىساقتىن تارتىپ ھەققانىي ئىش سانىلىپ كەلمەكتە! . . .
ئۇ سالماق ۋەزىندە سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ قەتئىي بىر قارارغا كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى:
— ئەلھال، قالماقلار ئۆز ئىچىدە يېغا - غەلىيانغا پېتىپ قېلىشتى. بۇ ياقلارغا سىياسەت قامچىسى يەتمەس بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئەمدى ئابائى - ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئەلگە قالماقلارنى باشلاپ كېلىپ قارا بولغان يۈزىنى ئاقلايدىغان پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى. قەدىرلىك ئىنىم، سىز، — دەپ

يۈسۈپ خوجىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— لەببەي!

— سىز دەرھال قەشقەرگە قايتىپ قەشقەر ھاكىمى كىفەكبەگكە ۋە خۇدا يار شاغىبەگ، ئابدۇساتتار ئارتۇشى، ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇۋاھاب، ئۇچتۇرپان ھاكىمى خوجەسلەرنى يېنىڭىزغا تارتىپ ئۇلارنى غازاتقا قوزغاڭ، بۇ بىر. ئۇنىڭدىن قالسا، ھازىردىن باشلاپ خەلققە قالماق قاراخانلىرىغا ئولپان - سېلىق تاپشۇرماسلىقنى جاكارلاشقا پەرمان بېرىمەن!

— ئاغا، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — قەشقەر ھاكىمى كىفەكبەگ ئىشەنچلىك ئادەم، ئۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. بىراق، خۇدايار بىلەن ئابدۇۋاھاب، خوجەسلەرگە ئىشەنچ قىلالمايمەن. مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، سىز ئۇلارغا ۋە دىللاۋەرانى قىرغىز - قىپچاقلارغا پەرمان پۈتۈپ بەرگەيسىز. چۈنكى، «يارلىقسىز ئەل تەۋرىمەس» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

— بولىدۇ، بۇنى ھېسابقا ئېلىپ قويغاندۇرمەن. ئۆزىمىزنىڭ قالماقلاردىن ئۇزۇل - كېسىل ئايرىلغانلىقىمىزنىڭ نىشانى ئۈچۈن ئەمدى ئىلبالىققا يىلدا بىر قېتىم ماڭدۇرۇلىدىغان «توققۇز يۈز غالچا چوكان» بىلەن «توققۇز يۈز غالچا يىگىت» سېلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن! يېتەر ئەمدى، يۈز يىلدىن بۇيان بىز تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ خورلۇق! ئۈچىنچىدىن، ئابدۇللا خان ۋە شاھزادەم، سىزگە بىر خىزمەت بار! — دەپ خوتەن خانى ئابدۇللا خان بىلەن سىدىق خوجا پۈتۈھىغا قارىدى:

— قۇللۇق، پەرمانبەردارمىز!

— خوتەن پادىشاھى خوجا ئابدۇللا سىز شاھزادە سىدىق خوجام بىلەن دەرھال خوتەنگە قايتىڭ — دە، خوتەن ئۆلكىسىدىن يەتتە مىڭ لەشكەر تەييارلاڭ. ئاندىن شاھزادە سىدىق خوجام بۇ لەشكەرلەرگە ئەمىر لەشكەر بولۇپ دەرھال دارۇسسەلتەنەت يەكەنگە يېتىپ كەلسۇن! ئۇلۇغ ئايلاردىن ئىلگىرى بۇ تەييارلىقلار

ئىشلەپ پۈتتۈرۈلسۈن. رامزان ئېيىدا پۈتۈن ئەلنى قالماقلارغا قارشى غازاتقا چاقىرايلى!
— پەرمانبەردارمىز! — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار تەڭلا.

* * *

قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە قاراڭغۇلۇق تاغلىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغلىق رايون بار ئىدى. ئەركەشتامغا ئۆتىدىغان قەدىمكى كارۋان يولى مۇشۇ قاراڭغۇلۇق تاغلىرىدىن ئۆتەتتى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە غانجۇغان، كانشىۋا، قىزىلئۆي دەپ ئاتىلىدىغان قىرغىز - قىپچاق يۇرتلىرى بار ئىدى. ئۇلار قىرغىزلارنىڭ بۇرۇت قەبىلىسىدىن بولۇپ، قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى قەشقەر خوجىلىرى بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. بىر كۈنى بۇرۇت قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئۆمەر مىرزا ئۆزىنىڭ ئوتاۋىدا ئولتۇراتتى. مۇلازىم كىرىپ: «قەشقەر ھاكىمى سىزنى ئىزدەپ كېلىپتۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. مىرزا ئۇنىڭغا «كىرسۇن» دەپ ئىجازەت بەردى.
— سالامەتمۇ سىز ھۆرمەتلىك مىرزام، — دەپ سالام قىلدى قەشقەر ھاكىمى كىفەكبەگ ئوتاۋغا كىرگەندىن كېيىن.
ئۆمەر مىرزا ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى ۋە ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.
— سىزگە يەكەن خانىدىن ئىنايەتنامە بار، — دەپ كىفەكبەگ يېنىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.
«... ئى دىلاۋەرانى قىپچاق سەردارى، — دېيىلگەنىدى جاھان خوجىدىن ئۇنىڭ نامىغا يېزىلغان بۇ خەتتە، — سىزلەرنىڭ ئاتا — باباڭىزلار قەدىم ئەييامدىن سىپاھسەلارى لەشكەرى ئىسلام بولۇپ، ئىسلامنىڭ تىغىنى بىئىبا ۋە بىدەرىغ چاپىپ

كېلىپدۇلەر. ھەرگىز تابىئە كۇففار بولماپدۇر. خۇسۇسەن بىزنىڭ ئابا ۋە ئەجدادلىرىمىزغا ئەقىدە ئىخلاس قىلىپ كېلىپدۇلەر، ئىبادەتنىڭ ئەۋزىلى غازاتدۇر ۋە ئەرەنلەرنى غازات ئۇچۇن خەلق قىلىپتۇلەركى، كاپىرلار ئىلكىدە ئۆلسە شەھىتدۇر. دەرىجە ئەگەر ئۆلتۇرسە غازى، ئەرەنلەرگە فەخىر، سەنەددۇر ۋە مۇباھات ئابرۇي دۇجەھانىدۇر. ئەگەر تاراق بىلەن قولغا غەنىيمەت كەلسە، ئانا سۈتىدىن ئەرەقى پېشانىنى ھالال پاكراقدۇر. ئەرەنلەرگە نەڭگى ـ نامۇس ئەمەسمۇ؟ ئۆمرىنى ئەسكى پەلىد كاپىرلار ئىتائىتىدە سەرپ قىلغايلەر. ھەق تائالادىن ئۇمىدىم باركى، ئۆمرۈم ئاخىر بولغاندا قارا يۈزۈمنى ئاقارتقايمەن. ئىسلام تىغىنى بۇ كاپىرلار باشغە بى ئىبا چاپقايمەن ۋە نەچچە يىلدىن بېرى قىلغان ئىتائىتىمنىڭ تەداركىنى ياندۇرغايمەن. ئەگەر سىزلەرگە تەۋپىق بەرسە، ئۇلۇغ ئاينىڭ قەدىر كېچىسى ئىسلامغا يارى مەدەتكارلىق بەرگەيسىزلەر. نامە تامام، گەپ ۋەسسالام. تارىخىي ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ بىر يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلى (تاقۇ يىلى) رامزاننىڭ تۆتى. ئىنايەت ئۇچۇن مۆھۈرۈمنى باستىم.»①

ئۆمەر مىرزا جاھان خوجا ئەرشىنىڭ ئىنايەتنامىسىنى كۆرۈپ بولۇپ، نېمىلەرنىدۇر ئويلىغىنىچە جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

قەشقەر ھاكىمى كىفەگبەگ تولىمۇ پازىل ۋە تەدبىرلىك بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆمەر مىرزىنىڭ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇۋاتقانلىقىنى دەررۇ ھېس قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ سۆز باشلىشىنى كۈتۈپ بېشىنى ئېگىپ جىم ئولتۇردى.

— ئاڭلىساق، شەرق تەرەپتىن مانجۇ دەپ ئاتىلىدىغان بىر

---

① بۇ ھەقتە مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن كىتابىنىڭ 134، 135 ـ بېتىگە قارالسۇن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

گۆرۈھ ئادەملەر چىقىپ كېلىۋېتىپتۇدەك، — دېدى ئۆمەر مىرزا سۆكۈناتنى بۇزۇپ، — ئۇلارنى قالماقلارنىڭ ئامۇرسەنا دېگەن تۆرەسى باشلاپ كېلىۋېتىپتۇدەك. مانجۇلار مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ قومۇل، تۇرپان ئۆلكىلىرىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىپ، بىھېساب قوشۇن توپلاپتۇدەك. ئۇلار تولىمۇ نۇرغۇن تائىپە ئىكەن. ھەربىر جەڭگە تولىمۇ ئەستايىدىل تەييارلىق بىلەن كىرەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ بالا - قازادەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان زور قوشۇنى ئالدىدا قالماقلار خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان چاشقاندەك قاچار ئىكەن!

— بەرھەق! — دېدى كىفەگبەگ ئۆمەر مىرزىنىڭ سۆزىنى ئەستىنقلاپ تۇرۇپ، — ئى دىلاۋەرانى قىپچاق مىرزىسى، ئاگاھ ۋە دانا بولغايسىزكى، مەشرىق تەرەپتىن ھەقىقەتەنمۇ مانجۇ ئاتلىق بىر گۆرۈھ ئادەملەر چىقىپ كەلمەكتەكى، ئۇلار جۇڭغارىيەدىكى سان - ساناقسىز شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ، جەڭگى — جېدەل بىرلە تەخت تەسەررۇپىغا ئالۇپتىلەر. ئەلھال، قالماق تۆرىلىرى ئول گۆرۈھ تائىپىلەر بىلەن ئېلىشىپ بىزلەرگە قاراقسىز قالدىلەر. مۇبادا، بىزلەر ئول پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى بىلمىسەك، ئول ۋاقىتتا نەھۇسەت بىزلەر تەرەپكە، پەتھى نۇسرەت ئول گۆرۈھقا يۈزلىنۇر. بىسيار خۇنرىزلىق بولغاي. ئول ھالدا بىزنىمۇ، سىزنىمۇ ئەسىر ئەيلەپ، ئاتانى ئوغلىغا، ئانانى قىزىغا قوشتۇرمىغاي، بەزىمىزنى قويدەك بوغۇزلىغاي. بەزىمىزنى ئوق بىرلە ۋە بەزىمىزنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ۋە بەزىمىزنى يىپ بىرلە بوغۇپ ۋە تامغا باستۇرۇپ ۋە بەزىمىزنى ئېغىر تاياق بىرلە شاھەدەتلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزگەي. ئول ۋاقىتقا يەتكەندە، بىزنىڭ ۋە سىزنىڭ ئەھىل - ئەۋلادىمىز ۋە مۇرىت - مۇخلىسلىرىمىزدىن ھېچكىم ساق - سالامەت قالمىغاي. بەس! مۇبادا ئول ھالدا نەماتىمىزنى تۇتقىلى كىشى ۋە ھالىمىزغا يىغلىغىلى كىشى چىقماي قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەھلى

ئايالىرىمىزنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ئۆزىمىز ساقلايلۇق، ئۆز هالىمىزغا ئۆزىمىز يىغلايلۇق!

كىچىكبەگ مانجۇلارنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنى ۋە شەپقەتسىزلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئۆمەر مىرزا سەۋرسىزلىنىپ:

— بۇ بالانى نېمە بىلەن توسقىلى بولۇر، شۇنى ئېيتىڭ، بېگىم! — دېدى.

— بۇنى ئۇيغۇر - قىپچاق، قىرغىز تائىپىلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقى بىلەنلا توسقىلى بولىدۇ! بۇنىڭ ئۈچۈن، — دېدى كىچىكبەگ گەپنى ئەگىتمەستىنلا، — قىرلارغا جارچىلار ئەۋەتىڭ — دە، قىرغىز - قىپچاق ئۇلۇسىدىن قىرىق - ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، قالماق تۆرىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قامچىسى ھازىرچە مۇلكىي قەشقەرىيىگە يەتمىگەن مۇشۇ ئەپلىك پەيتتىن پايدىلىنىپ، قىشچە مەشىق قىلدۇرۇپ، جەڭگە تەييارلىق كۆرۈڭ.

— بېگىم، مانجۇلارنىڭ جۇڭغارىيەدىكى غەلىبىلىرىدىن ۋە شەپقەتسىزلىكلىرىدىن بىزنى ئاگاھلاندۇرغانلىقلىرى ياخشى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم تىغىنى سۇندۇرالايدىغان قۇدرەتلىك قوشۇن قېنى؟! بۇ قۇدرەتلىك قوشۇنغا قايسى يېگانە سەركەردە باشچىلىق قىلىدۇ؟! بۇلارنى جاھان خوجا پادىشاھىم ئويلىدىمۇ؟

— مىرزام، سىز يېگانە سەركەردە، دەپ كىمنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز؟ بىز بىلەن سىزنىڭ ئىتتىپاقىمىزدىن ھاسىل بولغان بىرلەشمە قوشۇن ئاشۇ قۇدرەتلىك قوشۇن ئەمەسمۇ؟

— توغرا! سىلەر سارتلار بىلەن بىز كىم قىرغىز - قىپچاقلاردىن تۈزۈلگەن بىرلەشمە قوشۇنلا مانجۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرالايدىغان قۇدرەتلىك قوشۇن بولالايدۇ. بالايى ئەزەمدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ لاي - لاتقا ئېقىنىنى سىز ئېيتقاندەك ھەممىمىزنىڭ بىرلىشىشى بىلەنلا توسۇش مۇمكىن.

بىراق، دېمەكچىمەنكى، مانا بۇ قۇدرەتلىك بىرلەشمە قوشۇنغا يېگانە بىر سەركەردە قوماندانلىق قىلمىسا بولمايدۇ — دە!
— يېگانە سەركەردە كىم بولۇشى مۇمكىن؟ — دەپ ئويلىدى ئىچىدە قەشقەر ھاكىمى كىفەكبەگ بىردىنلا سەگەكلىشىپ. قەشقەر خوجىلىرى ئىچىدە ھەربىي ئىلىمدىن خەۋىرى بار سىدىق خوجا پۈتۈنھەمدىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ بۇ ئىشنى باشقۇرالماسلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى. بىراق، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. چۈنكى، بۇ بىرلەشمە قوشۇن كىمنىڭ قولىدا بولسا، مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ سەلتەنەت تايىقىمۇ شۇنىڭكى بولىدىغانلىقى ئەزەلدىن ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى.
ئەمما، ئۆمەر مىرزىنىڭ جاۋابى كۈتمىگەن يەردىن چىقتى:
— شاھزادە مىرزا سىدىق خوجا بۇ بىرلەشمە قوشۇنغا باش سەركەردە بولسۇن! ئەمما، ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئاتۇش ۋە قەشقەرلەرنىڭ ھاكىملىقىغا بىز قىرغىز - قىپچاق ئۇلۇسلىرىدىن قويسىلەر! بۇ يۇرتلارنىڭ ئون يىللىق غەللە - پارىقى بىز قىرغىز - قىپچاقلارغا مەنسۇپ بولىدۇ!
كىفەكبەگ ئۆمەر مىرزىنىڭ شەرتىگە دەرھال جاۋاب بەرمىدى. چۈنكى، جۇڭغارلارنىڭ قولىدا قورچاق خان بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ تۇرغاق خوجىلارنىڭ قوش ھاكىمىيىتى ئۇنىڭ نەزىرىدە بارغانسېرى تېگى چىرىپ تېشىلىۋاتقان ئەبجەق كېمىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. تۇرغاق خوجىلار بۇ ئەبجەق كېمىنى مەيلى جۇڭغارلار بىلەن بىللە باشقۇرسۇن، ياكى قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرسۇن، ئۇ بۇ كېمىدە قالسا، پەيمانى تولغان بۇ قەشقەرلىك تۇرغاق خوجىلارغا قوشۇلۇپ ئاپەت سۇيىدە غەرق بولۇش مۇقەررەرلىكىنى بارغانسېرى ئېنىق ھېس قىلماقتا ئىدى. . .
شۇنداق قىلىپ قىرغىز، قىپچاق سەردارى ئۆمەر مىرزا يەكەن خانى جاھان خوجا ئەرشىنىڭ ئۆزگە ئەۋەتكەن

ئىنايەتنامىسىنى بەجانىدىل قوبۇل قىلىپ، جاۋابىي ئۇچۇن ئىنائەتنامە پۇتۇپ قەشقەر ھاكىمى كىفەگبەگنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى...

* * *

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سەھىپىمىزنىڭ باش قىسمىدا قەشقەر خانى يۇسۇپ خوجىنىڭ ئېرەن - قابۇرغىدا كېسەل بولۇپ ياتقان ئىنىسى نىزامىدىن خوجىنى يوقلاپ ئىلىغا كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. بىراق، نىزامىدىن خوجىنىڭ ۋاقىتسىز قازا تېپىپ كېتىشى يۇسۇپ خوجىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىگە قايتىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈۋەتتى.

قازارا، يۇسۇپ خوجا نىزامىدىن خوجىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ تۇرۇۋىدى، جۇڭغارىيە خانى داۋاچى ئۇنى قەشقەرگە قايتمىسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈردى. يۇسۇپ خوجا ئۆزىنىڭ قايتىدىن تۇرغاقلىقتا تۇتۇپ قېلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تىت - تىت بولغىنىدىن ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتتى. بىراق، ئالدىرىغان بىلەن تۇرغاقلىقتىن ساق قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىلىدىن قاچىدىغان پۇرسەتنى كۈتۈپ ئېرەن - قابۇرغىدا تۇرۇپ قالدى.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، داۋاچىي خان قەشقەر تەرەپتىن قىرغىزلارنىڭ قەشقەرگە تېگىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە سىرتىق تاپشۇرۇۋالدى: «... ھەزرىتى خوجا مۆمىن باشلىق خۇش كىفەگبەگنىڭ ۋە جىمى قەشقەر بەگلىرىنىڭ قالماق تۆرىسىگە ئەرزى شۇكى، ‹تامام ئەتراپ جەنۇبىتىكى قىرغىزلار بىر بولۇپ، مەسلىھەت ئەيلەپتۇلەركى، پالانى كۈنى، پالانى سائەتتە تۆت تەرەپتىن كېلىپ كاشغەرنى تاراج قىلىپ، ئادەملىرىنى

ئەسىر قىلايلى، دەپ بولجاق قىلىپدۇر. ئىش مەھەلدىن ئۆتسە سود قىلماس. سىلەرگە يۇرت كېرەك بولسا، جىد ـ جەھەت بىرلە يار بەرگەيسىزلەر. قىرغىز يول تاپماغاي، كەلمىسەڭلار كاشغەر قولدىن كېتەر. . . »

بۇ سىرتىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ داۋاچىنىڭ كاللىسى قايدى. ئۇ ئەئىيانلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپمۇ بۇنىڭغا بىرەر مۇۋاپىق چارە تاپالمىدى. ئاخىر قەشقەرگە ئېغىر قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولۇۋىدى، ئەئىيانلىرى بۇنى خوپ كۆرمىدى.

جوڭغار خانى داۋاچى يۇسۇپ خوجىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ بۇ ئىشقا قانداق مەسلىھەت بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى.

— ئى خوجا يۇسۇپ، — دېدى جوڭغارىيە خانى داۋاچى، ئۇ شۇ تاپتا جىلە بولغىنىدىن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئورنىدا جىم ئولتۇرالماي قالغانىدى، — سىز ئەقىل ـ كامالەتكە يەتكەن، تەدبىردە ئەھلى دانىشمەندۇرسىز، بىزنىڭ ھەم يۇرت ئىچىدىكى كارۇ ـ بارىمىزنى سىز خوپ بىلىدۇرسىز. جوڭغارىيە ئىچى ناھايىتى تەپرىقىلىق. كونا دۇشمىنىمىز خاقانى چىن لەشكەرلىرى دۆلەت دەرۋازىمىزغا باستۇرۇپ كەلدى. ئەلھال، لەنىتى قىرغىزلار كاشغەرگە تېگىش قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇدەك. لەشكەر ئەۋەتىشكە ئىلاج قىلالمىدۇق. بۇ ئىشنىڭ ئىلاج ـ سەۋەبىنى بىر سىزلا قىلۇرسىز. شۇ ۋەجىدىن، سىز كاشغەرغە يېنىڭ — دە، ئۆز لەشكەرلىرىڭىز بىلەن قىرغىزلارغا روبىرو بولۇڭ. بەلكى سىزنىڭ ھەيۋىتىڭىزدىن قىرغىزلار قورقۇپ كەلمىسە ئەجەب ئەمەس!

يۇسۇپ خوجا داۋاچىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ جوڭغارلارنىڭ بەنت ـ سىرتماقلىرىدىن ئازاد بولۇش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى — دە، كۆڭلىدە ھەق سۇبھانە ۋە تائالاغا بىسيار شۈكرى ـ سانالار ئوقۇپ خاتىرجەم بولدى ئەمما

قىلچە چاندۇرماي:
— ئى ھەزرىتى تۆرەم، تولا ئەندىشە قىلماڭىز. مەن بارماققا ھاجەت ئەمەس. بەلكى، مېنىڭ ئوغلۇم خوجا ئابدۇللا بارسا، بۇ ئىش كۆپايە تاپۇر. مۇبادا، كۆپايە تاپمىسا، ئاندىن مەن بارسام بارارمەن! — دەپ ئەقىل كۆرسەتكەن بولدى.
ئەسلىدە، جۇڭغار خانى داۋاچى ئۇنى نېمە دەيدىكىن، دەپ چېكىپ باققانىدى. بىراق، داۋاچىنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغان يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان شۈبھىسىنى ھېچقانداق قىينالمايلا بىتچىت قىلىپ تاشلىدى.
داۋاچى يۇسۇپ خوجىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىنى لازىم تاپتى. شۇنىڭ بىلەن خوجا ئابدۇللا قەشقەرگە قايتىدىغان، يۇسۇپ خوجا ئىلىبالىقتا ئۇنىڭ ئورنىغا تۇرغاقلىقتا تۇرۇپ قالىدىغان بولدى.
خوجا ئابدۇللا مۇلكىي قەشقەرىيىگە يولغا چىقىش ئالدىدا، يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭ قولىغا بىر مەكتۇپنى تۇتقۇزدى ۋە «مۇز داۋاندىن ئۆتمىگۈچە بۇنى ھەرگىز ئاچقۇچى بولما!» دەپ ئالاھىدە جېكىلىدى...

* * *

قازارا، خوجا ئابدۇللا ئاتىسى يۇسۇپ خوجا بىلەن خوشلىشىپ مۇز داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاتىسى بەرگەن ھېلىقى مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى: «... ئى پەرزەنت، مېنىڭ سېنى ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا مۇلكىي كاشغەرغە ماڭغۇزۇشۇمدىكى سەۋەبنى ئەمدى بىلگەنسەن، - دېيىلگەنىدى بۇ مەكتۇپتا، — مۇبادا كاشغەرغە مەن ئۆزۈم يانغان بولسام، بۇ كاپىرلار سېنى بىز بىلەن تۇرسۇن، دەپ تۇرغاقلىقتا ئېلىپ قالادۇر. ئۇ چاغدا سېنىڭ كاشغەرغە قايتمىغىنىڭ بىسيار مۇشكۇلدۇر. ئەلھال، سەن كاشغەرغە يەتمەي تۇرۇپلا، بەدەر

كىشى ئەۋەتكەيسەن ۋە: ‹ قىرغىزلار بىسيار ھۇجۇم ئەيلەپدۇركى، يۇرتنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئاھالىنى ئۆچكە غاجىۋەتكەن شاپتۇل سوتىسىدەك يالىڭاچلاپ قويۇپ كېتىپتۇ. خالايىقلار بىسيار ۋەھىمە، قورقۇنچ بىرلە تۇرۇرلەر. ھېچكىم يوقكى، ئۇلارغا تاقابىل بولغاي. يۇرتقا بىسيار زىلزىلە توشۇپتۇركى، ئەندەك باھانە بىرلە قىرغىزلارغا يۈزلەنگەي ۋە قالماق تۆرەمنىڭ ئىتائىتىدىن چىققاي. ئەلھال، بۇ ئىشنى بەجا ئەيلىمەككە بىز ئاجىز كەلدۇق! ›، دەپ نامە ئەۋەتكەيسەن. پەقەت ئۇشبۇ تەدبىر بىلەنلا نەسىبەم كاشغەرغە ئىنشائاللا تۇشسە كېرەك. ھەق تائاللا دەرگاھىدىن ئۈمىدىم كۆپ باركى، شۇم كاپىرلارنىڭ تەلەتلىرىدىن قۇتۇلغايمىز. ئالاھىدە ئىسلام ئەلەمىنى مۇسۇلمان باشىغە تىككەيمىز ۋە جەددى ئەئلايىمىز ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرىئەتلىرىگە راۋاج بېرىپ، پۇقرائى ـ رەئىيەلەرنى ئامان قىلغايمىز. ئىنشا ئاللاھ. . . »[1]

خوجا ئابدۇللا ئاتىسىنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ ئىشنىڭ تېگىگە شۇندىلا يەتتى — دە، دەرھال مەكتۇپ بىلەن بىر ئادەمنى ئېرەن ـ قابۇرغىغا قايتۇردى. ئاندىن بىسيار ئىشەنچ بىلەن مۈلكىي قەشقەرىيىگە قاراپ ماڭدى. . .

* * *

جۇڭغارىيە خانى داۋاچى روبى ـ زېمىننى قاپلىغان قارا چېكەتكىدەك كېلىۋاتقان خاقانى چىن لەشكەرلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەي بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ

---

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، مۇھەممە سادىق قەشقەرى يازغان: «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن كىتابنىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 135 ـ، 136 ـ ۋە 137 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

تۇرغاندا، خوجا ئابدۇللانىڭ ئۇنىڭغا ياردەم تەلەپ قىلىپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئاخىر، ئۇ بۇ ئىشنى ئوڭشاش ئۈچۈن قەشقەرغە يۈسۈپ خوجىنى ئەۋەتمەكتىن ئۆزگە چارە يوقلۇقىنى ھېس قىلدى — دە، ئۇنىڭغا: «ئۆزىڭىزنى كاشغەرغە ئالىپ، بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلغايسىز!» دەپ رۇخسەت قىلدى.

يۈسۈپ خوجا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دەرھال ئادەملىرىنى ئېلىپ، مۇز داۋان تەرەپكە قاراپ شۇ كېچىسىلا يولغا چىقتى ۋە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، يەتتە كۈن بولغاندا ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا ئۈچتۇرپانغا جوڭغارلار تەرىپىدىن خوجەسى دەپ ئاتىلىدىغان بىرەيلەن ھاكىم قىلىپ قويۇلغانىدى. ئۇ بىسىيار پۇر قۇۋۋەت، غەددار مەككار، بەد رەپتار، بەد گۇپتار، خۇنخور نابىكار، ھارامزادە ئى بەدكىردار بىر ئادەم ئىدىكى، ھىيلە - مىكىردە ئوت بىلەن سۇنى بىر - بىرىگە قوشالايتتى. تىل ياغلىمچىلىقتا تاشنى مومدەك ئېرىتىپ تاشلايتتى. ئۇ ھەردەم شۇرشەر پىتنە پەيدا قىلىپ تۇرمىسا ۋە ھەردەم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا غوۋغا ياساپ تۇرمىسا، كۆڭلى خۇرسەن بولماس ئىدى.

— تەقسىر ئالىي خوجام، مۇبارەك بولغاي، — دېدى ئۇ مۇلاقەت ۋاقتىدا خۇپسەنلىك قىلىپ، — ئىسلام ئاچقىلى كەلدىلىمۇ ئى دىلاۋەر پادىشاھى پۇشتىپاناھ؟!

ئۇنىڭ پىتنە - ئەڭگىز پاسادئاۋەر كىشى ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بولغاچ:

- ماشائاللا، مۇبارەكلىك ھەق تائالادىن بولغاي، — دېدى يۈسۈپ خوجىمۇ چاندۇرماستىن.

— ئىلى تەرەپنى تىنچ ئەمەس ئىمىش دەپ ئاڭلايمىز. خاقانى چىندىن بىسيار قارا چېرىك كېلىۋېتىپتۇ ئىمىش. بۇ راستمۇ خوجا پادىشاھىم؟

— شۇنداق، ئىلى ئىچى بىسيار تەپرىقەلىك ئىكەن. مەنمۇ ئۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنى خوپ كۆرمىدىم. شۇ ۋەجىدىن جۇڭغار تۆرىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز ئېلىمگە قايتتىم. مەندە باشقا مەقسەت يوق. سەپەر ئازابى يېتىپتۇ ماڭا. ئەيىپ كۆرمەڭىز، مۇلاقىتىمىز بۇگۈنچە مۇشۇ يەرگىچە بولۇپ تۇرسۇن، قالغىنىغا يەنە ئەتە سۆزلىشەرمىز، — دېدى يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگەن بولۇپ.

دەككىسىنى يېگەن خوجەسى خەيرلىشىپ يۇسۇپ خوجىنىڭ ئوتاقىدىن يېنىپ چىقتى.

يۇسۇپ خوجا: «بۇ پىتنە - ئەڭگىز كاپىرلار قېشىغا بېرىپ، بىرەر پىتنە ياساپ يۈرمىسۇن يەنە؟» دەپ ئويلىدى ئىچىدە ۋە بۇ يەردىن شۇ كېچىدىلا قەشقەرغە قاراپ ھايالشىماستىنلا يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى ئۇچتۇرپان ھاكىمى خوجەسى يۇسۇپ خوجىنىڭ ئوتاقىغا كېلىپ قارىۋىدى، كۆردىكى، يۇسۇپ خوجىلار ئوتاقنى يىغىشتۇرۇپ، ئاللىقاچان ئاقسۇغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. «خوجا يۇسۇپ قالماقلارنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپتۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ كاپىرلارغا ئاداۋەت شەمشىرىنى تارتىپتۇ!» ئۇ بۇ ئىشنى جۇڭغار تۆرىسىگە خەۋەر قىلماق بولۇپ، دەرھال ئىلى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ مۇشۇ ماڭغىنىچە تۆت قونۇپ بەشىنچى كۈنى ئېرەن قابۇرغىغا كېلىپ چۈشتى ۋە ھايالشىماستىنلا جۇڭغار خانى داۋاچىنىڭ ئالدىغا كىردى:

— ئى تۆرەم، يۇسۇپ خوجىنى بى جا ياندۇرۇپسىز ۋە بى ئورۇن رۇخسەت بېرىپسىز! — دەپ ئەرز قىلدى ئۇنىڭغا، — ئەندەك پۇرسەتتە سىزدىن يۈز ئۆرۈگەي، باشىڭىزغا تىغ تارتقاي. ئول كۈنىكى مۇز داۋاندىن ئۆتۈپدۇر، سىزگە ياغى بولۇپدۇر ھەم يۇرتىڭىز ئىچرە تەپرىقەلىك بار. ئانداغ تەدبىرلىك كىشىشلىك كىشى سىزنىڭ قاشىڭىزدا بولغانى بىھىرراق ئەردى. ۋادەرىغا،

ئەپسۇسكى، تولا ئەپسۇس، ھېچ سودى يوق. ھالاھەم چالاك بىر كىشى ئاقسۇ تابان بارسە ۋە ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇۋاھابقا ئول يۇسۇپ خوجىنــــى تۇتۇپ تۇر، دەپ پەرمان بېرىلسە، ئەگەر دۆلىتىڭىز ئىقبالىدە بولسە، ئۇنى ياندۇرۇپ ئالىپ كېلۇر، ئالىپ كەلمەسە، ياركەنت، كاشغەرلەردىن ئۈمىــــد ئۈزمەك كېرەك. ①

خوجەسىنىڭ مەسلىھەتىنى خوپ كۆرگەن داۋاچى دەرھال ئاقسۇغا بىر جۇڭغارنى ئەلچى قىلىپ ماڭغۇزدى. . .

ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇۋاھاب ئەسلىدە شەقى ئەزەلى بەدكىردار نابىكار ھارامزەدە ئى رافىزە بىر ئادەم ئىدى. جۇڭغارىيە خانىنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭ يېنىــــغا كەلگەندە، يۇسۇپ خوجا ئاقسۇدىن كەتكەنگە بەش كۈن بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ پۇشايمان ئىلكىدە قولىنىڭ دۈمبىسىنى چىشلەپ قالدى — دە، قەشقەرغە يۇسۇپ خوجىنىڭ ئالدىغا نامە بىلەن قوشۇپ ھېلىقى جۇڭغار ئەلچىسىنى ئەۋەتتى.

«. . . ئى خوجا يۇسۇپ، — دەپ يېزىلغانىدى ئۇنىڭ يۇسۇپ خوجىغا يازغان نامەسىدە، — سىزنى تۆرە چىللايدۇ. ئامۇرسەنا تولا لەشكەر بىرلە كېلۇر ئىمىش. تا ئول كەلگۈنچە پاتراق ئىلىگە بارغايسىز، تاكى مەھەللە ياۋەرلىكدۇر. ئەگەر بۇ ۋەقتىدە مەدەت بېرىلسە، ھېچ ۋاقىتتا تۆرەنىڭ يادىدىن كەتمەس. ھەمىشە سىزلەرنىڭ دۆلىتىڭلار راۋاجىغا سەيئى قىلۇرلەر. ئەگەر قوبۇل تۇتمەسىڭىزلەر جان قايغۇســــدىن خەۋەردار بولۇڭ! ئەسبابى جەڭنى تەييار قىلماق كېرەك! . . .» ②

يۇسۇپ خوجا ئابدۇۋاھاب دېگەن بۇ بەدكىردار مەككاردىن كەلگەن نامەنــــى تاپشۇرۇۋېلىــــپ، ئۆزىگە ئۇنىــــڭ تۇزاق

① مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزەن»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى 139 - بەت.
② مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى، 140 - بەت.

قورۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى ـ دە: «پۇتۇمنىڭ مۇپاسىل كېسىلى بار. سەلھەت تاپقاندىن كېيىن بارۇرمەن. ئۇشبۇ ئۆزرەمنى قالماق تۆرىسىگە يەتكۈزۈپ قويغان بولسىڭىز» دەپ جاۋاب قايتۇردى. شۇنداق قىلىپ، جوڭغار خانى داۋاچى بىلەن ئابدۇۋاھابنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسى كارغا كەلمىدى. ھېلىقى جوڭغار ئەلچىسىمۇ مەيۇس ھالدا ئاقسۇغا قايتتى. . .

* * *

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق. يۇسۇپ خوجا چوڭ ئاغىسى، يەكەن خانى جاھان خوجا ئەرشىنىڭ پەرمانى بويىچە قىرغىز ـ قىپچاق سەردارى ئۆمەر مىرزا بىلەن بىرلەشمە قوشۇن تۈزگەندىن كېيىن دەرھال ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇستا ۋە تۆمۈرچىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، قىلىچ ۋە مىلتىقلارنى سوقۇشقا پەرمان بەردى. تىرساز، كەمانگەرلەرنى سەپراس ـ چەپراس تۇرۇپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى، ئوردا قوۋۇقلىرىنى مەھكەم ساقلاپ، كېچە ـ كۈندۈز جەڭگە تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

قەشقەر بەگلىرىنىڭ ئارىسىدا جوڭغارلارنىڭ راھەت ـ پاراغىتىنى تولا كۆرگەن خۇدايار بەگ دەپ ئاتىلىدىغان بىسيار غاپىل، ئىمانى سۇس، جوڭغارلارغا مايىل بىر شىغاۋۇل بېگى بار ئىدى. ئۇ يۇسۇپ خوجىنىڭ جوڭغارلاردىن يۈز ئۆرۈمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرەكلىرىگە لەرزە چۈشتى. چۈنكى، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جوڭغارلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئۆز ئالدىغا يۇرت سورۇشىغا زادىلا رازى ئەمەس ئىدى. بەلكى جوڭغارلاردىن بۇرۇنقىدەكلا بۇ شەھەرلەرگە قاراخان قويۇلسا ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى داۋاملىق جارى بولسا، دەپ ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ يۇسۇپ خوجىغا ئاستىرتتىن نىيىتىنى بۇزۇپ

يۇرەتتى. ئاقسۇ هاكىمى ئابدۇۋاهاب بىلەن ئۇچ هاكىمى خوجەسىلەر قەشقەرلىق بۇ كازىراپ خۇدايار بەگ، ئاتۇشلۇق ئابدۇساتتار بەگە دېگەنلەر بىلەن بۇرۇندىن تارتىپلا ئىچىز - بۇرۇن يالىشىپ كەلگەچكە، قەلبداش، هەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولۇشۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىر بولۇشۇپ، ئاغا - ئىنى بولۇشۇپ بىر - بىرىگە قول بېرىشكەنىدى. ئابدۇۋاهاب يۇسۇپ خوجىغا نامە ئەۋەتكەندە، ئول خۇدايار دېگەن كازىراپقىمۇ بىر پارچە مەخپىي خەت ئەۋەتكەنىدى.

قازارا، خۇدايار بەگ ئۇنىڭ بۇ مەخپىي خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاتۇشلۇق ئابدۇساتتار بەگ قاتارلىق بىرنەچچە ئۆزىگە يېقىن دوست - يار ئاغىنىلىرىنى پىنهان چىللاتقۇزۇپ كېلىپ هېلىقى مەخپىي خەتنى ئۇلارغىمۇ كۆرسەتتى. ئابدۇۋاهاب شەقىدىن مۆهۈر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بۇ مەخپىي خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«. . . خۇدايار بەگ باشلىق كاشغەر بەگلىرىگە سىپارشىنامە بۇكى، خاقانىي چىندىن ئىلى مەۋزەئىغە ئىغىر لەشكەر كەلدى. هالا ئىلى ئىچى بىسيار تەپرىقەلىك. قالماقلار ئاڭا باراۋەرلىك قىلالماس. هەرنە بولسا، خوجا يۇسۇپنى ئۆلتۇرسۇنلەر. ئەگەر قالماق دەۋرىچە بولسا هەم خىزمەتتۇر. خىتايلار دەۋر سۇرسە ۋەللەهەمكى، يەنە خىزمەتتۇر! يۇرتنى ئۆز ئىختىيارىڭلارچە سوراپ تۇرغايسىزلەر، نامە تامام.»①

ئۇلار ئابدۇۋاهابنىڭ مەخپىي خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇدايار بەگدىن بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى كارىنى سورىۋىدى، ئۇ ئويلىنىپ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— تا خوجا يۇسۇپنى ئۆلتۇرمىگۇچە، ئىشىمىز ۋۇجۇدقا چىقماس، — دېدى يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — مۇنداق بولسۇن،

① مۇهەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى 142 - بەت.

تاڭلا جۇمەدە خوجا يۇسۇپ ھېيتگاھ جامەسىگە نامازغا كېلىۇر. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىدىغان مىلتىقچىلىرىنى كۆپ ئالتۇنغا سېتىۋالايلۇق. خوجا يۇسۇپ ئاتتىن چۈشۈپ نامازغا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ياكى نامازغا تۇرغان چېغىدا، ئۇلار ئۇنى نىشانغا ئېلىپ ئۇققا تۇتقاي. بىز شاھبەگ باشلىق بەش ـ ئالتە يۈز كىشى مۇكەممەل مۇسەللەھە قىلىپ ھازىر تۇرغايمىز. ئابدۇساتتار بەگ ئاتۇشتىن بەش ـ ئالتە يۈز كىشىنى راستلاپ، ياۋاغ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغاي. مىلتىق ئۇنى چىقسا، بىز بۇ تەرەپتىن ئاق سارايغا يۈگۈرەيلى، ئابدۇساتتار بەگ ياۋاغ دەرۋازىسىدىن ئاق سارايغا ئات سېلىپ باستۇرۇپ كىرگەي. ئازنا كۈنى ھەممە كىشى سودا بىلەن نامازغا مەشغۇلدۇر، ئاق سارايىنى بېسىپ ئاالىساقلا، شەھەر قولىمىزدا دېگەن گەپ. قەشقەر ھاكىمى كىفەگبەگ تولا قورقۇنچاق، ساددا، گول بىر ئادەمدۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ كارى چاغلىق، ئاق سارايىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، دەپئى ـ دۇنيانى مالامال قىلىپ ئالغايمىز. تامامى مەنسەپ قولىمىزغا ئۆتكەندىن كېيىن خالىغانلىرىمىزنى قىلغايمىز. بويسۇنمىغانلارغا ئىۋەن قويۇپ ئۆلتۈرگەيمىز ۋە بەندگە سالغايمىز. شەھەردە ئاتاغان جايساڭ قاراخان باشلىق 15 قالماق بار. بىز يەنە 30 دەك كىشىنى بېشىغا جالا ـ قاپتۇرغا راسلاپ، خوتۇنلارنىڭ چېچىنى كوكۇل قىلىپ، قالماق سۈرەتتە ياساپ قويايلۇق. كىشىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ قالماق ئىكەن، دەپ تەپتارتسا ئەجەب ئەمەس!

خۇدايار بەگنىڭ بۇ چارىسىنى ئاڭلاپ سورۇن ئەھلى:
— دانا، ھەقىقەتەن دانا ئىكەنلا. چارە ـ تەدبىر بابىدا ئىسكەندەر سانىي بولدىلا، ھەر مەسلىھەت بولسا ئۆزلىرىدىن چىقىدۇ! — دېيىشىپ، ئۇنى بولۇشىغا تازا ماختاپ ئۇچۇرۇشتى ۋە خام تەمەلەرنى ئوت ياقمىغان قازانغا سېلىپ تەييارلاپ پىشۇرۇپ، چىشى يوق قۇرۇق ئاغزىلىرىدا چايناپ لەززەتلىنىپ

بىردەم ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ھەممىسى ئۆز ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

بۇ سورۇندا خۇدايار بەگنىڭ مۇبارەكشاھ دېگەن بىر مىرزىسىمۇ بار ئىدى. سورۇندا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بۇ پىتنىنىڭ ئۆتمۇشىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال يۇسۇپ خوجىنى بۇ سۇيىقەستتىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى...

يۇسۇپ خوجا ئۆزىنىڭ ئىچكىيلىرىدىن ئابدۇرېھىم بەگ دېگەن بىر سىپاھىنى «مەسلىھەت بار ئىكەن، خان سىزنى دەرھال ئاقسارايغا كەلسۇن دەيدۇ!» دەپ خۇدايار بەگنى چىللاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. خۇدايار بەگمۇ ئانچە نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئابدۇرېھىم بەگنىڭ كەينىدىن ئاقسارايغا قاراپ ماڭدى.

خۇدايار شاھنىشىنغا كەلگەندە، يۇسۇپ خوجىنىڭ تەرىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز شۈركەنگەندەك بولۇپ كەتتى ۋە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا يانماقچى بولۇشىغا، ئابدۇرېھىم بەگ ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ تۇرۇۋالدى.

— ئى خۇدايار! — دېدى يۇسۇپ خوجا، — بىز ساڭا نېمە يامانلىقلارنى قىلغانىدۇق؟! سەندىن بىزگە بۇنچىۋالا خىيانەت، ئاداۋەت بولۇشىنى زادىلا كۈتمىگەنىدۇق! بەلكى بىز ساڭا نۇرغۇن ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، دۆلىتىڭنى كامال تاپقۇزغانىدۇق. بىز قالماقلار ئۈستىدىن غازات قىلىمىز دەۋاتقان مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار تەرەپتە تۇرماي، قالماق كاپىرلار تەرەپتە تۇرۇپ بىزگە قارا سانىغىنىڭ تۇزكورلۇق ھېسابلانمامدۇ؟ ھەر نەكى مۇرۇۋۋەت بىزدىن ساڭا يەتتى، سەن ئۇنى ئۆز كۆچۈڭدىن كۆردۈڭ. بىز سېنى ئەزىبرايى خۇدا بىلدۇق، سەندىن نەچچە نۆۋەت رەددى بەدەل ئاخىر مۇشۇ بولدىمۇ؟ ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭدۇر. جاللات، قېنى سەن؟!

— قىلىچىمىز قانسىرىغان! — دەپ ئىككى كۆچتۈڭگۈر قىرغىز قىلىچىنى يالىڭاچلاپ هازىر بولۇشتى. جاللاتلارنىڭ ئىچىدە توقال ئاتلىق بىر قىرغىز ئۇتتۇر بارغۇنچە بىر قولىدا ئۇنىڭ ئىككى قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا بىلىدىن تۇتۇپ، ئالمىنى ئۈزۈپ ئالغاندەك يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئۆشنىسىگە ئالدى. پەرياد - پىغانلارنى باشلاپ نالە قىلىۋاتقان خۇدايارنى كۆتۈرگىنىچە شاھنىشىدىن چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى. سورۇندىكىلەر قورققىنىدىن تىترىشىپ چىرايلىرى قەھرىۋادەك سارغىيىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ هالىدىن ۋاقىپ بولغان يۇسۇپ خوجا ئۇلارنى تەسكىن - خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن:

— ئى بەگلەر، ۋەھىمىناك بولماڭلار، — دېدى ھېچنېمە بىلمىگەندەك قىلىپ، — دۈشمەن بىر كىشى ئىدى، جازاسىنى تارتتى. باشقىلىرىڭلارغا ھېچ ئىش يوق. خاتىرجەم بولۇڭلاركى، ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ. خۇدايار ئۆزى تاپقان بالاغا ئۆزىلا مەسئۇل بولىدۇ. خۇدايارنىڭ بالا - ۋاقىلىرى، ئەھلى تابىئەلىرى ھەم خاتىرجەم بولسۇن. ئۇلارغا ھېچ ئىش يوقتۇر!

خۇدايار پىتنىسى پاش بولغاندىن كېيىن ئاتۇشلۇق ئابدۇساتتار بەگ شۇ كېچىسى تۈن نىسبى بولغاندا، ئاتۇشنى تاشلاپ كاتتايلاق تەرەپكە قاچتى. ئۇ ئۆت قونۇپ بەشىنچى كۈنى ئاقسۇغا ئابدۇۋاھاب دېگەننىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا خۇدايار بەگ ۋەقەسىنى بايان قىلىپ بەردى. پۇرسەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى بىلگەن ئابدۇۋاھاب بەگ يەكەن خانى جاھان خوجا ئەرشى باشلىق قەشقەرلىق تورغاق خوجىلارنىڭ جوڭغارلاردىن تامامەن يۈز ئۆرىگەنلىكى ھەققىدە جوڭغارىيە خانى داۋاچىغا خەۋەر بېرىۋەتتى.

*　　　*　　　*

مىلادى 1753 ـ يىلى كۈز ئايلىرى. گۈزەل ئېرەن ـ قابۇرغا تاغلىرى ئۆزىنىڭ كۈز پەسلىدىكى مەنزىرىسى بىلەن ئەزەلدىن كىشىنى مۇنداق مەپتۇن قىلىپ باقمىغانىدى. باش كۈز كۈنلىرىدە كىشىلەر زېمىندىكى جەڭگى ـ جېدەلدىن ۋە خۇشپۇراق چېچەكلەرنى ئېچىۋاتقان گۈل ـ گىياھلارنىڭ يايرىشىدىن زېرىككەن چېغىدا تاغ باغرىدىكى تۇتاش كەتكەن قارىغايزارلىق ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈلگە ياقاتتى. تەبىئەت كۆكلەم پەسلىدە تولىمۇ چىرايلىق ۋە شاد ـ خۇرام بولۇپ، خۇددى يارىغا تەلمۈرگەن سۇمبۇل چاچلىق قىزغا ئوخشاپ قالغان بولسا، ئەمدى باش كۈزدە بولسا بەدىنى سەمرىپ تولغان، ئۆتكەن شېرىن ئىشلارنى ئەسلەۋاتقان، چاچلىرى ئالتۇندەك يېقىملىق ئايالغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەمما، زېمىندا كىشىگە كۈز كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدىغان ۋە ياز مەنزىرىسى ئىچىگە قىستۇرۇۋالغان بىرەر تالمۇ تۆكۈلگەن ياپراق، ئازراقمۇ سېرىقلىق يوق. تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئازراقمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى. يانباغرىغا ئالدى جەنۇبقا قارىتىلىپ سېلىنغان قالماق كۈرەسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا چېدىر ـ بارگاھلار سانجاق ـ سانجاق تىكىلگەن بولۇپ، بۇ يەردە ھازىر جۇڭغارلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان نادىن بايرىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىدى.

بۈگۈنكى نادىن بايرىمىغا جۇڭغار خانى داۋاچى قاتناشمىغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا قولىدىكى ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇۋاھابتىن كەلگەن خەتنى مىجىقلاپ، يۈز مىڭ پۇشايمانلار ئىلكىدە ئىزتىراپ چېكىپ ئولتۇراتتى.

— «خوتۇن كۈن كۈن بىشى، ئېلجىگېن مال بىشى!»[①] — دېدى

[①] مۇڭغۇلچە ماقال، مەنىسى: «ئۆيخۇر دېگەننى ئادەم دېگىلى بولماس، ئېشەكنى مال دېگىلى بولماس.»

ئۇ موڭغۇللاردىن قالغان قەدىمكى بىر ماقالنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، — ئەسلىدە، يۇسۇپ خوجىنى قولدىن چىقارمايدىغانمۇ ئىش ئىكەندۇق. ماۋۇ ئۆلەرمەن نىزامىدىن خوجىغۇ ئۆلۈپ تۈگىدى. ئەمدى خوتۇنىيە ئىلىگە ئىغىر لەشكەر ماڭدۇرماقتىن باشقا چارە قالمىدى!

— ھەيھات! ئۇنداق قىلساق زادى بولماس، ـ دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى مەرجى قالماق دېگەن بىر جۇڭغار تۆرىسى، — ئەلھال، خوتۇنىيە ئۆلكىسىگە لەشكەر ھازىرچە بارمىسۇنلەر، خۇيت تۆرىسى ئامۇرسەنا خىتايدىن ئىغىر لەشكەر باشلاپ كەلدى. بىھراق ئولكى، بۇ مەھەلدە بىر ئوتلۇق كىشى ئەلچى بولۇپ خوتۇنىيە ئۆلكىسىگە بارسۇنلەر. ئەگەر خوجىلار بورۇنقىدەك مۇئامىلە قىلسا خوپ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئەلچى يانغاندىن كېيىن ئىغىر لەشكەر بارغاي ۋە ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەي!

مەرجىنىڭ بۇ مەسلىھەتى جۇڭغار خانى داۋاچىغىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ خوپ ياقتى. شۇنىڭ بىلەن داۋاچىنىڭ يەرمانى بويىچە جۇڭغار تۆرىسى مەرجى قالماق جۇڭغارلاردىن تۈزۈلگەن بىر جۇڭغار ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ مولكىي قەشقەرىيىگە تۇرغاق خوجىلارنى ئىنسابقا دالالەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى...

نەزمە

چىقراق بىر نادان كەتتى كۆرەڭلەپ،
سۇكۇشتە دانانى بابلىدىم مەن دەپ.
بۇ ئەخمەق بىلمىدىكى، ھىجاز كۆينى،
ئورۇش دۇمبىقىنىڭ يوق ئەتىكىنى...

— شەيخ سەئىدى

ئىككىنچى باب

# نورۇزدا چاقنان چايان

دۈشمەن بارلىق ھىيلىلەرنى ئىشلىتىپ دەرمانى قالمىغاندا، دوستلۇق زەنجىرىنى جىرىڭشىتىدۇ. بۇنداق چاغدا، «دوستلۇق» بويىچە ھېچقانداق دۈشمەن قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.

— شەيخ سەئىدى

مىلادى 1753 ـ يىلى (توخۇ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ باشلىرى.

شەھەر ئىچىدە: «كوۋن چىقىش تەرەپتە خاقانى چىن دەپ قۇدرەتلىك بىر ئەل بار ئىمىش. ئۇنىڭ بايلىقى مۇسۇلمانلار يۇرتىدا يۇرت سوراۋاتقان قالماق قارا خانلىرىدىن، ھەتتا مىڭلاپ يىلقىسى، تۈمەنلەپ تۆگىسى بار جوڭغار خانىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرار ئىمىش. بۇ ئەلنىڭ خاقانى تولىمۇ قەھىر ـ غەزەپلىك خان ئىمىش. ئۇ ئۆزىگە بويسۇنۇشنى خالىمىغان جوڭغار خانىنى جازالاش ئۈچۈن بىر ئەمىر قىلىپتىكەن، ئىچكىرىسىدىن لەكمىڭ ـ لەكمىڭ قارا چېرىك چىقىپ، خۇددى رويى ـ زېمىننى قاپلاپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان چېكەتكىدەك مۇلكىي تۈركىستانغا

باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ مىش. قالماقلار بۇ يۇرتتىن كېتەر ئىمىش» دېگەن ۋەھىمىلىك سۆزلەر ئېقىپ يۈرەتتى. شۇڭا، بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاھالە ئىچىدە جۇڭغارلارنىڭ بۇ يۇرتلارغا قويغان قارا خانلىرىغا ئالۋان بېرىپ، سېلىق تۆلەشتىن ئاشكارا باش تارتىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى.

مۇشۇنداق كۈتمىگەن يەردە، ئىلىدىن يولغا چىققان 300 كىشىلىك بىر جۇڭغار ئەلچىلىرى ئۆمىكى يەكەنگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئەلچىلەرگە جۇڭغارلارنىڭ مەرجى قالماق دېگەن تۆرىسى باشچىلىق قىلاتتى. ئۇلار يەكەنگە يېتىپ كېلىپلا يەكەن ئوردىسىدا جاھان خوجا ئەرشىگە مۇلاقات بولۇشتى.

— ئى يەكەن ھۆدۈتلۇقىنىڭ پادىشاھى، — دېدى جۇڭغار تۆرىسى مەرجى قالماق جاھان خوجا ئەرشىگە قالماقچە سالام قىلغاندىن كېيىن، — جۇڭغار خانى، چوڭ تۆرە داۋاچىدىن ساڭا يالقۇنلۇق سالام! سالامەت بولغايسەن، مەڭگۈ سالامەت بولغايسەن! سېنى جۇڭغار خانى ئىلىغا چىللاپ مېنى ھۇزۇرۇڭغا ئەۋەتتى.

جاھان خوجا ئەرشى ئورنىدىن سەل ـ پەل قىمىرلاپ قويدىيۇ، جۇڭغار ئەلچىسىنىڭ يەنە نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ جىم ئولتۇردى.

— سېنىڭ مەرھۇم داداڭ دانىيال تۆرە جۇڭغار خانىغا باش قويغانىدى. ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، پەرمانىنى بەجانىدىل، كەمكۈتسىز جايىجا كەلتۈرگەنىدى. ئەلھال، بۇگۈنكى كۈندە بىلمىدۇقكى، ساڭا بىز جۇڭغارلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان كۈچ نەدىن كەلدى؟ بىزگە بويۇنتاۋلۇق قىلغان قەشقەر تۆرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى جۇڭغار خانى ئېرەن ـ قابۇرغىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ تېزەك چىشلەتكۈزمىگەنمىدى؟! سەن خوتۇنلار نېمەڭگە ئىشىنىسەن؟ ئۆزۈڭنى نېمە چاغلىشىسەن — ھە؟ — دەپ سوراقىقا تارتتى مەرجى قالماق جاھان خوجا

ئەرشىنى.

— كۆپ يىللاردىن بېرى بىزلەرنىڭ ئاتائى - ئەجدادلىرىمىز سىلەر قالماق كاپىرلارنىڭ ئىتائىتىسىدە ئۆتۈپدىلەر، — دەپ سۆزىنى باشلىدى جاھان خوجا ئەرشى تولىمۇ سالماقلىق بىلەن، — ھەمدە سىلەرنىڭ ئەمىر - پەرمانىڭلارنى ھەق تائالانىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىدىنمۇ يۇقىرى بىلىپ كېلىپتۇ. ئۇلار قالماق كاپىرلارغا بەيئەت قىلىپ، ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىرەتكىمۇ قارا يۈز پېتى كېتىشتى. ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇلەركى: «مەن ماتاۋەلەم يەئرىفۇئىمامە زەمانىھى فەقەد ماتەمەيتەتەن جاھىلىيەتەن» يەنى ھەر كىشى ئۆز زامانىنىڭ باشلىقىنى، يەنى ئەمىر ئىسلامنى تونۇماي ئۆلسە، ئۇل كىشى مۇرتەد پېتى ئۆلىدۇ! ئەلھەمدۇلىللاھكى، بىزلەرنى ھەق تائالا دىنىي ئىسلامدا خەلق قىلىپدۇر. ئەقىل - ھوش ئاتا قىلىپدۇر. بەس، ئەمدى ياخشى - يامانىنى ئىلغىيالايدىغان بولۇپتۇق. لازىمدۇركى، ياخشىلىق تەرەپكە قەدەم قويغايمىز. ئاتائى - ئەجدادلىرىمىزنىڭ سىز قالماق كاپىرلارغا بەيئەت قىلىپ، قارا بولغان يۈزىنى ئاقلىغايمىز. ھەدىستە ئېيتىپتۇلەركى: «مەن سەننەسۇننەتەن فىلئىسلامى فەلەھۇ ئەجرۇھا ۋەئەجرۇ مەن ئەمەلەبىھائىلا يەۋمەلقىيامەتى ۋەمەن سەننەسۇننەتەن سەييىئەتەن فىلئىسلامى فەلەھۇ ۋىزرھا ۋە ۋىزرەمەن ئەمەلەبىھائىلايە ۋەمەلقىيامەتى» يەنى، ھەر كىشىكى ئىسلامىيەتتە بىر ياخشى ئىشنى باشلىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىر - مۇكاپات بېرىلىدۇ. ھەر كىشىكى ئۇل ياخشى ئىشقا ئەمەل قىلسا، تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ ساۋابى ۋە ئەجىر - تۆھپىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ زېمىن ئاللاھنىڭ بىز ئۈممەتلىرىگە ھەدىيە قىلغان نېمىتىدۇر. سىلەر بۇ زېمىننى «ئۆز تەسەررۇپىمىزدىكى زېمىن، شۇڭا نېمە قىلساق ئورۇنلۇق» دەپ قارامسىلەر؟ ھەيھات، بۇ ئىشتىن بالدۇرراق قول

يىغىساڭلار ياخشىراقمىكىن. گۇمان قىلىمەنكى، سىزلەرنىڭ بۇ مۇددىئايىڭلار ئۆزۈڭلەرگە رەنجۇ ـ ئەلەمدىن باشقا نەرسە كەلتۈرۈپ بەرمەس. باسقۇنچى بىلەن مەزلۇم ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن رىشتى پۈتكەن ئەمەس. چۈنكى، سۇ بىلەن ئوتنىڭ ئۆزئارا ئۈلپەت بولغىنى قاچان ھاسىل بولغان؟

جاھان خوجا ئەرشىنىڭ ئىسيان تۈسىنى ئالغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، جۇڭغارىيە ئەلچىسى مەرجىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ تىكەنلىشىپ كەتتى ۋە: «بۇ خوجا ئۆتكەنكى خوجىلاردىن خوپ زېرەك ۋە چىن ئىكەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ بىزدىن تامامەن يۈز ئۆرۈش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپتۇ. بۇ خوجىنى ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرمەك لازىمدۇر، بولمىسا، ئۆزىمىزنىڭ بۇ يەردىن ساق ـ سالامەت كەتكمىكىمىزبەسي مۇشكۇل ئوخشايدۇ!» دېگەنلەرنى ئويلىدى ۋە:

— يەكەن تۆرىسىنىڭ دېگەنلىرى تامامەن ئورۇنلۇق! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇبادا، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسامۇ شۇنداق قىلغان بولاتتىم. بىراق، سېنىڭ سەلتەنىتىڭنى ئەمدى بوران ـ چاپقۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ، سەن شۇنى بىلگىنكى سېنىڭ سەلتەنىتىڭنى خاقانى چىننىڭ مالامەت ئوقلىرىغا نىشان بولۇشتىن باشقا تەقدىر كۈتۈپ تۇرمايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېلىڭدە غەليان كۆتۈرۈلۈشى، داستارلار ئىسيان كۆتۈرۈشى ۋە ياكى خىتاي لەشكەرلىرى ئېلىڭگە باستۇرۇپ كىرىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ۋەيران بولغان تەختى ـ بەختىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرمىكىڭ قۇرغۇي تۇخۇمىنى تېپىشتىنمۇ تەسكە چۈشەرمىكىن![1] شۇڭا، يەنىلا بىز بىلەن كۆمەكلىشىپ جۇڭغار خانىنىڭ ھىمايىسىدە ياشىغىنىڭ

① قۇرغۇي ئۆز تۇخۇمىنى باشقىلار تاپالمايدىغان يەرگە يوشۇرار ئىمىش.

ئەۋزەل! . . .

جوڭغار ئەلچىسى مەرجىننىڭ سۆزلىرى جاھان خوجا ئەرشىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خاقانى چىن ھەققىدە دېگەنلىرى رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقان ئىش بولغاچقا، ئەلنىڭ تەقدىرى ۋە سەلتەنىتىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇنداق زور ئىشنى ھېسسىياتقا تايىنىپلا بىر تەرەپ قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇ مەرجى قالماق بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشمەكچى بولدى ـ دە:

— ئى قالماق تۆرىسى، سىزنىڭ خاقانى چىن ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭىز مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. مەن بۇنىڭغا قەشقەر خانى يۇسۇپ خوجا پادىشاھىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرەي. سىزلەر ھازىرچە ئەلچىخانىدا تۇرۇپ بىزلەرنىڭ جاۋابىمىزنى كۈتكەيسىزلەر! — دېدى ۋە يەكەننىڭ پاتاچىسى[①] غازى بەگكە ئۇلارنى ئەلچىخانىغا جايلاشتۇرۇپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى بۇيرۇدى.

شۇ كۈنى كەچتە، جاھان خوجا ئەرشى غازى بەگنى ئۆزىنىڭ خابگاھىدا پىنھان قوبۇل قىلدى.

— ئى ئەئيانىم، ئېيتىپ باقسىلاچۇ، خاقانى چىن بىلەن جوڭغار خانى ئىككىسىنىڭ ئىچىدە قايسىسى بىزلەرگە بەكرەك دەخمىزە بولۇر؟ — دەپ سورىدى جاھان خوجا ئەرشى ئۇنىڭدىن، — سىزچە جوڭغارلار بىلەن كۆمەكلىشىپ ئەجەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خاقانى چىن لەشكەرلىرىگە قارشى تۇرغىنىمىز ياخشىمۇ ياكى خاقانى چىننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، جوڭغار قالماقلىرىدىن ئۆز مۇستەقىللىقىمىزنى تارتىۋالغىنىمىز ياخشىمۇ؟

— ئىنشائاللا، بۇ مۇلكىي قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىدىن

---

① پاتاچى ـ پاختا بېگى.

تەرىقە چىقمىسىلا، نە جوڭغارلار بولسۇن ۋە ياكى خاقانى چىن كاپىرلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تاقابىل تۇرغىلى بولۇر، — دېدى غازى بەگ ئاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەلھال، قالماقلار يۇرتى بىسىيار تەرىقەلىك بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا يىغى قوپۇشۇپ، پاراكەندىلىككە مۇپتىلا بولۇپتۇ. ھەددى بولماسكى، بىزلەرنىڭ تۆپىمىزگە لەشكەر تارتىپ كېلىشكە! ئەمدى، خاقانى چىنغا كەلسەك، ئۇلار ھازىر جوڭغارلاردىن ئۆتكەنكى ئەنت ـ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كەلدى. بىزلەر بىلەن خەقنىڭ نىمە كارى!

— ئى غازى، ناھايىتى بەلەن گەپ قىلدىڭىز، — دېدى جاھان خوجا ئەرشى بەگنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن بىر يەردىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، — نۆۋەتتە نۇسرەت شاملى بىزلەرنىڭ چىمەنىمىزدە ئەسمەكتە. قالماق ئېلى بىسىيار تەرىقەلىك بولۇۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە ئەلنى جوڭغارلارغا قارشى غازاتقا قوزغاشتىنمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولمىسا كېرەك. شۇڭا، ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىقىمىز خوپ ئىش ئەمەس. ئابائى ـ ئەجدادىمىزنىڭ ئۇل جەھەتتە ئۆتكەندە خاتا باسقان قەدەملىرىگە ۋە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىگە توۋا قىلماقلىقىمىز لازىم. شۇل ۋەجىدىن، بىز جوڭغارلاردىن يۈز ئۆرۈگەيمىز. ئىسلام — پەتھىگە دالالەت قىلادۇر.

— ئى شەھرىيار، تولىمۇ بەرھەق سۆز قىلدىڭىز! — دېدى غازى بەگ جاھان خوجا ئەرشىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ تۇرۇپ.

بۇ كىشى زاكىسىدىن تارتىپلا ياۋۇز تەبىئەتلىك، بەتبەخت ۋە خۇمسى سۇپەت يارالغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى كەينىدىن «غازى توڭگۇز» دەپ ئىللايتتى، جاھان خوجا ئەرشىنىڭ سۆزىگە ئاغزىدا ھە دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قارا ساناپ ئولتۇراتتى. شۇڭا ئۇ: «قالماقلارنىڭ پاراكەندىلىكى پاش بولغۇچە بىر نەچچە كۈن قاراپ باقايلۇق» دەپ مەسلىھەت بەرگەن

بولدى. . .

*　　　*　　　*

جوڭغار تۆرىسى، ئەلچى مەرجى قالماق بۇ قېتىم يەكەنگە ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇۋاھاب ۋە ئۇچتۇرپان ھاكىمى خوجەسلەر بىلەن بىللە يەكەندىكى جاھان خوجا باشلىق قەشقەر خوجىلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ يوللىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەسلىھەتلەشكەندى.

— سىز جانابى تۆرەم، — دېگەندى خوجەسى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ قېتىم يەكەنگە بارغىنىڭىزدا، ئاۋۋال جاھان خوجىنى بىر چۆچۈتۈپ قويۇڭ. ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ مۇددىئا - مەقسىتىڭىزنى ئۇنىڭغا ئېنىق چۈشەندۈرگەيسىز. مۇبادا، ئۇ جوڭغار چوڭ تۆرىسى داۋاچى جانابلىرىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ باش ئەگسە، ئۇ چاغدا: «سىزنى ۋە باشقا قەشقەر تۆرىلىرىنى قالماق تۆرىسى داۋاچى ئىلىغا چىللايدۇ» دەپ ئۇنى ياندۇرۇپ كەلگەيسىز. بۇ چارە ئاقمىسا، يەكەن پاتاچىسى غازىبەگ بىلەن نىياز بەگ دېگەنلەرگە جوڭغار تۆرىسىنىڭ خەت - تامغىلىرىنى كۆرسىتىڭ. ئۇلار تۆرىنىڭ خەت - تامغىسىنى كۆرگەندىن كېيىن جەزمەن سىزگە يان باسىدۇ. ئۇلاردىن غەم قىلماڭ. بۇ ئىككىسى بىزنىڭ سادىق ئادەملىرىمىزدۇر. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇلار بىلىشىدۇ!

مەرجى تۆرە يەكەنگە كېلىپلا يەكەن خانى جاھان خوجا ئەرشى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنى چېكىپ كۆرمەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇددىئا - مەقسىتىنى ئېنىق ئىزھار قىلدى. ئۇ جاھان خوجىنىڭ ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن ئەلچىخانىغا قايتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەكەننىڭ پاتاچىسى غازى بەگ بىلەن نىياز بەگنى پىنھانغا تارتىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا جوڭغار خانى

داۋاچىنىڭ پەرمانى بىلەن خەت ـ تامغىسىنى كۆرسەتتى. بۇ داۋاچىنىڭ غازى بەگنى يەكەنگە ھاكىملىققا، نىياز بەگنى شاغىبەگ قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدىكى پەرمانى ئىدى. ئۇلار داۋاچىنىڭ پەرمانىنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلى ئىمىن تېپىشىپ، «جان ـ جەھلىمىز بىلەن قالماق تۆرىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلغايمىز» دەپ ئانت ـ قەسەم ئىچىشتى. مەرجى قالماق ئۇلاردىن جاھان خوجا ئەرشىنى قانداق قىلىپ ئىندەككە كەلتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. غازى توڭگۇز بىلەن نىياز بەگ جۇڭغار تۆرىسىنىڭ پەرمانىنى بەجانىدىل قوبۇل تۇتقاچقا، ئۆزلىرىنىڭ خىيانەتكار مەسلىھەتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

— جاھان خوجىنى ئۆز ئوردىسىدا بەسىي ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولماس، — دېدى غازى بەگ ئاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەلھال، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز ئايىمىدۇر. شۇ چاغدا پۈتۈن شەھەر نورۇز شادلىقىغا چۆمىدۇ. مەن نورۇز ئايىمى شەرىپىگە ئۆيۈمدە كاتتا داستىخان سالاي، بالىلىرىمنى يۇرت چوڭلىرى بىلەن قوشۇپ مېھمانغا چاقىرغان بولاي ۋە «بىر پىيالە چايغا داخىل بولۇپ بەرسىلە» دەپ جاھان خوجىنىمۇ ئۆيۈمگە چىللىغان بولاي. ئۇ يۇرت چوڭلىرىنىڭمۇ داستىخان سورۇنىدا ھازىر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىسا، چوقۇم كېلىدۇ. سىز ئاغرىق بولغان بولۇپ، ئەلچىخانىدا يېتىپ ھېچيەرگە چىقماڭ، ئەمما سىز باشلاپ كەلگەن ئۈچ يۈز قالماق بىلەن يەكەندە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تۆت يۈز قالماق قوشۇلۇپ تولۇق قوراللىنىپ، ھويلامدا پىنھاندا مۆكۈپ تۇرغاي. جاھان خوجا ئۆيۈمگە كېلىشى بىلەن تەڭلا، قالماقلار تۇشمۇ تۇشتىن سەكرەپ چىقىپ ئۇنى تۇتۇۋالغاي. ئەمما، ئادەملىرىڭىزگە شۇنى ئېنىق جېكىلەپ قويغايسىزكى، جاھان خوجىنى بۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىشكە زادى بولمايدۇ. مۇبادا جاھان

خوجا ئۆلتۈرۈلسە، پۈتۈن مۈلكىي قەشقەرىيە تەۋرەپ كېتۇر. ئۇ چاغدا، سىلەر قالماقلارنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىنى يېڭىۋاشتىن ئەسەررۇپىگىزغا ئالمىقىڭىزلار بەسىي مۈشكۈلدۇر. شۇڭا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالالىساڭلارلا، قالغان قەشقەر خوجىلىرىنىمۇ تۇتماغىڭلار ئاسانغا توختايدۇ.

— بەگ جانابلىرى، ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، — دېدى مەمنۇن بولغىنىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن جۇڭغار تۆرىسى مەرجى قالماق، — مۇبادا، جاھان خوجا ئەرشىنى تىرىك تۇتۇۋالالايدىغانلا بولساق، بۇ تۆھپىنىڭ باش بۇرنى سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ!

— ها - ها - ها!... — ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ئەلچىخانا ئىچىنى كۆتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى.

* * *

مىلادى 1753 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى. بۇ كۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى ئىدى. پۈتۈن يەكەن شەھىرى ئايەم شادلىقىغا چۆمگەن بولۇپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چاھارسۇ بويىدىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ ئالدى ئادەم دېگىزىغا ئايلانغانىدى. خانلىق ئۆستەڭنىڭ بويىغا قاتار ئېسىۋېتىلگەن ئون بەش داش قازاندا پىشۇۋاتقان نوزۇر ئېشى — «ھەپتەسالام» نىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى نورۇز ئەھلىنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. داش قازاندا قايناۋاتقان قوينىڭ كاللا - پاقالچاقلىرى، توخۇنىڭ تاشلىقى، سېمىز قوي گۆشى، نان جىگدىلەردىن قىلىنغان خاسىيەتلىك نورۇز ئېشىغا سېلىنغان ئاشكۆكى، پىننە ۋە رەيھانگۈللەر مەززىلىك خۇشپۇراقلىرىنى ئەتراپقا تارقىتاتتى. پەشتاقلاردا توپ - توپ بولۇپ ئولتۇرۇشقان ناغرا - سۇنايچىلار ۋە سازەندىلەر يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان

شوق شادىيانىگە ناغرا ـ سۇنايلىرىنى چېلىپ، سازلىرىنى تەڭكەش قىلىپ يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن غەزەلخانلىق قىلىشقاندا، ئەتراپتا تاڭ سەھەردىن بېرى تاقىتى تاق بولۇشۇپ ئۆرە تۇرغانلار ئىختىيارسىز ساما ئۇسسۇلىغا چۈشۈشتى. ئازنا مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى. كۈلكە ئاۋازلىرى، ناخشا سادالىرى، قىقاس ـ چۇقانلار ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. سېھىرگەرلەر، دارۋازلار كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ماھارەتلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئەتراپىغا يىغسا، مەدداھلار، قىسسىچىلەر خەلق ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ۋەقەلىرى تەسۋىرلىنىدىغان داستانلارنى ۋە يۇسۇپ ـ ئەھمەت قىسسىنى، شاھنامە ـ جەڭنامىلەرنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. چاھارسۇ رەستىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چايخانىلارنىڭ بۆگلۈكلىرىدە ئولتۇرۇشۇۋالغان چايخۇمار قېرىلار چىنە ـ چەينەكلىرىدىكى قويۇق دەملەنگەن چاينى ئىچىشكەچ باشلىرىدىن ئۆتكەن ۋە ئاڭلىغان ئاجايىبات ـ غارايىباتلار ھەققىدە قانغۇچە سۆزلىشىپ، كۈلۈشۈپ كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇشاتتى. بېشىغا كاچۇڭ تۇمىقىنى قىرلاپ كىيگەن، ئۇچىسىغا ئايەملىك ئاق يەكتەك كىيىپ، بەللىرىنى گۈللۈك پوتا بىلەن باغلىشىۋالغان ياش يىگىتلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ بازار ئارىلىغاچ، قىز ـ چوكانلارغا ساقال تاشلىشاتتى. تاۋۇس قۇشىدەك چىرايلىق ياسىنىشقان قىز ـ چوكانلارمۇ نورۇز شادلىقىدىن سىرتتا قالمىغانىدى. ئۇلار قىرىق تال ئۆرۈلگەن كوكۇلىلىرىدىكى چاچتەڭگىلىرىنى جىرىڭشىتىپ، بازار ئارىلىشىپ يۈرۈشەتتى. چاھارسۇ كۆلبېشىدىكى قۇم تۆكۈلگەن مەيداندا چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىدى. بۇ چېلىشىشتا يەكەن دىيارى بويىچە داڭق چىقارغان بەگمەت ئاخۇن،

موللىخان، ئېلىپ ئاخۇن دېگەن مەشھۇر چېلىشچى بوز يىگىتلەرمۇ بەل تۇتۇشۇپ مەيدانغا چۈشۈشكەنىدى.

كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ ئاستىدا ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ مەخسۇس «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى پەسىل قوشاقلىرى ئۈستىدىكى ئەنجۇمەنى بولۇۋاتاتتى. ئەنجۇمەن ئەھلى ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ بىر ـ بىرى بىلەن بېيىت ئېيتىشىپ بەسلەشمەكتە. سورۇن ئەھلى ئارىسىدىكى «سۇلتانۇل نازىمى» دەپ نام ئالغان زەلىلى مەھمۇد قەشقەرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئەنجۇمەننى باشلاپ بەردى:

قار ـ بۇز قامۇغ ئەرۇشدى،
تاغلار سوۋى ئاقشىدى،
كۆكشىن بۇلۇت ئۆرۈشدى،
قايغۇق بولۇپ ئەگرىشۇر.
(قار ـ مۇز تامام ئېرىشتى.
تاغلار سۈيى ئېقىشتى.
كۆكۈچ بولۇتلار ئۆرلەشتى،
قېيىق بولۇپ ئايلىنار.)

قاقلار قامۇغ كۆلەردى،
تاغلار باشى ئىلەردى.
ئاژۇن تىنى ئىلەردى،
تۇتۇ چەچەك چەركەشۇر.
(قاقاسلىقلار پۈتۈنلەي كۆلگە ئايلاندى،
تاغلارنىڭ بېشى ‹كۆزگە› ئىلىندى،
دۇنيانىڭ تىنىقى ئىلىندى،
تۈرلۈك چېچەكلەر تىزىلدى.)

تۇرلۇك چەچەك يازىلدى
بارچىن يازىم كەرىلدى،
ئۇچماق يەرى كۆرۈلدى.
تومۇلغ يەنە كەلگۇسىز.
(تۇرلۇك چىچەك يېزىلدى،
«گويا» كىمخاب سېلىنچا سېلىندى،
جەننەت يېرى كۆرۈلدى،
قىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.)

بۇ چاغدا ئەنجۇمەن ئەهلى ئارىسىدا ئۇنىڭغا ئانچە قايىل بولمىغان بىر ياش شائىرمۇ مەهمۇت قەشقەرىدىن نەقىل كەلتۇردى:

قىش ياي بىلەن توقۇشتى،
قىڭىر كۆزۈن باقىشتى،
تۇتۇشقالى ياقىشتى،
ئۇتغالىمات ئوغراشۇر.
(قىش ياز بىلەن توقۇنۇشتى،
قىڭغىر كۆز بىلەن قاراشتى.
تۇتۇشقىلى يېقىنلاشتى،
«بىر ـ بىرىنى» ئۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ.)

هېلىقى ياشانغان شائىر دەرهال جاۋاب بەردى:

قىش يايغارۇ سۆۋلەنۇر،
ئەر، ئات مەنىن ياۋرۇيۇر،
ئىگلەر يەنە ساۋرايۇر،
ئات يىن تاقى بەكرەشۇر.

(قىش يازغا قاراپ ۋارقىرىدى،
مەندە ئادەملەر، ئاتلارنىڭ بەدەنلىرى چىڭقىيىدۇ،
ئاغرىق ـ سىلاق يوقىلىدۇ،
‹ئادەملەرنىڭ ۋە هايۋانلارنىڭ› بەدەنلىرى چىڭقىپ قۇۋۋەت تاپىدۇ.)

ياش شائىرمۇ بوش كەلمىدى:

ياي قىش بىلەن قارىشتى،
ئەردەم ياسىن قۇرىشتى.
چەرىگ تۇتۇپ كۆرۈشتى،
ئوقتا غالى ئوترۇشۇر.
(ياز قىش بىلەن زىتلاشتى،
پەزىلەت ياسىنى كېرىپ ‹بەتلەپ›
قوشۇن تارتىپ كۈرەشتى،
ئوق ئېتىشقا ئىنتىلىشتى.)

ياشانغان شائىر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە، يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

سەندە قاچار سۇندىلاچ،
مەندە تىنار قارلىغاچ،
تاتلىغ ئۆتەر سۇنداۋاچ،
ئەركەك، تىشى ئۇچراشۇر.
(سەندىن قاچار سۇڭگۈلگۈچ،
مەندە تىنار قارلىغاچ،
نەغمە قىلار بۇلبۇل ‹قۇش›،
ئەركەك ـ چىشى ئۇچرىشار.)

ھېلىقى ياش شائىرمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

قىزىل - سارىغ ئارقاشىپ،
يېپكىن ياشىل يۇز كەشىپ،
بىر - بىر كەرۇ يۆرگەشىپ،
يالىڭۇق ئانى تاڭلاشۇر.
(قىزىل، سېرىق «چېچەكلەر»
بىر - بىرگە يۆلىنىپ، يېشىل رەيھانلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ،
بىرـ- بىرىگە يۆگىشىپ «تۇرماقتا»
ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ قالىدۇ.)

ئۇ بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپلا، ھېلىقى ياشانغان شائىرغا تەۋەززۇلۇق بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— ئاپىرىن، ئاپىرىن! — دېيىشتى ئۇ ئىككىسىگە قايىل بولغان ئەنجۇمەن ئەھلى.

بۇ چاغدا موللا مۆمىن يەركەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەنجۇمەن ئەھلىگە تەزىم قىلدى. ئاندىن قولىدىكى قەغەزگە قاراپ قويغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ ئوقۇشقا باشلىدى:

نورۇز ھەققىدە قوشاق

يىل بېشى نورۇز كېلىپ،
يەرنى گۈلىستان ئەيلىدى.
ئۇندۇرۇپ تەڭرىم چېچەك،
چۆللەرنى بوستان ئەيلىدى.

زىمىستانلىق كۈنلەر تۈگەپ،
نورۇز كەلدى باھار كەلدى.
توققۇز دۇمباق، توققۇز نەزىم،
توققۇز يەردىن يار - يار كەلدى.

توققۇزى تەل زېمىنلاردىن،
نازۇ - نېمەت بىللە كەلدى.
توققۇز تۇغلۇق چەۋەندازلار،
ھەم مەغپىرەت بىللە كەلدى،

توققۇز ئىچكىر، توققۇز سىرتتىن،
قىز - يىگىتلەر بىللە كەلدى.
نەغمە - ناۋا قىزىپ بۇندا،
سۆز - بېيىتلار بىللە كەلدى.

توققۇز سائەت، توققۇز مىنۇت،
باش قوشۇشقا پۇرسەت كەلدى. ،
توققۇز تاغدىن، توققۇز باغدىن،
ئۇيۇلتاشتەك قۇدرەت كەلدى.

توققۇزى تەل نورۇز كەلدى،
جۈپ توققۇزنىڭ تويى كەلدى.
توققۇز سايدىن، توققۇز سۇنىڭ،
دىل شاۋقۇنى كۈيى كەلدى.

كۆچ بىرلىكى - ئەل شادلىقى،
توققۇز ئورمان شەمشاد كەلدى.

توقفوز چەشمە كەۋسىرىدەك،
ئىلىم ـ ئېھسان، مەھشەت كەلدى.

باھار كەلدى، نورۇز كەلدى،
ئانا تۇپراق مېھرى كەلدى.
ئانا كۆكسىن بېزەش ئۇچۈن،
تەگرىدىن ھەم نىدا كەلدى.

ئەي يارەنلەر، ئاتلىنايلى،
يىلنىڭ بېشى نورۇز كەلدى.
ۋاقىت قىممەت ھەم غەنىيمەت،
ئىشنىڭ بېشى نورۇز كەلدى.

ئەنجۇمەن ئەھلى:

— يارايسەن! يەركەندى، قالتىس پاساھەتلىك بېزىپسەن! — دەپ ئۇنى ئالقىش سادالىرى ئىچىگە كۆمۈپ تاشلىدى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

* * *

جاھان خوجا ئەرشى ئاقسارايدىكى ئۆزىنىڭ خابگاھىدا قەشقەر خانى يۇسۇپ خوجىدىن كەلگەن مەكتۇبنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. مۇلازىملىرى كىرىپ: «پاتاچى غازى بەگ جانابىي ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشەتتىم، دەيدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. جاھان خوجا ئەرشى «كىرسۇن» دەپ ئىجازەت بەردى.

— تەقسىر پادىشاھىم، بۈگۈن بارىپ مېنىڭ كۈلبە خانەمدە بەزمە تۈزسىلە، — دەپ ئەرز قىلدى ئۇ، — چۈنكى، بۇ كۈن نورۇز كۈنىدۇر. ئۆز ئۆيۈمدە مەرىكە جابدۇغانىدىم. نە بولغايكى، بۇ كۈننى ئاندە ئۆتكۈزسىلە. يەنە بىر ھېساب بىرلە، ئەلچىخانىدا ئەلچى كافىر قاتتىق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ياتىپتۇ. ئالامىتىدىن ئۆلگۈدەك نىشان بىلگۈزەدۇر. ئۇ كاپىر ئەيتۇدۇرلەركى: «تۆرەمنىڭ يارلىقى بار ئىدى، پادىشاھ تۆرەمگە ئېيتۇر ئىدىم. تامغەسى بار ئىدى، كۆرسەتۇر ئىدىم. ئۆلۈپ كېتىپ بارادۇرمەن!» دەپ ئىزتىراپ قىلادۇر. كۆرۈپ يانسىلە ئوبدان بولۇر!

— تولا ئوبدان، ئى پاتاچى غازى بەگ. سىز خانەڭىزگە قايتىپ تۇرغايسىز. بىز ھايال بولمايلا كەينىڭىزدىن يېتىپ بارۇرمىز ، — دېدى جاھان خوجا ئەرشى ئۇنىڭ تەكلىپىگە رازىلىق بىلدۈرۈپ.

— باش ئۈستىگە، خوجام پادىشاھ، — دېدى غازى بەگ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، — ئەمىسە، بىز سىلىنى كۈلبە خانىمىزدا ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەيمىز.

غازى بەگ جاھان خوجا ئەرشىنىڭ خابگاھىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوردا ئۆلۈغلىرى جاھان خوجا ئەرشىگە بارماسلىقنى تەكلىپ قىلدى.

— ئى پادىشاھىم، — دېيىشتى ئۇلار، — بۇ غازىنىڭ مەككارلىقىنى بۇرۇندىن تەجرىبە قىلغان. مۇنىڭ ئىشى ھەم مىكىر ـ ھىيلەدۇر. ئۇنىڭ بىلەن باراۋەت قىلغۇلۇق ئەمەس. ئەلچى كاپىرنىڭ نىيىتى ھەم بۇزۇق. مۇبادا، غازى توڭگۇزنىڭ ئۆيىگە بارغۇدەك بولسىڭىز، ساق يانىپ كەلمىكىڭىز بەسىي مۇشكۇلدۇر. بۇ قەدەمنى ئويلاپ باسقايسىز!

— ئىنشائاللا، بۇ سەپىرىمىزدە ئۈمىد باركى، — دېدى جاھان خوجا ئەرشى ئەئيانلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، —

ئۇلار بىر تال مويىمىزغىمۇ زىيان يەتكۈزەلمەس. بەلكى، بىز ئۇندا بارسەق، ئۇلارنىڭ فىسقى ـ فۇجۇرلەرنى بىلىپ ئالىشىمىز مۇمكىن، دۇشمەنلەر ھەرقانچە سۈيقەست قىلسىمۇ ئەمما ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۇلارغا مەخپىيدۇر. چۈنكى، قەدىمدە ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى ھەسەت ۋە ئاداۋەت يولىنى تۇتۇپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىغانىكەن. ئەمما، ئۇلار مىسىرغا پادىشاھ بولغان ئاشۇ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھاجەت ئۈچۈن يەنە باردىلەرغۇ؟

— بىراق، جانابىي ئالىي خوجام پادىشاھىم، — دېيىشتى ئۇلار يەنىلا جاھان خوجا ئەرشىنىڭ بىرشىنى لازىم تاپماي، — غازى توققۇز نورۇزدا تىرىلگەن چايانغا ئوخشايدۇ. ئاگاھ بولغايلىكى، نورۇزدا تىرىلگەن چايان ئادەمنى چاقسا بەكرەك زىيان يەتكۈزىدۇ!

— ئى ئەھلى بەيت، خانىدانلار، — دېدى جاھان خوجا ئەرشى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، ئەجىلىمىز بۇلارنىڭ قوللىرىدا ئەمەستۇر. پات ئارىدا كۆرىسىلەر، ھەق سۇبھانە ۋە تائالا بىزلەرگە ۋاقىت ئاتا قىلۇركى، بۇ كاپىر لەئىنلارنىڭ ئىتائەتىدىن خالاس بولغايمىز ۋە قارا يۈزىمىزنى ئاقارتىپ، ئىسلام قىلىچىنى قولىمىزغا ئېلىپ كاپىرلارنىڭ باشىغە بىئىبا تارتقايمىز! بۇ پارچە قالماقلار تېخى ھېچگەپ ئەمەس. بۇلارنى يۇرت ـ ۋەتەنىمىزدىن قوغلىماق بەسىي قىيىنغا توختىماس. بىراق، پات پۇرسەتتە مەشرىق تەرەپتىن بىر گۇرۇھ كەلگەي، ئۇلارنىڭ شۇم قەدەملىرى يەتكەن ھامان بۇ شەھەرلەر ئۇلارنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتكەي. ئۇلاردا نە رەھىم بولغاي، نە شەپقەت! بەلكى، ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرمەكنى پەخىرلىك ئىش دەپ سانار. ئەلھال، ئۇلارغا بىر ئۆزىمىز تەنھا مۇقابىل كەلمىكىمىز بەسىي مۇشكۈلدۇر. شۇڭا، بىز بۇ قالماق كاپىرلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۇزمىكىمىز لازىمدۇر ۋە زۆرۈردۇر!

ئەئيانى ئۇلۇغلار جىم بولۇشتى. جاھان خوجا سۆزىنى تۈگىتىپ، مۇلازىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا «ۋە مەن يەتتە قىلاخۇ»① دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، غازى توققۇزنىڭ نامۇبارەك پاسادخانىسىغا قاراپ ماڭدى...

*　　　*　　　*

يەكەننىڭ پاتاچى بېگى غازى بەگ ئۆزىنىڭ ھويلىسىدا ئايرىم نورۇز سورۇنى تۈزگەنىدى. ئۇنىڭ تۆت خوتۇنىدىن سەككىز ئوغۇل، ئون ئىككى قىزى بولۇپ، يالغۇز نەۋرىسىلا يۈزگە يەتكەنىدى. ئۇلار ھازىر غازى بەگنىڭ تۆت تاناپ كەلگۈدەك كەڭ سەيناسىغا راسلانغان مەرىكە داستىخانىغا داخىل بولۇشۇپ، نورۇز ئايىمىنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە ئىدى.

غازى بەگنىڭ چاكارلىرى: «خوجام پادىشاھىم قەدەم تەشرىپ قىلدىلەر!» دەپ خەۋەر قىلغاندا، جاھان خوجا ئەرشى غازى بەگنىڭ ھويلىسىدىكى يۆلەكتىن ئۆتۈپ بولغانىدى. غازى بەگ ئاۋۋالقىدىنمۇ ئاشۇرۇپ، زىيادە تەۋەززۇ - ئىكراملارنى بەجا كەلتۈرۈپ، جاھان خوجا ئەرشىنى ئىچكىرىكى مېھمانخانىسىغا باشلىدى.

جاھان خوجا مېھمانخانىغا كىرىپ ھەممىدىن ئاۋۋال تۆردە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان جۇڭغار ئەلچىسى مەرجى قالماقنى كۆردى - دە، دەرھال كەينىدىكى غازى بەگدىن:

— جۇڭغار تۆرىسىنى ئەلچىخانىدا ئاغرىپ ياتۇرلەر، دېمەپمىدىڭىز؟ بۇ يەردە ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى تەئەججۇپلىنىپ.

— قالماق تۆرىسىنىمۇ كۆلبەخانەمگە چىللىغانمەن.

---

① «كىمكى ئاللادىن قورقىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ»، قۇرئان كەرىم، سۈرە تەلاق، 2 - ئايەت.

ھەزرىتى خوجام، پادىشاھىم، باشقىچە خىيالدا بولماڭىز، — دەپ جاۋاب بەردى غازى بەگ خۇپسەنلىك قىلىپ، ئۇ چاكارلىرىغا چاي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

ئۇنىڭ ئاغزىدىن «چاي كەلتۈرۈلسۇن!» دېگەن سۆز چىقىش بىلەن تەڭلا ئون - يىگىرمىدەك تەنبەل جۇڭغار مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىدىن تاراقلاپ باستۇرۇپ كىرىشتى - دە، «تۆرنىڭ يارلىقى!» دېيىشكىنىچە جاھان خوجا ئەرشىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ بېلىدىكى خەنجىرىنى ئېلىۋالدى. ئاندىن ئۇنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ، ئىچكىرىدىكى خانىغا ئىتتىرىپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى ۋە تاشقىرىقى دەرۋازىنى ئېتىپ، جاھان خوجا ئەرشى بىلەن بىللە خىزمەتكە كەلگەن خادىملارنىڭ بىرىنىمۇ قاچۇرماستىن تۇتۇپ باغلىۋالدى. بۇ ئىش شۇنداق تېز يۈز بەردىكى، ھېچكىممۇ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيلا قالدى.

غازى بەگلەر جاھان خوجا ئەرشىنى تۇتقۇن قىلىۋالغاندىن كېيىن جاھان خوجا ئەرشىنىڭ ئوردىسىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن جۇڭغار - مۇسۇلمان توپىلاڭچىلىرىدىن تۆت - بەش يۈز كىشىنى باشلاپ، ئوردىغا ھۇجۇم قىلىشتى. ئەمما، يەكەن ئوردىسىنىڭ ئىشىك قوۋۇقلىرى ئاللىقاچان ئىچىدىن مەھكەم تاقىۋېلىنغان بولۇپ، ئوردىدىكىلەر سېپىل ئۈستىدىن ئوق ئېتىپ ئۇلارنى سېپىلگە ھەرگىز يېقىن يولاتمىدى. توپىلاڭچىلار سېپىلگە نەچچە داپقۇر ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئامالسىزلىقتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇشتى.

توپىلاڭچىلار چېكىنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوردىدىكىلەر شاھابىددىن باكاۋۇل باشلىق قىرىق باتۇرنى سىدىق خوجا پۇتۇھىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن خوتەنگە ماڭغۇزدى. ئۇلار يەكەننىڭ جەنۇب قوۋۇقى - خانىقا دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن چۆلنى كېسىپ

ئۆتىدىغان يالغۇز ئاياغ يول بىلەن خوتەن تەرەپكە قاراپ كەتتى. مۇھەممەت مىراخور بىرنەچچە ئادەمنى ئېلىپ قەشقەر خانى يۇسۇپ خوجىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن يەكەننىڭ شەرقىي ـ شىمال تەرىپىدىكى قالغات دەرۋازىسىدىن بۆسۇپ چىقىپ قەشقەر تەرەپكە قاراپ كەتتى...

*　　　*　　　*

شاھابىددىن باكاۋۇل كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ چولاقنىڭ سېپىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، يەكەندە توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سىدىق خوجا پۈتۈھىغا خەۋەر قىلدى.

سىدىق خوجا پۈتۈھى دەرھال ئادەملىرىگە غازى توڭگۇزنىڭ خوتەندىكى سەكسەن ياشلىق ئانىسى ۋە يەتمىش ياشلىق ئانىسىنى ۋە ئۇنىڭ خوتەن شەھىرىگە ھاكىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر ئوغلىنى قىرىق نەپەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بىلەن قوشۇپ تۇتقۇن قىلدۇردى. ئاندىن غازى توڭگۇزنىڭ ئىنىسىغا خەت تۇتقۇزۇپ، ئىككى مۇلازىمىنىڭ نازارىتى ئاستىدا دەرھال يەكەنگە ماڭغۇزماقچى بولۇپ خەت يازدى:

«... دادام پادىشاھىمغا ئازار بەرمىگەي، — دېيىلگەنىدى بۇ خەتتە، — ئۇنىڭ بىر تال مويىغا زەخمەت يەتكۈزمىسۇنلەر. مۇبادا، زەررە خىلاپلىق كۆرۈلسە، خۇداغا قەسەم قىلۇرمەنكى، سىنىڭ خوتەن ئىچىدىكى قېرى ئاتا ـ ئاناڭ، بىر تۇغقان قېرىنداشىڭنى ئەھلى ئايال، كىچىك ـ چوڭ دېمەستىن يەكەن دەرۋازىسى ئالدىغا ئالىپ كېلىپ قويدەك بوغۇزلاپ، قېنىدا تۈگمەن يۈرۈتمىسەم، يەكەننىڭ سېپىللىرىنى تۈزلەپ توپتالاس قىلىپ، ئوشۇقچە چالما قويماي ھەممىنى قەتلئام قىلماسام، ئېتىم سىدىق خوجا بولمىسۇن!...»

سىدىق خوجا پۈتۈھى بۇ خەت بىلەن غازى توڭگۇزنىڭ ئىنىسىنى ھىيلىقى ئىككى مۇلازىمغا تاپشۇردى ـ دە، ئۇلارنى كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، دەرھال يەكەنگە يېتىپ بېرىشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن ئىككى كۈن ئىچىدىلا يەتتە يېرىم مىڭ لەشكەرنى ئاياغقا تۇرغۇزۇپ سەپراس قىلدى. ئاندىن غازىنىڭ ھەممە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا ئىشكەل ـ گۈندا سالغۇزۇپ، ئۇلارنى ئادەم بېشىغا كەلمىگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن ئازابلاپ يەكەن تەرەپكە قاراپ ھەيدەپ ماڭدى.

يەكەندە توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان قەشقەر خانى يۈسۈپ خوجىمۇ دەرھال قىرغىز ـ قىپچاق ئۇلۇسلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ يەكەنگە قاراپ دەبدەبە ـ ئەسئەسە بىلەن كېلىشكە باشلىدى.

غازى توڭگۇزنىڭ ئىنىسى يەكەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھايالشىمايلا سىپىل ئىچىگە كىرىپ ئاكىسى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا سىدىق خوجا پۈتۈھىنىڭ خېتىنى بەردى.

— ئەي ئاكا، — دەپ ئېيتتى ئىنىسى ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ شۇملۇقىڭىزدىن تامام خوتەن ۋە ھەفتاد پۈشتىڭىز نابۇد بولادۇر ھەم ئىككى كۈنلۈك پانىي دۇنيا ئۈچۈن ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ، كاپىرغا ياۋەرلىك ئەۋلادى پەيغەمبەرگە بۇ تەرىقەلىك جاپا ۋە خىيانەت يەتكۈزەدۇرسىز. ئاخىرەتتە خۇدا ۋە رەسۇل ئالدىدا ھالىڭىز نە كەچكەي. ھەزرىتى يۈسۈپ قىدىرخان غازى ۋە ئىماملار جەڭ قىلغان ۋاقىتتىن تا بۇ دەمچە، خوتەن خەلقىنىڭ باشىمىزدىن بۇ بەتنام ئۆكسۈمەيدۇ. ئاندا ھەم سىزدەك بىر ـ ئىككى مەككار ھارامزادە نابىكارنىڭ شۇملۇقىدىن بىز كىم ئەھلى ـ قاياش ۋە يەنە خوتەن خەلقىگە شىكەستە يېتەدۇر. قىيامەتكىچە بۇ بەتنامدىن قۇتۇلالماسمىز. سىدىق خوجا سىز، بىزنىڭ قېرىپ قالغان ئاتائى ـ ۋالىدەمىزنى ۋە تامام ئەھلى ئايالنى قىش ـ ئەقرىبالىرىڭىزنى ۋە جەمئىي خادىم ۋە ھەشەمنى،

ھەتتا سىزنىڭ خوتەندىكى ھاكىم ئوغلىڭىزنى قوشۇپ ئەسىر قىلىپ، بىر - بىرىگە چېتىپ خوتەن خەلقىدىن ئېلىنغان يەتتە مىڭ بەش يۈز لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ يەكەن تابان كېلىۋاتىدۇ. مۇبادا، سىز جاھان خوجا پادىشاھىمىزنىڭ بىر تال مويىغا زەخمەت ئۇرسىڭىز، سىدىق خوجامۇ ئەسىر ئەيلىگەنلەرنىڭ تامامىنى يەكەن دەرۋازىسى ئالدىدا قەتلى قىلىۇر!

غازى پاتاچى ئىنىسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، نادامەت - پۇشايمان ئىلكىدە ۋەھشەتكە پېتىپ، يېگىنى زوقۇم، ئۇيقۇسى ھارام بولدى. ئىشنىڭ يامانغا ئۆرۈلگەنلىكىنى بىلگەن غازى توڭگۇز ھىيلە - مىكىر بىلەن چاكارلىرىنى قالماقچە ياساپ جابدۇپ، ھەزرىتى خوجام پادىشاھ ئولتۇرغان ھۇجرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى - دە، كۆپ سىياسەتلەر قىلدۇرۇپ ۋە يەنە ئۆزى مەنئى قىلغان بولۇپ: «مەن خوجاملار ئۈچۈن جان پىدا قىلادۇرمەن. ئۇلارغا ئازار بەرگۈنچە ماڭا ئازار بەرسەڭ نېچۈك؟» دەپ، ئىككى ئوغلىنىڭ قولىغا شەمشەر تۇتقۇزۇپ، جاھان خوجا ئەرشىنى قامىغان ئۆينىڭ ئالدىغا ساقچى قىلىپ تۇرغۇزدى ۋە : «مۇبادا قالماق كاپىرلىرى ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، خوجامنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، كىرگەننىڭ بېشىنى ئېلىڭلار، ھەرگىز رەھىم قىلماڭلار!» دەپ تاپىلىغان بولدى.

* * *

مىلادى 1753 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈش مەھەلىدە، سىدىق خوجا پۇتۇھى خوتەندىن باشلاپ كەلگەن يەتتە يېرىم مىڭ لەشكىرى بىلەن يەكەن سېپىلى ئاستىدا پەيدا بولدى. بۇ چاغدا قەشقەر خانى يۇسۇپ خوجىنىڭ قەشقەردىن بەش مىڭ لەشكەر بىلەن يەكەنگە يېتىپ كەلگىنىگە ئىككى كۈن بولغانىدى. بۇ ئىككى تارام لەشكەر قوشۇلغاندىن كېيىن يۇسۇپ خوجا ھەممە

ئۆلىما ۋە پازىل ۋە ئۆمەررا، ۋالىي مەملىكەتنى بىر يەرگە يىغىپ، ھەيۋەت، ھەشەمەت بىلەن تەبلىغ قىلدى.

— ئى سەرداران خوتەنى ۋە كاشىغەر! ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، — دېدى ئۇ تەبلىغ قىلىۋېتىپ، — ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋە تائالا ئىنساننى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقاندۇر. «ۋەما خەلەقتۇلئىنسە ۋەلجىننە ئىللالىيە ـ ئبۇدۇن!»① يەنە قاچانغىچە بۇ قالماق كاپىرلىرى ئىتائىتىدە بولۇپ، ئۆزىمىزنى ئۇلارغا خىزمەت قىلىشقا سەرپ ئەتكەيمىز؟! ئاللا تائالا بەندىلىرىگە قالماق كاپىرلىرى ئۈستىدىن غازات قىلىشنى پەرز قىلغاندۇر. ئەلھەمدۇلىللاھكى، ئەلھال، بىز مۇسۇلمانلاردا ئۇل قالماقلار بىلەن مۇقابىلەت ۋە باراۋەرلىك قىلالايدىغان كۈچ ـ قۇدرەت بارغۇ؟ ئاللا تائالا زېمىندىكى تاشلارنى قالماق كاپىرلىرىنىڭ بېشىغا ئۇرۇش ئۈچۈن ياراتقانغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇل قالماق كاپىرلىرىنىڭ ئىچىدە بىسيار تەپرىقەلىك ۋە پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى ھەم قىرغىز ـ قىپچاق گورۇھى قالماقلار تەرەپتىن يۈز ئۆرۈپ بىزگە قوشۇلدى. ئەمدى لايىق سەزاۋەر ئولكى، بۇ قالماقلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئىسلام ئەلەمىنى باشىمىزغا كۆتەرىپ، پەتھى ئىقبال شەمشىرىنى قالماق سارى تارتقايمىز! ئۇلارغا ئەمدى ئولپان ـ سېلىق تاپشۇرماق ئىككىلا ئالەملىك گۇناھ بولۇر! ئى خالايىق، ئەگەر بۇ نىيەتنى ماقۇل كۆرسەڭىزلار كېلىڭلار! ئەھدى پەيمانىمىزنى تازا قىلايلى. ئالاھىدە دەست بەيئەت قىلايلى! ئوغلانلار، غازات ئۈچۈن ئالغا! جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنى ۋەتىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئاتلىنايلى!

جامائەتنىڭ سادا ـ سىھەلىرى، پەرياد ـ پىغان ئاۋازىنىڭ نىداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، كۆكتە ياڭرىدى. زېمىن لەرزىگە

---

① «جىنلار ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.» قۇرئان كەرىم، سۈرە زارىيات، 56 ـ ئايەت.

كەلدى:

— جېنىمىز ۋەتىنىمىز ئۈچۈن پەتھى ئىقبالغا سەدىقەدۇر! ئەركىمىز ئۈچۈن ھەق يول ئارا ئۆلسەك شەھىد، قالساق غازىلار سېپىدە مەشھۇر بولغايمىز!...

خوتەن ۋە قەشقەر لەشكەرلىرى قەشقەر خانى يۈسۈپ خوجا بىلەن ئەمىر لەشكەر سىدىق خوجا پۈتۈھىنىڭ ئارقىسىدىن يەكەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ باستۇرۇپ كىرىشتى. شەھەر ئىچىدىكى جۇڭغارلاردىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىرى ئامان قالدۇرۇلدى. قالغانلىرى ھەممىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. كوچا - بىكوچا، گۇزەر - بىگۇزەر، ئەگۈن - چاھار سولاردا: «دەۋر - دەۋردۇر، دەۋرى ئىسلامدۇر!» دەپ نەققارا - كانايلار، دەھۇل - دۇمباقلار شادىيانىگە چېلىنىپ زارلىدى.

سىدىق خوجا پۈتۈھى لەشكەرلىرىنى غازى توڭگۇزنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، ئۇ يەردە بەند قىلىنغان ئاتىسى جاھان خوجا ئەرشىنى تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلدى. شۇنداق قىلىپ، غازى توڭگۇز بىلەن مەرجى قالماق قوزغىغان جۇڭغار - مۇسۇلمانلار توپىلىڭى يەتتە كۈنگە بارمايلا تىنچىتىلدى.

بەزى باشباشتاق كىشىلەر جاھان خوجا ئەرشىگە: «ئەلچى قالماق باشلىق جۇڭغارلارنى قەتلىئام قىلىشقا پەرمان بېرىلسە» دەپ ئەرز قىلىۋىدى، ئۇ: «كاپىرلارنى جەڭدىن بۆلەك ھالەتتە ئۆلتۈرمەك نا دۇرۇس ۋە ناراۋادۇر. ئۇلارنى شەھەردىن قوغلاپ چىقارماق لازىمدۇر. مۇبادا، ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە، ئامان تاپقاي. ئەگەر، ئىمان كەلتۈرمىسە، جەڭدە ئۆلگىنى ئۆلگەي، قاچقانلىرى ئامان قالغاي، ھۆكمى شەرئەت شۇلدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەرزەنتىمىز ۋە جىگەر پارىمىز خوجا مۇھەممەت باباق ئىلىدا قالماقلار ئارىسىدا تۇرغاقتۇر. مۇبادا، بىزلەر بۇ قالماقلارنى ئۆلتۈرسەك، ئىلىدا ئۇلارنىمۇ ساق قويماس!» دەپ قەتلىئامنى توسۇپ قالدى.

يەكەندە نورۇز كۈنى يۈز بەرگەن جۇڭغار ـ مۇسۇلمانلار توپىلىڭى ئوڭۇشلۇق تىنچىتىلغاندىن كېيىن جاھان خوجا ئەرشى مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ جۇڭغارلاردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە ئەمىر لەشكەر سىدىق خوجا پۈتۈھىنى ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە تەيىنلىدى...

* * *

سىدىق خوجا پۈتۈھى مىلادى 1714 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يەكەندە دۇنياغا كەلدى. مىلادى 1716 ـ يىلى جۇڭغار خانى سېۋان ئارابدان قەشقەر خوجىلىرىنى تۇرغاقلىققا تۇتۇۋېلىپ ئىلىغا ھەيدەپ كەتكەندە، ئەمدىلەتىن ئىككى ياشقا كىرگەن سىدىق خوجا پۈتۈھمۇ ئاتا ـ بوۋىسى ۋە ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بىلەن ئىلىغا كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سەردارى، يەكەن خانى دانىيال خوجا مىلادى 1735 ـ يىلى كېسەلدىن ئۆرە بولالماي يەكەندە ئۆلۈپ كەتكەندە، جۇڭغارلار ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى جاھان خوجا ئەرشىنى يەكەنگە خان قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن سىدىق خوجا پۈتۈھمۇ ئۆزىنىڭ ئىرەن قابۇرغىدىكى تۇرغاقلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاتىسى جاھان خوجا ئەرشى بىلەن بىللە يەكەنگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلەتىن 18 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا بەكمۇ خۇشخۇي، ئەقىللىق چوڭ بولغانىدى. ئىرەن قابۇرغىدا بىر كۈنمۇ مەكتەپ يۈزىنى كۆرمىگەن سىدىق خوجا پۈتۈھى ئاتىسى جاھان خوجا ئەرشىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ، خەت ساۋاتىنى چىقاردى. ئاندىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلمۇ ـ ئىرپاننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە يۇقىرى ماھارەت ئىگىلەپ، تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا

ئالاھىدە پەرقلىنىپ جاھانغا مەشھۇر بولۇپ تونۇلدى. «ھەزرىتى خوجا جاھان خوجامنىڭ خوجا سىدىق خوجام ئاتلىق بىر پەرزەنت دىلبەندى بار ئەردى. ھۆسن جامالدا ئاپتاپتىن غەلىبە قىلۇر ئەردىلەر. خۇشخۇيلۇقتا ھەممە خۇلق ئاندا زاھىر بولۇر ئەردى. تەبىئىي زېھنىلىرى پەيزەئى پولاتتەك مەزمۇت ـ ناسىپتەنىي زۇھەل چالاكلىرى ئالماس بىلەن شىكاپ ئەيلەر ئەردىلەر. ۋۇجۇد سېخىيلىقتا ھاتەم بىر غۇلام چاكار ئەردى. سىن ساللىرى ئون سەككىز ئەردىلەر. تەھسىللىرى ئاقارغان ئەردىلەر. تەپتىش ۋە تەتقىقلىرى تەھسىل تامام بولغان تالىپى ئىلىملەردىن يۈز دەرىجە ئارتۇق ئەردىلەر. پەھىم ـ ئەشئاردا ئانداغ ئىدىلەركى، ئۆزگە يارانلەر بېيىتنى تىلغا ئالغۇنچە مەزمۇننى تەسەررۇپ قىلىپ، تەقرىرىغە كەلتۈرەر ئىدىلەر. ئەشئار نەزمىدە ئىككى ـ ئۈچ غەزەلنى بەدىيەتەن بىر دەفئەدە كىتابقا ئالۇر ئىدىلەر. ھەممە يارەنلەر مۇنداغ تەبىئىي چالاك، تېز پەھملىرىگە تەھسىن ۋە ئاپىرىن قىلۇر ئەردىلەر...»[1]

سىدىق خوجا پۈتۈھى بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا شەيدا بولغانلىقتىن، ناھايىتى تېزلا شۇ زاماندىكى تالانتلىق شائىرلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇ بەش ياش ۋاقتىدىن تارتىپ نەزم ـ بېيىت يازالايدىغان ئاتىسىنىڭ ياردىمىدە شېئىر ـ نەزم تۈزۈشنى ئۆزلۈكىدىن مەشىق قىلىپ، خېلى ياخشى شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشقا باشلىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ بۇ شېئىر ـ نەزملەرنى «پۈتۈھى»[2] نامى بىلەن بىر دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن «پۈتۈھى» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ قالدى.

ئۇ ئەدەبىياتتىن باشقا يەنە پەلسەپەگىمۇ قىزىقاتتى. ئۇ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپلاردىن سوقرات،

---

① «تارىخىي نادىرىيە»، قوليازما.
② پۈتۈھى — «پۈتۈك، خەت ـ پىتىق» دېگەن مەنىدە.

بۇقرات، ئەپلاتون ۋە فارابىيلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇغانىدى. ئۇ ئادەتتە فارابىينىڭ «پازىل شەھەرلىكلەر» دېگەن كىتابىدا سوقراتتىن ئېلىنغان مۇنداق بىر سۆزنى ئۆزىگە دەستۇر قىلىۋالغانىدى: «مەن ئۆزۈمنى ھەممىدىن بىلىمسىز ھېس قىلىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھەممىدىن بىلىملىك!» سوقراتنىڭ بۇ سۆزى سىدىق خوجا پۈتۈھىنىڭ پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئەمەل قىلىدىغان مىزانىغا ئايلانغانىدى.

سىدىق خوجا پۈتۈھىنىڭ شېئىر ـ نەزملىرىدە ئەركىنلىككە ئىنتىلىش، كىشىلىك مۇھەببەت، ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى ياقلاش ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، شۇ زاماندىكى ئادەملەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ھىيلىگەرلىك، پىتنىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق ۋە چېقىمچىلىققا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپ ناچار ئىللەتلەر ئۆتكۈر ھەجۋى تىل ئارقىلىق غەزەپ بىلەن قامچىلانغان، كىشىلەرنى ئىنساپلىق، دىيانەتلىك بولۇپ، ۋىجدان ۋە ئار ـ نومۇسنى ساقلاپ ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاشقا چاقىرىق قىلىنغانىدى:

. . .　　. . .　　. . .

ئەھل دۇنيا بەزمىدە ئىچكەن شاراب نايابىدىن،
ئىت يالاغى ئىچرە ئىچكەن قىپقىزىل قان ياخشىراق.
گەرچە يوق شەۋكەت ئېلىغە نالىدىن پەريادى جەڭ،
بەلكى تاۋۇس چەمەنىدىن مۇرغى خۇشخان ياخشىراق.
ئەي پۈتۈھى ئىلكىگە تەسبى ئالىپ قىلمارىيا،
مەي ئىچىپ زۇننار ئاسىپ كەلتۈرگەن ئىمان ياخشىراق!

. . .　　. . .　　. . .

دانىيال خوجا ئۆلگەندىن كېيىن جوڭغارلار ئۆزلىرىنىڭ

مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى مىتروپولىيە ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتە دانىيال خوجىنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنى ھاكىمىيەت ئۈستىگە قويۇپ، ئۇلارنى ھاكىمىيەت ھوقۇقىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلىش، ماھىيەتتە بولسا بۆلۈپ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. دانىيال خوجىنىڭ بەش ئوغلى ئىچىدە چوڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا (كېيىنكى چاغدا جاھان خوجا ئەرشى دەپ ئاتالدى) نى يەكەنگە، ئىككىنچى ئوغلى ئايۇپ خوجىنى ئاقسۇغا، ئۈچىنچى ئوغلى يۇسۇپ خوجىنى قەشقەرغە، بەشىنچى ئوغلى ئابدۇللا خوجىنى خوتەنگە خان قىلىپ بەلگىلەپ، تۆتىنچى ئوغلى نىزامىدىن خوجا (كېيىنكى چاغلاردا خامۇش خوجا دەپ ئاتالدى) نى ئىلىدا داۋاملىق تۇرغاقلىقتا تۇتۇپ قالدى.

يەكەن شەھىرى ـ سەئىدىيلەر زامانىسىدىن تارتىپلا مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇپ كەلگەندى. شۇڭا، قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇدۇم بويىچە، كىم يەكەن تەختىنى ئىگىلىسە، شۇ مۇلكىي قەشقەرىيگە ھۆكۈمرانلىق قىلالايتتى. دانىيال خوجىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ھەممە ئوغۇللىرى چوڭ ئاكىسى ئايۇپ خوجا — جاھان خوجا ئەرشىنى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ، مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكتىن، مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى بىر سىياسىي مەركەز — يەكەن سەلتەنىتىنىڭ نوپۇزى ئورتاق ئېتىراپ قىلىندى. شۇڭا، مۇلكىي قەشقەرىيە ئۆزىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى تاكى مىلادى 1755 ـ يىلىغىچە ساقلاپ كەلدى.

سىدىق خوجا پۈتۈنھى ئاتىسى جاھان خوجا ئەرشىنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا زىچ ھەمكارلىشىپ، دىنىي مەزھەپ كۆرەشلىرىدە بۇزۇلۇپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۈزەشتە زور خىزمەت كۆرسەتتى. جاھان خوجا ئەرشى

ۋە سىدىق خوجا پوتۇھى ئاتا ـ بالا ئىككىلەننىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، مولكىي قەشقەرىيىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى پەيدىنپەي موقىم ئىزغا چۈشتى. ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىدىئولوگىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. جاھان خوجا ئەرشى يەكەنگە خان بولغان 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مولكىي قەشقەرىيە زېمىنىدا ئورنىغان نىسپىي موقىملىق ئەھلى ئىلىملەر، ئالىملار، يازغۇچىلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار قاتارلىق ھەرساھە، ھەر كەسىپتىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنى مولكىي قەشقەرىيىنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان يەكەنگە يېڭىۋاشتىن جەلپ قىلدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مىللىي روھىدا زاھىرەن ئويغىنىش يېڭىۋاشتىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 70 ياشلىق زەلىلىي، 60 ياشلىق ئۆمەر باقى يەركەندى، 50 ياشلىق نۆۋبىتى، 40 ياشلىق مەۋلانە موللا ناسىرى ۋە خوجا ھاجى ئابدۇللا، 30 ياشلىق موللا مۆمىن يەركەندى ۋە باشقىلار ئەنە شۇ چاغدا سىدىق خوجا پوتۇھى رىياسەتچىلىكىدىكى ئەللامىلەر ئەنجۇمەنىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن ئىدى. ئۇلار جاھان خوجا ئەرشى بىلەن سىدىق خوجا پوتۇھىلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتە مەدەت، ئىلھام بېرىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزلىرىگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشى، جىسمانىي جەھەتتە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ھىمايە قىلىشى ئارقىسىدا ئۆز ئىجادىيەتلىرى بىلەن بىمالال شۇغۇللاندى. زەلىلىينىڭ 770 بېيىتلىق «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شېرىپ» دېگەن تارىخىي داستانى، نۆۋبىتىنىڭ «غەزەللەر» دېگەن شېئىرىي دىۋانى، موللا ئەلەم شەھيارىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى، شائىر موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىنىڭ «دىۋان بىلالى» سەرلەۋھىلىك شېئىرلار توپلىمى، ئەخلاقشۇناس مۇھەممەت سىدىق بەرشىدىنىڭ «سىدىقنامە» دېگەن دىداكتىك ئەسىرى مۇشۇ دەۋردە يېزىلدى ۋە

ياكى يېزىلىشقا باشلاپ، كېيىنكى دەۋرلەردە تاماملاندى. «رەۋزە تۇلخۇززا» سەرلەۋھىلىك داستانىنىڭ ئاپتورى شائىر موللا ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى (قىسۇرى) مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ «خەمسە»، «چاھار دىۋان» لىرىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە سىدىق خوجا پۈتۈھىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئوردا خەتتاتلىرى تەرىپىدىن قايتىدىن كۆچۈرگۈزۈلدى.

سىدىق خوجا پۈتۈھى يەكەن ئەدىبلىرىنىڭ ئەنجۇمەندىكى ئەھلى ئىلىملەر ئىچىدە شۆھرەت قازانغان يېتۈك سۆز ئۇستىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىمۇ ئىستىداتلىق ۋە ئىجتىھاتلىق دۆلەت ئەربابى ئىدى. ئۇ كىچىككىدىنلا سىپاگەرلىك تەلىم ـ تەربىيىسىنى كۆرگەن، ئۆزىدە ئەتراپلىق ھەربىي ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن ئىقتىدارلىق سەركەردە ئىدى. ئۇ ئاتىسى — يەكەن خانى جاھان خوجا ئەرشى مۇلكىي قەشقەرىيىدە ھاكىمىيەت ئىگىلەپ تۇرغان 20 يىل ئىچىدە تاغىسى — قەشقەر خانى يۇسۇپ خوجا بىلەن بىللە جاھان خوجا ئەرشىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىنى جۇڭغارىيە باسقۇنچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى ۋە باشتىن ـ ئاياغ بۇ كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ كەلدى. . .

نەزمە

ئۆمۈر مەنزىلى دەل ئېتىزغا ئوخشار،
نېمە تەرسەڭ، ساڭا ئۇ شۇنى قايتۇرار.
گەر ئاڭا سەن پۇچەك ئۇرۇقنى چاچساڭ،
ئويلاپ باق، ئۇ ساڭا نېمە ياندۇرار؟

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# ئۈچىنچى باب

## ئەنسىز جۇڭغارىيە

«كىمكى دۈشمەننى بەك تۆۋەن چاغلىسا،
كىچىككىنە ئوتنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۈچۈرمەي
قويغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ.»

**مىلادى** 1754 - يىلى (ئىت يىلى) قەمەرىيە 5 -
ئاي. ھەيۋەتلىك بىنەپشە ھەرەمنىڭ تەيخېدىيەن ئوردىسى. خاقانى چىننىڭ قارا دىۋان ۋەزىرى[1]، خان مۇپەتتىش شۈخېدې خانغا سۇنۇلىدىغان قاتلاق مەكتۇپنى كۆتۈرۈپ تەيخېدىيەن ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قورقىنىدىن ئىشتىنىغا سىيىــۋېتەيلا دەپ قالدى. قەسىر ئالدىدا خاننىڭ يېقىن مۇلازىملىرىدىن بىر نەچچە ئاغۋات مىدىر - سىدىر قىلىشماستىن بۇتتەك قېتىپ جىمجىت تۇرۇشقانىدى. «ئانھەزرىتىم شاھىنشىنىغا چىقمىغان بولغىيتتى تەلىيمگە» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز ئىچىدە. شاھىنشىنىڭ ئىچى يىڭنە چۈشۈپ كەتسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە پىــنھان بولۇپ، شاھزادىلەر، ئىنالچىلار ۋە شىغاۋۇل پىرقىسى، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسى، جازا پىرقىسى، تەمرات پىرقىسى، لەشكىري پىرقە، سىيلىق - تۇتۇن پىرقىسى قاتارلىق ئالتە پىرقىنىڭ مانجۇ -

[1] قارا دىۋان — مانجۇلارنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نامى.

خەنزۇ ۋەزىرلىرى، هۆدەيچى، مۇراسىمبېگى، ئىشىككئاغا، ئاتالىق، خەلپەت بېگى، ئوردا مىراخورى، مۇشاۋىر ئەزەم، ساراي چىۋىن قورۇغۇچىسى، دارىلئولۇمنىڭ باش ئۆلىماسى قاتارلىق توققۇز بەگ ـ بېگات باشلىق دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆرە تۇرۇشقان بولۇپ، ئۇلارغا تېخى «جايى پاراغەت» ئىجازىتى[1] بېرىلمىگەنىدى.

خاقانى چىن ئىسىنگورۇ خوڭلى ـ چەنلوڭ خان مۇشۇ تاپتا شاھ سۇپىدىكى ئالتۇن تەختنىڭ كەينىگە تىكلەنگەن ئالتۇن شىرمىغا قاراپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى تۇرۇلگەن بولۇپ، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. قارا دىۋانبېگى شۇخېدى خاننىڭ چىرايىغا ئەيمىنىپرەك نەزەر سالدىيۇ ئەمما دەرھال يەرگە قارىۋالدى. ئۇ ھەيران بولغىنىدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم ئادەتتە بەگ ـ بېگاتلار، ئەمرۇلئۇمەرالار، ئەكابىر ـ ئەشرەبلەر ۋە پۇقرائى ـ پەقىرلەر كۈنىگە نەچچە قېتىم «ياشىغايلا، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىغايلا!» دەپ ئالقىش ياغدۇرىدىغان مېھرىبان، نۇرانە قىياپەتلىك ئىسىنگورۇ خوڭلى ـ چەنلوڭ خانغا زادىلا ئوخشىماي قالغان بولۇپ، بەئەينى بەتبەشىرە بىر قاراقچىغا ئوخشاپ قالغانىدى! مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق شولىلىرى نۇر چېچىپ تۇراتتى!

ئەئيانلىرىغا ئارقىسىنى قىلىپ چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ تۇرغان چەنلوڭ بىر كەملەردە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، شاھ سۇپىنىڭ ئاستىدا تىزلىنىپ تۇرغان قارا دىۋان ۋەزىرى شۇخېدىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، دەرھال ئۇنىڭغا رۇسلىنىش ئىجازىتىنى بەردى ۋە قالغان ئەئيانلىرىغىمۇ ئىجازەت دېگەندەك قىلىپ قولىنى سىلكىپ قويدى. ئاندىن ئۆزى شاھ سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن

---

[1] ئولتۇرۇش ئىجازىتى.

تەخت ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە:

— ئەئىيانىم، جۇڭغارلار ھەققىدە يېڭى مەلۇمات بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ئالىيجانابلىرىغا مەلۇم بولغانكى، — دەپ خانغا مەلۇمات سۇندى قارا دىۋان ۋەزىرى شۇ خىلدىكى يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — يېقىندا جۇڭغار خانى داۋاچى جۇڭغارلارنىڭ دۆربەت قەبىلىسىنىڭ چوڭ جايساڭى ساغانداشنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇدەك①. ئۇ ئەسلىدە ئامۇرسەنا دېگەن قالماقنىڭ قېيناتىسى ئىكەنىدۇق. شۇڭا، ئامۇرسەنا قېيناتىسىنىڭ قان قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆتكەن يىلى قەمەرىيە 11 ـ ئايدا ئېرەن قابىرغىغا لەشكەر تارتىپ كېلىپتۇدەك. ئەلھال، ئەينى يىللاردىكى ئۇلۇغ ھەمتاۋاقلار ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىر ـ بىرىگە قارشى خۇنخورلاردىن بولۇپ قېلىشسا ئەجەب ئەمەس!

— شۇنداق، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى چەنلۇڭ، — ئۇلۇغ پاراكەندە جۇڭغارلارنىڭ رىزقى تۈگەپ، زىتقى تۇشۇپ قالدى. بۇزرۇكۋار پەدەرىمىز كاڭشىنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى ئاقلايدىغان پۇرسەت ئەمدى يېتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. نىھايەت، ئۇلۇغ پاراكەندە جۇڭغارلار ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۆزئارا جەڭگى ـ جېدەل قىلىشىپ زادى تىنچىشماي كېلىشتى. جۇڭغارلارنىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتىشقان مۇسۇلمان چەنتۇلارمۇ بۇزرۇكۋارىمىز كاڭشى زامانىسىدىلا بوغدا خاقانلىقىمىزنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىپ، ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ بەدەۋى جۇڭغارلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن ئازاد قىلىشنى ئىلتىجا

① تەيۋەندىكى تەيپېي گۇگۇڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخىپلاردا خاتىرىلىنىشىچە، چەنلۇڭنىڭ 19 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خانغا يوللانغان قاتلاق مەكتۇپتا بۇ ھەقتە: «... ئامۇرسەنا ساغانداشقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى...» دەپ خاتا مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ مەزمۇنلار جۇاڭ جىفا يازغان: «چىڭ گاۋزۇڭنىڭ شائىلىق مۇھارىبىسە ئۇتتۇقلىرى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىنىڭ 30 ـ بېتىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ۋېي يۈەنمۇ ئۆزىنىڭ «زەپەرنامە»، 4 ـ جىلد: «چەنلۇڭ يىللىرىدىكى جۇڭغارلارنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى» دە ئاشۇنداق نەقىل كەلتۈرگەن.

قىلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ خوجام دەيدىغان بىر ئۇلۇغى[1] كاڭشىنىڭ 16 - يىلىلا[2] خاقانلىقىمىزدىن قۇرىقارغا لەشكەر[3] چىقىرىشنى ئىلتىجا قىلىپ لەنجۇ سىڭگىغىچە كەلگەن ھەمدە ئۆزى خاقانلىقىمىزنىڭ ھىدايەتپەرۋەر قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇرىقارغا بارىدىغان قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن! بىراق، ئۇل جۇڭغارلارنىڭ غالدان دەيدىغان خاقانى تولىمۇ يامان نەرسە بولغاچقا، كاڭشى خان قۇرىقارغا لەشكەر چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىكەن![4] ئەلھال، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. ئۇل پاراكەندە جۇڭغارلار ئۆز ئىچىدىن بۇزۇلۇشقاننى ئاز دەپ، قوشنىسى بولغان قازاقلارغا چېقىلىپ، ئۇلارنى قۇترىتىپ قويدى. بۇ بوغدا خاقانلىقىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ. مۇبادا، ئۇل پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى بىلمىسەك، بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى ئىلىبالىق تىنچىغاندىن كېيىن جۇڭغارلار ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشىدۇ - دە، ئاندىن نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى خاقانلىقىمىزغا قارىتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنى يىغىشتۇرمىقىمىز ھازىرقىدىنمۇ قىيىنغا توختايدۇ. ئەلھال، جۇڭغار قوۋمىدىن چېلىن ۋە ئۇباش قاتارلىقلار ئۆز ئولۇسلىرىدىن بىر تۈمەن ئادىمىنى باشلاپ كېلىپ تەڭرى خاقانلىقىمىزغا ئەل بولۇشتى.

بىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز لازىم، دەپ ئويلايمىز. مۇبادا، ئەڭ كېچىككەندىمۇ كېلەر يىلى ئىلىبالىققا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، مانجۇ سەلتەنىتى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ۋۇجۇدقا چىقىرالماي كېلىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارساق، بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ مۇھارىبىيە جەھەتتە قولغا

---

① ھىدايىتۇللا (ئاپاق) خوجىنى دېمەكچى.
② مىلادى 1677 - يىلى.
③ قۇرىقار - شىنجاڭنىڭ تارىختىكى ناملىرىدىن بىرى.
④ بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى شېڭزۇ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 69 - جىلد، 19 -، 20 - بەتلەرگە قارالسۇن.

كەلتۈرگەن بۈيۈك ئۈتۈقسىز بولۇپ قالدۇ. بىزنىڭ مۇبارەك كاللىمىزدا مۇشۇنداق بۈيۈك خىيال زاھىر بولدى![1]...

— ئاپىرىن، ئانھەزرىتىم! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى دىۋانبېگى شۇ خېدىي، — بىزكىم قارا دىۋاندىكى ئەئيانى - ئەركانلارنىڭمۇ ئارزۇ قىلىدىغىنى شۇ ئىدى!...

— ئانھەزرىتىمنىڭ دۆلەتلىرىگە ئاسمان تەگرىسى تەۋپىقۇ - ئادالەت بەرسۇن! ئانھەزرىتىمنىڭ دۈشمەنلىرى خاراب، مۇناپىقلار بىتاپ بولسۇن! ئانھەزرىتىم ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىغايلا! — ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەمىر ئۇل - ئۇمەرالارنىڭ تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە پۈتۈن تەيخېدىيەن ئوردىسى زىلزىلىگە كەلدى. ئوردىنىڭ ئېگىز راۋاقلىرىغا قونۇشۇۋالغان كەپتەرلەر ئۈركۈپ، گۈررىدە قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

جۇڭغارلار مەسىلىسى — خاقانى چىننىڭ كاڭشى[2]، يۇڭجىڭ[3] ۋە چەنلۇڭ[4] قاتارلىق ئۈچ ئەۋلاد پادىشاھلىرىنى 100 يىلدىن بېرى قىيناپ كېلىۋاتقان كونا، چىگىش بىر مەسىلە ئىدى. ئىلىغا لەشكەر چىقارغاندىلا، ھەم جۇڭغارلارنى تەلتۆكۈس تىنچىتقىلى، ھەم مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مۇلكىي تۈركىستاننى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. ئەسكەر چىقارغاندىلا بۇ ئەلنى تەلتۆكۈس بىسىۋالغىلى بولاتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققىلى بولىدىغان ئىشەنچلىك چارە ئىدى! بىراق، نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟! ئەڭ ئالدى بىلەن جۇڭغارىيە غاجىلاشقا بولىدىغان ئەمما چاينىغىلى بولمايدىغان بىر

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 464 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 19 - يىلى قەمەرىيە 5 - ئاي.

② كاڭشى — ئىسىنگورۇ شۇەنيې، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 4 - ئەۋلاد پادىشاھى. ئۇ مىلادى 1662 - يىلىدىن 1722 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

③ يۇڭجىڭ — ئىسىنگورۇ يىنجېڭ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ 5 - ئەۋلاد پادىشاھى. ئۇ مىلادى 1723 - يىلىدىن 1735 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

④ چەنلۇڭ — ئىسىنگورۇ خۇڭلى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ 6 - ئەۋلاد پادىشاھى. ئۇ مىلادى 1736 - يىلىدىن 1795 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

پارچە قاتتىق سۆڭەك ھېسابلىناتتى. ئۇ يەرگە ئەسكەر چىقارغاندا، ئىنسى - جىن ئاياغ باسمىغان چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنداق بولغاندا، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىدىغان، لەشكەر مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدىغان خاقانى چىن يىراقتا قالاتتى - دە، ئۇرۇش سېپى سوزۇلۇپ، ئارقا سەپ ئۇزىراپ كېتىپ قېلىپ، لەشكەرلەرنىڭ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلماق مۇشكۇل بولاتتى. شۇڭا، بۇ ئىشتا يەنە زوراغالىق مەھكىمىسىدىكى[1] ئاشۇ بىر توپ كاسكى قېرىلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىسا بولمايتتى. ئۇلار شاھ سانىيەنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇشۇپ، «قۇرىقارغا لەشكەر چىقارسا بولمايدۇ يەي!» دېيىشىپ قۇلاق - مېڭىنى يەپ بولۇشتى! بىراق، ھازىرقىدەك ئەپلىك پۇرسەت ھەممىلا ۋاقىت كېلىۋەرمەيدۇ - دە!...

چەنلۈك خان مۇشۇلارنى ئويلاپ قولىنى شىلتىپ قويدى. شىغاۋۇل ۋۇ جى قوبۇل ۋاقتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە: «قارا دىۋانبېگى، خان مۇپەتتىش شۇخېدى قالسۇن، قالغانلارغا ئىجازەت!» دەپ خاننىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى.

شىغاۋۇل ۋۇ جى چەنلۈك خانغا ئەركان بولغان مۇشۇ يىللاردىن بېرى، ئۇنىڭ مىجەزىنى خېلىلا چۈشىنىپ قالغانىدى. خان ھەر قېتىم زور مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقارماقچى بولغىنىدا، چوقۇم ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئەئيانلىرىدىن بىرى بىلەن قۇرشاۋ شاھمات ئوينىغاچ يالغۇز تەپەككۇر قىلىپ، قارار قىلىدىغان مەسىلىلەرنى كاللىسىدا پىشۇراتتى.

چەنلۈك خان شاھماتقا ئۇستا بولغاچقا، ئەئيانلىرى داۋاملىق ئۇنىڭغا ئۇتتۇلۇپ قالاتتى. ئەمما، قارا دىۋاننىڭ دىۋانبېگى شۇخېدى تولىمۇ ئەستايىدىل ئادەم بولغاچقىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرۇپ

① زوراغالىق مەھكىمىسى — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن تەركىب تاپقان يەتتە كىشىلىك مەخپىي ئوردا كېڭەشىنىڭ نامى.

قويغىنىغا ئوغايلىقچە تەن بەرگىلى ئۇنىمايتتى. بۇگۈنمۇ ئۇ چەنلۇڭ خان بىلەن شاھمات ئويناشقا ئولتۇرۇپ، ئۇرۇقنى باسا ـ باسماي تۇرۇپلا يەنە ئۇتتۇرۇپ قويدى. چەنلۇڭ ئۇنى تىخىمۇ قىزىقتۇرۇش ئۇچۇن، ئۈچ قول شاھماتنىڭ ئىككىنچىسىدە ئۇنىڭغا قەستەنگە ئۇتتۇرۇپ بەردى. پادىشاھ بىلەن ئەركان مۇشۇنداق بىر ھازا شاھمات ئويناشقاندىن كېيىن شۇ خىدې شاھمات قائىدىلىرىنى خېلى چۈشىنىپ قالدى ـ دە، ئوغايلىقچە ئۇتتۇرۇپ قويمايدىغان بولدى. ئۇلار مۇشۇنداق تىركىشىپ كەچ بولۇپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قېلىشتى. ئاخىر ئۇلار تەڭ كېلىپ قېلىشتى ـ دە، شاھماتنى يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

شۇ خىدې شاھمات تاختىسىدىكى ئىرماش ـ چىرماش تىزىلىپ كەتكەن ئاق ـ قارا ئۇرۇقلارغا قاراپ:

— مەن يۇرىكىمنى قاپتەك قىلىپ، ئانھەزرىتىم بىلەن شاھمات ئويناشقا جۈرئەت قىلدىم، — دېدى ئۇ چەنلۇڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، — بىراق، خان ئالىيلىرى دانا بولغاچقا، ئەئيانلىرى يېڭىلىپ قالدى. شۇنى بىلىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلغايلا، ئاق ئۇرۇقلار قارا ئۇرۇقلار تەرىپىدىن قورشىلىپ ماڭارغا يول تاپالماي قېلىۋاتقاندى، بىلمىدىمكى، قانداق قىلىپ يەنە تىرىلىۋالدى؟

— ئەئيانىم، سەن شاھمات ئويىنىغاندا، — دېدى چەنلۇڭ خان كۈلۈپ تۇرۇپ، — خېلى پەم بىلەن ئويناپدىكەنسەن، ھۇجۇم قىلغاندىمۇ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى بىلىدىكەنسەن، مۇداپىئە كۆرگەندىمۇ ئۆزۈڭنى قاتتىق مۇداپىئە قىلالايدىكەنسەن. بىراق، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدىكەنسەن. شۇڭا، شاھمات ئويىنىغاندا يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنىمۇ بىلىشىڭ كېرەك!

— قورشاۋ شاھماتتىمۇ پۇرسەت بولامدۇ؟

— ھەرقانداق ئىشتا پۇرسەت بولىدۇ، — دېدى چەنلۇڭ خان ئاغۋات سۇنغان چايدىن بىر ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن، — سەن «كېرىلىپ تېرىسىگە پاتماي قالغانلارنىڭ يېرىلىشىنى كۈتۈش كېرەك؛ كۈچلۈكلەرنىڭ زەئىپلىشىشىنى كۈتۈش كېرەك؛ گۈللەنگەنلەر خارابلاشماي قالمايدۇ؛ ئازراق نەرسىنىڭ مېھرىدىن كەچمىگۈچە، چوڭ نەرسىگە ئېرىشمەك قىيىن!» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— ئانھەزرىتىم، سىلى «قولنى كەسمىگۈچە قان چىقماس» دېمەكچىمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق...

— چۈشەندىم، — دەپ جاۋاب بەردى قارا دىۋاننىڭ دىۋانبېگى شۇ خېدىي مەمنۇن بولغىنىدىن، — «يارا ئېغىز ئالغاندىلا ئاندىن مەرەزنى ساقايتقىلى بولىدۇ!» دېگەن مۇشۇ گەپ ئىكەنده ـ ده! ئانھەزرىتىم، دانا ئىكەنلا، ھەقىقەتەن دانا ئىكەنلا!

— بىراق، غاپىللار بىزنىڭ ئۇل مۇددىئا — غەرەزلىرىمىزنى چۈشەنگەن بولسىچۇ كاشكى، — دېدى چەنلۇڭ ئېغىر خورسىنىپ تۇرۇپ، — بولۇپمۇ زوراغالىق مەھكىمىسىدىكىلەرنى قۇرنقارغا لەشكەر چىقىرىشقا ماقۇل كەلتۈرۈشكە قارىغاندا تاشپاقىنى يورغىلاپ چېپىشقا مەجبۇرلاش ئاسانراق! مۇبادا، پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالسا، مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىش پىلانىنى كۆپۈككە ئايلانمامدۇ؟!

ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىش ۋە قەشقەرىيىنى بېسىۋېلىش ـ شۇ مەزگىلدە ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىغان بىر ئىش ئىدى. ئەمما، چەنلۇڭ خان بۇ قارشىلىقلارغا قارىماستىن ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىشتا چىڭ تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ھەتتا ئۆزى «غاپىللىقتىن ئويغىنىش ھەققىدە» ۋە «غەربكە يۈرۈش

قىلىش نەزمىسى» دەپ تېما قويغان ئىككى ماقالىنى دارىلئۇلۇمنىڭ مىرزىلىرىغا يازدۇرغاندىن كېيىن ئۆز قەلىمى بىلەن ھۆسنخەت قىلىپ كۆچۈرۈپ چىقىپ، تەيخىدىيەن ئوردىسىدىكى ئالتۇن تەختنىڭ ئارقىسىدىكى شىرمىغا ئاستۇرغانىدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق شاھ سانىيە باشچىلىقىدىكى ئارستوكراتىيىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. چەنلۇڭ ئۆمرىدە ماقالە، نەزمە ۋە بېيىتلارنى ساماندەك كۆپ يازغان بولسىمۇ ئەمما بۇ ماقالە، نەزمە ۋە بېيىتلارنىڭ تولىسى پاخپاق ماقالىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ۋاي» دەپ كەتكۈدەك يېزىلغانلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تۇمەن سۆزلۈك «غاپىللىقتىن ئويغىنىش ھەققىدە» دېگەن بۇ ماقالىسى ئۇ يازغان ئاشۇ پاخپاق ماقالىلەر ئارىسىدا بىرقەدەر ياخشى يېزىلغىنى ئىدى.

چەنلۇڭ بۇ ماقالىسىدە بىر «چاكىنا موللا» ئارقىلىق خاقانى چىن ئوردىسىدا ئۆزىنىڭ ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىشقا قارشى تۇرىدىغان قىرى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياراتقانىدى. ھالبۇكى، زوراغالىق مەھكىمىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چەنلۇڭنىڭ ئاتا يوللۇق تاغىلىرى ئىدى! چەنلۇڭ گەرچە چۈشكۈرۈپ قويسا، مەملىكەت تەۋرەپ كېتىدىغان مانجۇ خاقانى بولسىمۇ ئەمما مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇنداق زور ئىشتا زوراغالىق مەھكىمىسىدىكى ئاشۇ ئاتا يوللۇق تاغىلىرىنىڭ پىكرىنى ھېسابقا ئالماسلىققا پېتىنالمايتتى. چەنلۇڭنىڭ تاغىلىرى بولسا ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىشقا قارشى ئىدى. چەنلۇڭ ئۆز ماقالىسىدە دەككە بەرگەن ھىلىقى «چاكىنا موللا» دەل زوراغالىق مەھكىمىسىدىكى ئۆتمۈشنى ماختاپ، ھازىرقىنى چۆكۈرىدىغان، ئالدىدا سۆزلىمەي، كەينىدىن كوتۇلدايدىغان، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئاشۇ بىر توپ كاسكى قېرىلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى.

ئۇلار ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىشقا جان - جەھلى بىلەن قارشى ئىدى. «ئەسكەر چىقارساق، — دېيىشەتتى ئۇلار، — ئاپەتنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيدۇ، ئۇرۇشتا چېرىكلىرىمىز، سەركەردىلىرىمىز قىرىلىپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز. شۇڭا، ياتلارنى زورلۇق كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغاندىن كۆرە، پەزىلەت ئارقىلىق تەسىرلەندۈرگەنگە يەتمەيدۇ!»

چەنلۇڭ ئۆزىنىڭ بۇ ماقالىسىدە بۇ بىر توپ كاسكى قىرىلارغا مۇنداق دەپ رەددىيە بەرگەنىدى: «قار شىۋىرغاننىڭ چىقىشى ئاسمان خۇداسىنىڭ خاھىشىغا تالىق ئىش. ھالبۇكى، قار - شىۋىرغانلار زېمىندىكى چاڭ - توزانلارنى تازىلاپ، سۈپۈرۈپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئاسماندىن قار ياغمىسا، زېمىننى چاڭ - توزان قاپلاپ كېتىپ، زېمىندىكى ئادەملەر تىنالماي قالامدۇ؟ شۇڭا، چوڭ ئىشلارنى قىلماقچى بولغان ئادەم ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەيمەن دەپ ئېيتالامدۇ؟ ھىيلە ۋە تەدبىر بىلەن يولۋاسنى تۇتقىلى بولىدۇ. چۈنكى، ھىيلە - مىكىر كۈچ - قۇۋۋەتتىن كۈچلۈكرەكتۇر! چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنىمەن دەيدىكەنسەن، بەك رەھىمدىل بولۇپ كەتمە. تارىخنى مەڭگۈ غالىبلار يازىدۇ! بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ھېسابلانسا، تۈمەنلەپ، مىليونلاپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەنلەر بۈيۈك ئىستېلاچى بولىدۇ. نىھايەت، تەنتەكلىك بىلەن نۇسرەت قازىنىمەن دېگىلى بولماس! لىڭتاسىملىق قىلىپ جاھاننى ئوڭشىغىلى بولماس! خېيىمخەتەردىن قورقماي، بەدەۋىيلەرنىڭ ئۈستىگە تىغ تارتىپ بارغاندىلا، نۇسرەت قازانغىلى بولىدۇ. خېيىمخەتەردىن قورقۇپ بىر قەدەممۇ ماڭمايدىغان بولساق، ئۇنىڭلىق بىلەن خېيىم خەتەر تۈگەپ قالارمۇ؟...»

*　　　*　　　*

كاشىنىڭ 34 ـ يىلى[①] قەمەرىيە 5 ـ ئايدا موغۇل دالاسىدىكى زۇن مۇدۇن دېگەن يەردە پارتلىغان ئۇرۇشتىن كېيىن خاقانى چىندا ئىككى قېتىم تەخت يىقىلىپ، ئىككى قېتىم پادىشاھ ئالماشتى. تەخت ئىسىنگورۇ ـ خۇڭلىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن مىلادى 1736 ـ يىلى (ئەجدىھا يىلى) نىڭ خاسىيەتلىك كۇنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ مانجۇ خاقانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ، «چەنلۇڭ» دېگەن نام بىلەن سەلتەنەت سۈرۈشكە باشلىدى. بىراق، ئۇ تولىمۇ ئۇرۇشخۇمار، تولىمۇ شۆھرەتپەرەس بىر پادىشاھ ئىدى.

چەنلۇڭ شان ـ شۆھرەتتە بوۋىسى ئىسىنگورۇ شۈەنيى ـ كاڭشىدىنمۇ ئېشىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى!

شۇ مەزگىللەردە خاقانى چىندا مانجۇ سەلتەنىتى تەلتۆكۈس قارار تاپقان، ئىسيان، غەليانلار تىنچىغان، پۇقرالار ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. شۇنداق ئاسايىشلىق باراۋىرىدە خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ كۆڭلىدىكى جاھانگىرلىك يامان نىيىتى ئاشكارىلاندى. دېمەك، ھۆكۈمدار قولىنى قىلىچ سېپىدىن نېرى تارتمىسا ۋە خالايىق سەرەنجامىنىڭ تىزگىنىنى ئىختىيار ئىلكىگە ئالغان بولسا، جاھانگىرلىك پىتنە قۇشى ئۇنىڭ مېڭە چاڭگىسىدا تۇخۇم چىقىرىدۇ ۋە جاھانگىرلىك ھەۋەسلىرى ئۇنىڭ كۆكرىكىدە ئورۇن تۇتىدۇ! نىھايەت، خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ كۆڭلىگە جاھانگىرلىك شەيتىنى ئەنە شۇنداق قارا سايە ۋە ۋەسۋەسە ئوتىنى سالغاندىن كېيىن ئۇ بۇنداق دوزاخ ئوتىنىڭ ئۇچقۇنىدا يانماي قالارمۇ؟!

---

① مىلادى 1695 ـ يىلى.

*          *          *

هەيۋەتلىك بىنەپشە هەرەمنىڭ تەيخېدىيەن ئوردىسىدىكى ئايلانما يولەك ياقىسىغا قاتار قىلىپ تىكىلگەن مەجنۇنتاللار بېيجىڭنىڭ ياز پەسلىدىكى تىنجىق ئىسسىقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ ـ قانداق، خۇددى كېسەل تەگكەن توخۇدەك سالپىيىپ تۇراتتى. شاخلار ئازراقمۇ مىدىرلاپ قويمايتتى. پۈتۈن ئىسسىق هەرەمنىڭ ئېگىز تېمى ئىچىگە كىرىۋالغاندەك، ئادەمنىڭ يۈزىگە هۇپ ـ هۇپ ئۇرۇلاتتى. هاۋا بەئەينى دوراخ ئوتىدەك يالقۇنجاپ، ئادەمنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى پىژ ـ پىژ كۆيدۈرۈپ، نەپەسنى بوغاتتى. بىراق، تەيخېدىيەن ئوردىسىنىڭ ئىچى ئادەمگە بولەكچىلا ئارامبەخش بەرگۈدەك دەرىجىدە سالقىن ئىدى. شاھىنشىنىڭ ئىچىدىكى شاھ سۇپىسىنىڭ ئاستىغا جايلاشتۇرۇلغان مۇز ئورىسىنىڭ ئاغزى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، شاھىنشىنى سوۋۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئارامبەخش سالقىنلىق ئاشۇ مۇز ئورىسىنىڭ ئىچىدىن هاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقانىدى.

تەيخېدىيەن ئوردىسى مانجۇلار شەنخەيگۇەندىن ئىچكىرىسىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن تارتىپ تەختتە ئولتۇرۇپ كەلگەن پادىشاھلارغا شاھىنشىن بولۇپ كەلگەن قەسىر ئىدى. كاڭشى خانىنىڭ 8 ـ يىلى[1] كاڭشى تەيخېدىيەن ئوردىسىنى يېڭىۋاشتىن ياساشقا يارلىق چۈشۈردى. پېشقەدەم مېمار لياڭ جۇ ئەسلىدىكى توققۇز سارايلىق تەيخېدىيەن ئوردىسىنى ئۆزگەرتىپ هازىرقى كەڭلىكى بىر يۈز سەكسەن گەز، ئېنى توقسان گەز، بويى بىر يۈز بەش گەز، ئون ئۈچ سارايلىق ياسىداق قەسىر هالىتىگە كەلتۈردى. ئوردىنىڭ ئۈستى ئالتۇن رەڭلىك بىللۇر كاھىش

---

[1] ① مىلادى 1669 ـ يىلى.

بىلەن يېپىلغان بولۇپ، بۇ ئىمارەت مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ كاتتا ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت ھېسابلىناتتى. قەسىرنىڭ ئىچىدىكى ئۆڭ ـ سول ئىككى تەرەپتە ئون ئىككىدىن ئالتە قاتار، جەمئىي يەتمىش ئىككى تال تۈۋرۈك بار ئىدى. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇز سەككىز گەز، توملۇقى ئۈچ گەز ئىككى ئىلىك كېلەتتى. ئوردىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنىڭ تۆر تەرىپىگە شاھ سۇپا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇيما ئالتۇن بىلەن ياسالغان تەخت قويۇلغانىدى. تەختنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئەجدىھا ئوراپ تۇرغان ئالتە دانە ئالتۇن تۈۋرۈك كۆزنى چاقنىتىپ ۋالىلداپ تۇراتتى. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدە تولغۇلۇپ ياتقان ئەجدىھالار ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن نەقىش قىلىنىپ ئىشلەنگەنىدى. شاھنىشىننىڭ ئىچىدىكى تۈۋرۈكلەرگە ئۇچۇۋاتقان، چۇشۇۋاتقان، ئۈزۈۋاتقان، تولغۇلۇپ ياتقان ھەر خىل قىياپەتتىكى ئەجدىھالار خۇددى تىرىكتەك نەقىش قىلىنغانىدى. قەسىرنىڭ ئىشىك ـ كېشەكلىرىگە، رۇجەك ـ پەنجىرىلىرىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بولۇپ، شاھنىشىننىڭ ئىككى قاناتلىق قۇيما ئىشىكىگە ئالتۇن تاسمىلار قېقىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ ئالتۇن ئەجدىھالار يۆگىشىپ ياتاتتى. شاھنىشىننىڭ ئىچىگە ئىككى گەزلىك ئالتۇن رەڭلىك ساپال خىشلار يېيىتىلغان بولۇپ، تاملىرى ئالتۇن بىلەن قاپلانغانىدى. قەسىرنىڭ ئۆگزىسىنىڭ خۇددى لاچىننىڭ قاناتلىرىدەك كېرىلىپ تۇرغان ئۇچىما قىرلىرىغا ئەجدىھا، سۇمۇرۇغ، شىر، سىياخور[①]، دۇلدۇل، تاشپاقا، سۇلەيسۇن، يىلپىز، كالا، بىجىق[②] قاتارلىق ئون خىل دەرەندە ـ چەرەندىلەرنىڭ ئالتۇن ھەيكەللىرى ئۆز رەت تەرتىپى بويىچە ئورنىتىلغانىدى.

---

① سىياخور ـ خەيما دەپ ئاتىلىدىغان، دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بىر خىل دېڭىز ھايۋىنى.

② بىجىق ـ مايمۇننىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

تەيخېدىيەن ئوردىسى كاڭشىنىڭ 18 ـ يىلى[①] ئاستانە بېيجىڭدا قاتتىق يەر تەۋرىگەندە ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكتىن، كاڭشىنىڭ 34 ـ يىلى[②] يېڭىۋاشتىن ياسالدى. مانجۇ خاقانلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئوردا مۇراسىملىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تەيخېدىيەن ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. خاقانى چىن چەنلۇڭ مىلادى 1736 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ تاج كىيىش مۇراسىمىمۇ مۇشۇ تەيخېدىيەن ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى.

*　　　*　　　*

بىر كۈنى، چەنلۇڭ خان تەيخېدىيەندە ۋاسسالLAR مەھكىمىسىنىڭ دىۋانبېگى نايىنتاي بىلەن قورشاۋ شاھمات ئويناۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا تالادىن بىر ياش ئاغۋاتنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ ئىشىكتە تۇرۇپ شىغاۋۇل ۋۇجىغا «بۇ يەرگە چىقسىلا» دېگەندەك قىلىپ ھەدەپ ئىشارەت قىلغىلى تۇردى.

ۋۇ جى چەنلۇڭغا قاراپ قويغاندىن كېيىن قىلچىمۇ تىۋىش چىقارماستىن، ھېلىقى ئاغۋاتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— خوجام، ئەمرىڭىزگە قۇللۇق! — دەپ تەزىم قىلدى ياش ئاغۋات ئۇنىڭغا.

— سۆزلە! ـ دېدى شىغاۋۇل ۋۇ جى پەس ئاۋازدا.

— جۇڭغارلاردىن تەسلىم بولغان ئامۇرسەنا دېگەن بىر تەيجى، — دېدى ھېلىقى ياش ئاغۋات ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ تۇرۇپ، — خاقان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم بىر مەلۇمات بار ئىدى، دەپ قارا دىۋانغا مەلۇمات يوللاپتىكەن. دىۋانبېگى شۇ خېدى جانابلىرى ماڭا ئۇنى سىلىنىڭ قاشلىرىغا باشلاپ بار، دەپ بۇيرۇدى.

① مىلادى 1679 ـ يىلى.
② مىلادى 1695 ـ يىلى.

— قېنى ئۇ قالماقنىڭ ئۆزى؟
— مانا مۇشۇ يەردە، مېنىڭ ئارقامدا، ئۇ هازىر خاقان بىلەن كۆرۈشەتتىم، دەپ شاهنىشىننىڭ ئىشىكىدە دىۋەيلەپ تۇرۇۋاتىدۇ! — دەپ ئاغۋات بىر تەرەپكە ئۆتتۈۋىدى، شىغاۋۇل ۋۇ جى كۆردىكى، شاهنىشىننىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇستىۋېشى توپا - چاڭ، دوقا ماڭلاي، دىڭگىل قاش، ياپما قاپاق، ئالىغاي، شور تۇمشۇق، توغۇر قۇلاق، پاناق بۇرۇن، دورداي كالپۇك، هىڭگاڭ چىش، هاپپا قوۋۇز، ئۇزۇن ئىڭەك، قاتلىما قورساق، چولاق بارماق، تاش مايماق، قارامتۇل، ئېگىز بويلۇق، ساقاللىق بىر جۇڭغار تۇراتتى!
شىغاۋۇل ۋۇ جى ئۇنىڭغا بىر پەس چەكچىيىپ قاراپ تۇردى، ئاندىن دەرهال شاهنىشىن ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، بىر هازادىن كېيىن چىقىپ، ئۇنىڭغا شاهنىشىن ئىچىگە كىرىشكە ئىشارەت قىلدى.
هېلىقى جۇڭغار شاهنىشىن ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇدۇل چەنلۇڭ خاننىڭ ئالتۇن تەختى قويۇلغان شاه سۇپىسىنىڭ ئالدىغا يورغىلاپ كەلدى - دە، بىر تىزىنى ئېگىپ، تەخت ئۇستىدە ئولتۇرغان چەنلۇڭغا قۇللۇق بىلدۇردى ۋە ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ:
— ئەمىرىڭ قۇللۇق، خاقان ئالىيلىرى، — دەپ سېغىزخاندەك شاراقلاپ سۆزلەپ، تەزىم - بەجا كەلتۈردى.
— ئىجازەت! — دېدى تەخت ئۇستىدە ئولتۇرغان چەنلۇڭ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، مۇشۇ تاپتا ئۇ خۇشاللىقىنى يوشۇرالمايلا قالغانىدى. ئۇ شىغاۋۇل ۋۇجىغا جۇڭغار تەيجىسى ئامۇرسەناغا شاهانە كۇرسىدىن بىرنى قويۇپ بېرىشنى ئەمىر قىلدى ۋە:
— ئەئيانىم، هارمىغايسەن! بىز سېنىڭ تۆت مىڭ قوۋمىڭنى باشلاپ تەڭرى خاقانلىقىمىزغا بەيئەت قىلغانلىقىڭنى

ئاڭلاپ بەكمۇ خۇرسەن بولدۇق. سەن بەكمۇ ئاقىلانە ئىش قىلدىڭ. جاھاندىكى زېمىن - تۇپراق خاقانى چىنغا تەۋەدۇر. ئالەمدىكى پۇقرالار خاقانى چىنغا ئىتائەت قىلۇر! خاقانلىقىمىزنىڭ مېھىر - شەپقىتى چەكسىزدۇر! ئەلھال، سەن ئاسىي داۋاچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى ئۈزۈپ، ئادالەتپاناھ خاقانلىقىمىزغا پاناھ تارتىپ كەلدىڭ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ خاسىيەتلىك ئىشتۇر! تارتىنما، ئەئيانىم، نېمە تەلىپىڭ بولسا قىلچە تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرماي دەۋەرگىن![1]

— رۇخسەت بولسا، ساڭا — بوغدا خانغا خىزمەت قىلسام! — دېدى جۇڭغار تەيجىسى ئامۇرسەنا شاھانە كۇرس ئۈستىدىن سەكرەپ تۇرۇپ.

چەنلۇڭ خان بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۇنچىقماي ئولتۇردى. چەنلۇڭ خاننىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن جۇڭغار تەيجىسى ئامۇرسەنا تېخىمۇ دادىللىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— خاقانى چىندا مېنىڭ ساڭا كېرىكىم يۇقتۇر بەلكىم. بىراق، پايانسىز تۈركىستان چۆللىرىدە، بولۇپمۇ جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيە يېرىدە مەن بوغدا خاقانغا كۆپ پايدا كەلتۈرگەيمەن! مېنى بۈيۈك قوشۇنىڭغا تۇرشاۋۇل قىلىپ بەلگىلە! مەن بوغدا خان ئالىيلىرى ئۈچۈن ئىت - ئېشەك بولۇپ خىزمەت قىلغايمەن!

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مەمنۇن بولغان چەنلۇڭ خان رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى - دە:

— ئەئيانىم، كۆپ جاپا چەكتىڭ، جۇڭغارىيە بىلەن قەشقەرىيەگە قوشۇن ئەۋەتىش مەسىلىسى ھەققىدە كېيىنچە بىر نەرسە دەرمىز. ھازىرچە ئارام ئېلىپ تۇرغايسەن! — دېدى -

[1] «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭخان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 469 - جىلد، 6 - بەت. چەنلۇڭنىڭ 19 - يىلى قەمەرىيە 7 - ئاي.

دەپ، ئالتۇن تەخت ئۇستىدىن تۇرۇپ شىغاۋۇل ۋۇجىغا:

— پەرمان جاكارلانسۇن! — دەپ ئەمىر قىلدى ۋە ئۇنىڭغا يارلىقنى ئۇزاتتى.

— قۇللۇق، شاھىنشاھىم! ـ دەپ تەزىم ـ بەجا كەلتۇردى شىغاۋۇل ۋۇ جى. ئاندىن چەنلۇڭنىڭ قولىدىن يارلىقنى ئېلىپ كۆزىگە سۇرتۇۋەتكەندىن كېيىن؛

— پەرمان! بەيسى زالافېڭئا بىلەن چەنچىڭگۇڭ قوۋۇقىنىڭ ياساۋۇل بېگى دې شەن، جىغۇلار قۇلاق سالسۇن! — دەپ جاكارلىدى.

— پەرمانبەدارمىز! ـ دەپ گۇركىرەشتى شاھىنشىن ئىچىدىكى ئەئيانلار خانغا تەگلا تىز پۇكۇپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

— جۇڭغارلارنىڭ چوڭ تەيجىسى ئامۇرسەنانىڭ جاھالەتنى تاشلاپ، ئادالەتنى پاناھداپ تەگرى خاقانلىقىمىزغا بەيئەت قىلغانلىقى خۇشاللىنارلىق چوڭ ئىشتۇر! — دەپ يارلىقنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى شىغاۋۇل ۋۇ جى، — شۇل ۋەجىدىن، بەيسى زالافېڭئا، چيەنچىڭگۇڭ قوۋۇقىنىڭ ياساۋۇل بېگى دې شەن، جىغۇلارنى ئېلىپ، ئامۇرسەنا تەيجىنى ھازىرچە رېخې ئەتراپلىرىغا ياخشى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغاي، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلمىغاي، ئۇل ئەئيانىمىزنىڭ تەلەپ ـ ئىلتىجالىرىنى تەخىرسىز ئورۇندىغاي، يارلىق تامام، گەپ ۋەسسالام![1]

— قۇللۇق! ئانھەزرىتىم ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۇمەن مىڭ يىللار ياشىغايلا!

شاھىنشىن ئىچىدە پۇتۇن تەيخېدىيەن ئوردىسىنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. . .

---

① «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭخان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 469 ـ جىلد، 6 ـ بەت، چەنلۇڭنىڭ 19 ـ يىلى، قەمەرىيە 7 ـ ئاي.

*   *   *

ئۇلۇغلار شۇنداق دەپ ياخشى ئېيتىشقانىكەن: «ھەر كىم يامانلىق قىلسا، ياخشىلىقتىن ئۈمىد كۈتمەسلىكى لازىم. ھەر كىمگە ناشىكەر لازىم بولسا، ھەنزەل ۋە چاچراتقۇ تېرىماسلىقى لازىم. ھەر كىم يەرگە نېمىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغان بولسا، ئاخىرىدىمۇ ئەلۋەتتە شۇنىڭدىن ھوسۇل ئالىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق كىشى ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ ھوسۇلىنى ئىنكار قىلالمايدىغان بولغاچقا، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چېچىش كېرەك. شۇڭا، ھەر قانداق بىر ھۆكۈمدار زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىشى، ۋاپا ۋە مېھرى - شەپقەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ ئۈندۈرۈشى ياخشىدۇر. ئۇ شۇنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىمكى، كىمكى بىر ئۇچقۇننى خۇپىيانە كۆل قىلغان بولسا، ئەنە شۇ ئۇچقۇننىڭ يانغىنى ئۇنى كۆل قىلىدۇ؛ ئەگەر بىر ھۆكۈمدار جەبىر - زۇلۇم تىغى بىلەن مەزلۇملارنىڭ جان يېپىنى قىيغان بولسا، شۇ يىپ دەرھال ئەجدىھا بولۇپ ئۇ زالىمدىن ئۆز ئەنتىمىنى ئالماي قويمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئايلانغۇچى مەككار پەلەك زۇلۇم قىلىدىغان بولسا ئەپچىل بولغىنىدەك، ئۇ زالىمنىڭ مۇكاپىتىنى بېرىشتىمۇ، ئۆچ ئېلىشتىمۇ ناھايىتى ئەپچىلدۇر. پەلەك بىلەن جەڭ قىلغاننى پەلەك يېڭىدۇ. ئايلانغۇچى پەلەكلا ئەمەس، توققۇز قەۋەت ئاسمانمۇ شۇنداقتۇر. نىھايەت، پەلەكنىڭ قىسمىتى شۇنداق ئىكەنۇ، ئادەملەر نېمىشقا شۇنداق قىلمىسۇن؟ ئەگەر بىر كىشىدىن بىر كىشىگە ئاپەت يەتسە، ئۇنىڭغا يېتىدىغان مۇكاپات يەنىمۇ قاتتىقراق بولىدۇ!» مىلادى 1678 - يىلى مەلئۇن ئاپاق خوجا جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنى مۇلكىي قەشقەرىيىگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن بۇ ئەلدە خورلۇق، شەرمەندىلىك تارىخى باشلاندى. جۇڭغارلار شۇنىڭدىن تارتىپ مۇلكىي قەشقەرىيە خەلقىنىڭ يۈرىكىنى قان - زەردابقا تولدۇرۇپ، بېشىغا زۇلۇم

تىغىنى ئۈرۈپ، بىچارە خەلقنىڭ جان يىپىنى ئۈزگەنىدى. ئاخىر بۇ مەزلۇم خەلقنىڭ ئاھۇ ـ زارلىرى قىساس ئوتىغا ئايلىنىپ، جۇڭغار زالىملىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. . .

*　　　　*　　　　*

يۇڭجېڭنىڭ 5 ـ يىلى،[①] جۇڭغارىيە خانى سىۋان ئارابدان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى غالدان سېرىن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا جۇڭغار خانى بولدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغار فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن خاقانى چىننىڭ مۇناسىۋىتى يەنە يامانلىشىشقا باشلىدى. بۇ زىددىيەت بارا ـ بارا كەسكىنلىشىپ، ئاخىرىدا چوڭ كۆلەمدىكى قوراللىق توقۇنۇشقا ئايلاندى. يۇڭجېڭنىڭ 9 ـ يىلى[②] 6 ـ ئايدا، خاقانى چىننىڭ قارا چېرىكلىرى قوۋۇقتىن چىقىپ، مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ تۇرپان ئۆلكىسى ئەتراپىغا بېسىپ كەلدى. جۇڭغارىيە خانى غالدان سېرىن بىر تەرەپتىن ئىككى مىڭدەك ئاتلىق جۇڭغارنى خاقانى چىننىڭ لۈكچۈن، قاراخوجا قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان غەربىي يۈنىلىشتىكى قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا ئەۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، يىگىرمە مىڭ كىشىلىك ئاساسىي كۈچنى قارا ئېرتىش دەرياسى بويلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خاقانى چىننىڭ شىمالىي يۈنىلىشتىكى قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، خاقانى چىننىڭ شىمالىي يۈنىلىشتىكى قوشۇنلىرىدىن بىر تۈمەن چېرىك ئۈچ تارامغا بۆلۈنۈپ، بۆكتۈ جىلغىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كەلدى. ئۇلار خوتۇنۇر دېگەن يەرگە كەلگەندە، بۆكتۈرمىدە ياتقان جۇڭغار ئاتلىقلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. بۇ قېتىمقى

① مىلادى 1727 ـ يىلى.
② مىلادى 1731 ـ يىلى.

خوتۇنۇر ئۇرۇشىدا خاقانى چىنىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشتىكى قوشۇنلىرىدىن ئاران ئىككى مىڭ ئادىمى قېچىپ قۇتۇلغاندىن باشقا، سانغۇن باساي، سابىنا باشلىق بىر تۈمەنگە يېقىن قارا چېرىك ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئەسىر ئېلىندى. خاقانى چىنىنىڭ ياندااش سانغۇنى، ياساۋۇلبېگى تارداي ئېغىر يارىلاندى. بۇ خاقانى چىن قوشۇنلىرى سەددىچىندىن چىققاندىن بېرى جۇڭغارلار بىلەن بولغان كۈرەشلەردە ئەڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئىدى. شۇڭا، خاقانى چىنىنىڭ تارىخچىلىرى ئۆز سالنامىلىرىغا بۇ ئۇرۇشنى «توڭگۈز يىلىدىكى مەغلۇبىيەت» دەپ پۈتۈپ قويۇشتى.

خوتۇنۇر ئۇرۇشىدىن كېيىن خاقانى چىن ئۆزىنىڭ قۇبدۇ ئەتراپلىرىنى ساقلاپ ياتقان قوشۇنلىرىنى ساغانزۇر ئەتراپلىرىغا چېكىندۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ھەربىي جەھەتتە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى سىياسىي جەھەتتە تورغات موڭغۇللىرى بىلەن جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىشقا ئۆزگەرتتى ھەمدە جۇڭغار فېئودالىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتكە بىۋاستە قول تىقىپ، جۇڭغارلار ئارىسىدا نىزا پەيدا قىلدى. سىۋان ئارابدان ئۆلگەندە، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى لوپساڭ سۈنۈر تورغات موڭغۇللىرىنىڭ ئارىسىغا پاناھلىق تىلەپ قېچىپ كەلگەنىدى. خاقانى چىن غالدان سېرىننى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن لوپساڭ سۈنۈرنى جۇڭغارىيىگە قايتىپ خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتتى. لوپساڭ سۈنۈر خاقانى چىنىنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بەكمۇ خۇشال بولدى ۋە ئۆزىنىڭ «ئادالەتپاناھ بوغدا خانغا ئەل بولۇشنى بەكمۇ خالايدىغان»① لىقىنى بىلدۈردى.

بىراق، خاقانى چىنىنىڭ ئۇرۇشخۇمار سىياسىتى ئوردا ئىچى

① جۇڭگو 1 ــ تارىخىي ئارخىپخانىسى، «يارلىقلار ئارخىپى»، 3 ــ جىلد.

ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. خاقانى چىن جۇڭغارىيىگە ئۇدا نەچچە يىل ئەسكەر چىقارغانلىقتىن، بۇ نەتىجىسىز ئۇرۇشتىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىزار بولۇشقا باشلىدى، دىمىنى ئېلىپ، قەددىنى رۇسلىۋېلىشنى خالاپ قالدى.

يۇڭجېڭنىڭ 12 ـ يىلى[1] 8 ـ ئايدا، خاقانى چىن يانداش دىۋانبېگى فۇدېڭ، دارىلئۇلۇمنىڭ يانداش مىرزىسى ئاقتۇن، ئۇرۇنباسار ياساۋۇلبېگى لومىلارنى ئېرەن قابۇرغىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، خاقانى چىن يۇڭجېڭنىڭ «خاقانى چىن بىلەن جۇڭغارىيە ئىككى ئەلنىڭ مەڭگۈ ئۇرۇش توختىتىپ ئىناق قوشنا بولۇپ ئۆتۈش»[2] مۇددىئاسىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن خاقانى چىننىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىر مەھەل توختىدى...

چەنلۇڭنىڭ 10 ـ يىلى[3] 10 ـ ئايدا، جۇڭغارىيە خانى غالدان سېرىن كېسەلدىن ئۆرە بولالماي ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە خانلىق تەختىنى تالىشىش كۈرىشى پارتلىدى.

غالدان سېرىننىڭ ئۈچ ئوغلى، بىر قىزى بار ئىدى. تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى لاما دارجە، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى سېۋان دورجى نامجىل، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى سېۋان داش (مۇكىش ياكى مۇڭقىش دەپمۇ ئاتىلاتتى) ئىدى؛ قىزىنىڭ ئىسمى ئۇلانبايىر (ئۇتبايىر) دەپ ئاتىلاتتى. غالدان سېرىننىڭ ئىككىنچى ئوغلى سېۋان دورجى نامجىلنىڭ ئانىسى جۇڭغار دۆۋرەنلىرىنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، غالدان سېرىننىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن چوڭ جايساڭ گۇنبۇ، داش داۋا ۋە خوتلۇ قاتارلىقلار ئۇنى ھىمايە قىلىپ جۇڭغارىيە تەختىگە يۆلەپ چىقاردى. ئەمما، ئۇنىڭ

---

① مىلادى 1734 ـ يىلى.
② بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى شىزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئۇردا خاتىرىلىرى»، 146 ـ جىلد، 1 ـ 4 ـ بەتلەر قارالسۇن.
③ مىلادى 1745 ـ يىلى.

يېشى كىچىك بولغاچقا، ھاكىمىيەتنى ئۇنىڭ ئاچىسى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى. بۇ، چەنلۇڭنىڭ 11 ـ يىلى[1] يىل بېشىدا بولغان ئىش ئىدى.

بىراق، سېۋان دورجى نامىدىن تولىمۇ ئەخمەق، تولىمۇ زالىم ھۆكۈمران بولغاچقا، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى جايساڭلىرىدىن سەللا كۆڭلىگە ياقمىغانلىرىنى ياۋۇزلارچە ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. شۇڭا، ئۇ ئەئيانلىرىنىڭ نارازىلىقىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭ ئاچىسى ئۇلانبايىر ۋە ئۇنىڭ ئېرى سەيىن بېلىك ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ئەمما سېۋان دورجى «مېنىڭدىن تەخت تالىشىۋاتىدۇ» دەپ ئۇلاردىن شۈبھىلەندى ـ دە، دەرھال تۇتۇپ قاماقتا ئالدى. ئۇ چەنلۇڭنىڭ 15 ـ يىلى قىشلىق ئوۋ مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئاكىسى لامادارجەنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا، جايساڭ ئۇرجويىن، گۇنبۇ قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سېۋان دورجى بىلەن ئۇنىڭ شېرىكلىرىدىن داش داۋا قاتارلىقلارنى تۇتۇپ ئاقسۇدا نەزەربەند قىلدى ۋە لاما دارجەنى خان قىلىپ تىكلىدى.

لاما دارجە تەختكە چىقىپلا ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىنى تازىلاپ يوقىتىشقا كىرىشتى ۋە سېۋان دورجى بىلەن داش داۋا (سېرىن دوندۇبنىڭ ئوغلى) نى ئۆلتۈرۈۋەتتى. چەنلۇڭنىڭ 15 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، داش داۋانىڭ قول ئاستىدىكى جايساڭ سالار ئۆز قوۋمىدىن سەكسەن بىر تۇتۇن، ئۈچ يۈز سەكسەن جاندىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ كۆكنۇردىكى گاسكۇر دېگەن يەرگە قېچىپ كېلىپ خاقانى چىننىڭ چېگرا دائىرىلىرىگە بەيئەت قىلدى. خاقانى چىن چەنلۇڭ: «ئادەت بويىچە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا مال ـ چارۋا بۆلۈپ بېرىشكە ئەمىر

---

① مىلادى 1746 ـ يىلى.

قىلدى ۋە سالارنى بەلگىسىز ئامبالىقتا تەيىنلىدى.»[1]

داش داۋانىڭ داۋاچى ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. جۇڭغارلارنىڭ داڭلىق باھادىرى سېرىن دوندۇپ ئۇنىڭ بوۋىسى بولاتتى. داۋاچى مۇشۇ مەزگىللەردە تارباغاتاي ئۆپچۆرىلىرىنى بېسىپ ياتقان بولۇپ، جۇڭغار خانى لاما دارجەگە قەتئىي بويسۇنمايتتى. سالار پاناھلىق تىلەپ خاقانى چىنغا قاچقاندا، لاما دارجە ئۇنى قوغلاپ تۇتۇشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ ئەمما داۋاچى ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمىغانىدى. جۇڭغار خانى لاما دارجە «ئۇنىڭ ئادىمى كۆپ، ئىگىلىگەن جايىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن قورقۇپ، ئۇنى مەجبۇرلاۋېرىشكە پېتىنالمىدى.»[2]

ئەينى يىللاردا، جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدە لاما دارجەگە نارازى، سېۋان داشىنىڭ جۇڭغار خانى بولۇشىنى قوللايدىغان بىر بۆلۈك كۈچ مەۋجۇت ئىدى. ھالبۇكى، داۋاچى ئاشۇ بىر بۆلۈك كۈچ ئىچىدىكى ئاساسلىق كۈچ ھېسابلىناتتى. يەنە موڭغۇللارنىڭ خوشۇت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى بەنجۇر، خۇيت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئامۇرسەنا، دۆربىت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى چېلىن قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. مىلادى 1750 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئىككى جايساڭىنى سېۋان داشىنىڭ قېشىغا ئىسيان كۆتۈرۈش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىشكە ئەۋەتكەندە پاش بولۇپ قېلىپ، جۇڭغارىيە خانى لاما دارجە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا جۇڭغارىيە خانى لاما دارجە جايساڭ بۇرگۇدەنى ئېرتىش بويىغا ئەۋەتىپ، داۋاچىنى ئېرەن قابۇرغىغا كېلىپ قۇرۇلتايغا قاتنىشىشنى تەكلىپ قىلدى. ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى سەزگەن داۋاچى بەنجۇر، ئامۇرسەنالار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا خاقانى چىنغا پاناھلىق تىلەپ قېچىشنى پۈتۈشكەندە پاش

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭخان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى» 373 ـ جىلد، 10 ـ ، 11 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

② بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 373 ـ جىلد، 10 ـ ، 11 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

بولۇپ قالغانلىقتىن، لاما دارجە ئۇنىڭ ئۇستىگە لەشكەر تارتىپ كەلدى. بۇ ئۇرۇشتا داۋاچى يېڭىلىپ، ئازراق ئادىمى بىلەن قازاقلارغا پاناھلىق تىلەپ كەلدى. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، ئېرەن قابۇرغىغا يالاپ ئېلىپ كېلىندى.

جۇڭغار خانى لاما دارجە ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى يۇلۇپ تاشلاش ئۈچۈن قازاق خانى ئابلاي خانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، داۋاچىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئابلاي خان تەرىپىدىن رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغارىيە خانى لاما دارجا سەيىن بېلىك، نامخۇجخۇر قاتارلىق ئىككى سەردارنى ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئابلاي خانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئابلاي خان ئۇنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن داۋاچى بىلەن ئامۇرسەنا ئىككىسىنى جۇڭغارىيە خانىغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. ئەمما، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا، داۋاچى بىلەن ئامۇرسەنا يېقىنلىرىنى ئېلىپ، تون قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭغارىيە قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قېچىپ چىقىپ، تارباغاتايغا كېلىۋالدى. ئۇلار بۇ يەردە تۆت يۈزدەك لەشكەر توپلاپ، ئامۇرسەنانىڭ ئۆگەي ئىنىسى چاگدۇرنىڭ قوۋمىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ مىڭدەك ئاتلىق لەشكىرىگە ئىگە بولۇۋالدى.

داۋاچى بىلەن ئامۇرسەنا ئۆزلىرىنى بىر ەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئامۇرسەنانىڭ «قول قوشتۇرۇپ تۇرغاندىن كۆرە، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ قوزغىلىپ چىقىپ باقامدۇق!»[①] دېگەن تەشەببۇسىغا ئاساسەن، دەرھال بىر مىڭ بەش يۈز ئاتلىق لەشكەر توپلىدى ـ دە، كېچە ـ كۈندۈز يول

① فۇ خۇەن: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىراتى»، 1 ـ جىلد: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىشقا ئائىت ئومۇمىي ئىشلاردىن قىسقارتىلمىلار».

يورۇپ ئىلىبالىققا يېتىپ كەلدى. چەنلوڭنىڭ 17 ـ يىلى[①] 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېچىسى، داۋاچى بىلەن ئامۇرسەنانىڭ قوشۇنلىرى ئىلىبالىق (هازىرقى قورغاستىكى ئالمىلىق شەهىرى) شەهىرىگە شەبخۇن ئۇرۇپ، شەهەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. جۇڭغارىيە خانى لاما دارجە مۇشۇ قېتىملىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئۆلتۈرۈلدى. داۋاچى جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقىپ جۇڭغار خانى بولدى.

داۋاچى بىلەن ئامۇرسەنا ئىتتىپاقى داۋاچىنىڭ جۇڭغارىيە خانى بولالىشىنىڭ ئاساسى ئىدى. بىراق، بۇ ئىتتىپاق جۇڭغارىيە فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جۇڭغارىيەگە ۋە پۈتۈن تۈركىستانغا هۆكۈمرانلىق قىلىشنى تالىشىشىدىكى ۋاقىتلىقلا ئىتتىپاقى ئىدى، خالاس. بولۇپمۇ ئامۇرسەنانىڭ داۋاچىنى قوللىشىمۇ پەقەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانات ـ قۇيرۇقىنى تەڭشىۋېلىش، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە، ئۇنىڭدىن جۇڭغارىيىنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلاتتى. چەنلوڭنىڭ 18 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامۇرسەنا داۋاچىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ئىلىنىڭ شىمالىدىن تاكى ئالتايغىچە بولغان كەڭ جايلارنى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق بولغاندا، داۋاچى ئاران بورتالانىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرگىلا ئىگىدارچىلىق قىلالايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ تەلىپى داۋاچى تەرىپىدىن رەت قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامۇرسەنانىڭ قېيناتىسى دۆربىت قەبىلىسىنىڭ چوڭ جايساڭى داش داۋاچىغا قارشى هەرىكەتكە قاتناشقانىدى. داۋاچى هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئۇنى قولغا ئېلىپ زىندانغا تاشلىدى. ئامۇرسەنا داۋاچىدىن قېيناتىسىغا رەهىم قىلىپ ئۇنى قويۇپ بېرىشنى نەچچە رەت ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ قولاق

---

① مىلادى 1752 ـ يىلى.

سالماستىن داشنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىش داۋاچىنىڭ سىياسىي ھەمشېرىكى بولغان ئامۇرسەنانىڭ سىياسىي رەقىبكە ئايلىنىش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈردى. مىلادى 1753 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، داۋاچى لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئامۇرسەناغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ داپقۇر ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئەمما داۋاچىنىڭ ئامۇرسەناغا قىلغان ئۈچىلا قېتىمقى ھۇجۇمى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقانلىقتىن، بورتالاغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئىككىنچى يىلى 6 ـ ئايدا، داۋاچى چاگدۇرمانجىنى ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق چېرىك بىلەن ئامۇرسەناغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تارباغاتاينى تارتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى بۇلاپ قايتۇرۇپ كەلدى ھەمدە تارباش دېگەن بىر باھادىرىنى ئۈچ مىڭ ئورانقاي چېرىكى بىلەن ئامۇرسەنانىڭ ئارقا سېپىگە تېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئامۇرسەنا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا نامىق، خۇشۇت تەيجىسى بەنجۇر قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئۆز قەۋمىدىن تۆت مىڭ تۈتۈن، يىگىرمە مىڭ ئادەمنى ئېلىپ خالخە مۇڭغۇللىرىغا قېچىپ خاقانى چىنغا تەسلىم بولدى. خاقانى چىن چەنلۇڭ ئامۇرسەنانى شاھزادىلىك مەرتىۋىسى بىلەن تارتۇقلىدى. نامىق بىلەن خۇشۇت تەيجىسى بەنجۇرغا ئىنالچىلىق مەرتىۋىسىنى بەردى.

چەنلۇڭ يىللىرىدىن بۇيان جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچىدە نىزا زادى ئۆكسىمىدى. جۇڭغارىيە خەلقى ئۇلارنىڭ جەبىر ـ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتىپ، بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويۇپ كېكىرىپ كېتىشكەنىدى. شۇڭا، خاقانى چىنغا بەيئەت قىلىش جۇڭغارلار ئارىسىدا بىر خىل مودا، ئۇنۇملۇك قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالدى. جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىمىيەت تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن بوغۇشۇپ، قان بولۇشۇپ كېتىشكەندە، ئىمپېراتور چەنلۇڭ

جۇڭغارىيە ۋەزىيىتىنى خۇددى ئۇلجىسىنى كۆزىتىپ ياتقان قاپلاندەك سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرغانىدى. ئامۇرسەنا قاتارلىق جۇڭغارىيە تۆرىلىرىنىڭ خاقانى چىڭغا بەيئەت قىلىشى ئۇنى جۇڭغارىيىدىكى غەلىيانلار ھەققىدە بىرىنچى قول ئاخبارات بىلەن تەمىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا جۇڭغارىيىگە باستۇرۇپ كىرىش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. «تۇركىستان» دەپ ئاتالغان بۇ غەربىي يۇرتنى يەنە بىر قېتىم ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش ئىمپېراتور چەنلۇڭنىڭ يېتەلمەي كېلىۋاتقان ۋىسال ئارزۇسى ئىدى. ئامەت قۇياشى پايانسىز كۆك يايىق دالاسى ئۈستىدە پارلاپ، ئۇنىڭغا ئىللىق چىراي ئېچىۋاتقانىدى. نۇسرەت قۇشى بۇ غەربىي يۇرتتا قانات قېقىپ، ئۇنىڭغا غەلىبە ـ نۇسرەتتىن دېرەك بېرىۋاتاتتى. ئەلھال، خاقانى چىن كاڭشىدىن تارتىپ ئۆزىگە قەدەر بولغان ئۈچ ئەۋلاد خانىنىڭ ئۇمىد ـ ئارزۇسى ئەمدى ئەمەلگە ئاشمىسا، يەنە قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ شۇڭا، بۇنداق تېپىلغۇسىز پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە، ئىمپېراتور چەنلۇڭ جۇڭغارىيە خانى داۋاچىنىڭ «ئۆزىنىڭ غالدان سېرىن بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئىلتىجا قىلىپ تارتۇق يوللىغان» لىقىنىمۇ[①] نەزەرگە ئالماي قويدى.

جۇڭغار تۆرىسى ئامۇرسەنا خاقانى چىڭغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن جۇڭغارىيىگە تېزلىك بىلەن لەشكەر چىقىرىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ تۇرشاۋۇل بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. . .

① جۇڭگو 1 ـ ئارخىپخانىسى. چەنلۇڭنىڭ 19 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، «خانغا يوللانغان مەلۇماتلار ئارخىپى»، 10 ـ مەكتۇپ.

*　　　*　　　*

چەنلۇڭنىڭ 19 ـ يىلى[1] 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، خاقانى چىن چەنلۇڭ باغىبەندىنى شىمال تەرەپنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، ئامۇرسەنانى چېگرىنى تىنچىتقۇچى چەپقول ئورۇنباسار سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، شىمالىي يۆنىلىشتىكى قوشۇنلارغا مەسئۇل قىلدى؛ يۇڭچاڭنى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، سالارنى چېگرىنى تىنچىتقۇچى ئوڭ قول ئورۇنباسار سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ پەرمان چۈشۈردى ۋە ئامۇرسەنانىڭ: «ئوت ـ چۆپ قۇرۇپ ئۆكسۈپ قالغان مەۋسۇمدا يۈرۈش قىلساق» دېگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، يۈرۈش قىلىش ۋاقتىنى ياندۇرقى يىلى 2 ـ ئايغا تەيىن قىلدى.

چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى[2] 2 ـ ئايدا، خاقانى چىننىڭ جۇڭغارىيىگە يۈرۈش قىلغۇچى ئەللىك مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى يەتمىش مىڭ ئات بىلەن ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ ئىلىبالىققا قاراپ يولغا چىقتى... بىراق ئامۇرسانا گەرچە چېگرىنى تىنچىتقۇچى چەپقول ئورۇنباسار سانغۇنلۇق رۇتبىسىدە خاقانى چىننىڭ ئىلىبالىققا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇنىنى جۇڭغارىيىگە باشلاپ چىققان بولسىمۇ ئەمما خاقانى چىن چەنلۇڭ ئۇنىڭغا زادىلا ئىشەنمەيتتى. چۈنكى، چەنلۇڭنىڭ نەزەرىدە، ئامۇر سەناغا ئىشىنىش «قوي قىرقىشنى بۆرىگە تاپشۇرغان» دەك بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىك كۆلكىسى بىلەن ھىجىيىپ تۇرغان چىرايىغا تۈمەن مىڭ زەھەرلىك نەشتەر يوشۇرۇنغانلىقى، قۇللارچە مۇلايىم قىياپىتىدە ئۆتكۈر ئىسيان خەنجىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا، خاقانى چىننىڭ قوشۇنلىرى ئىلىبالىققا يۈرۈش قىلىش

① مىلادى 1754 ـ يىلى.
② مىلادى 1755 ـ يىلى.

هارپىسىدا، چەنلۇڭ خان تەيخېديەن ئوردىسىدا جۇڭغار باھادىرى، خاقانى چىننىڭ چېگرىنى تىنچىتقۇچى ئوڭ قول سانغۇنى سالارنى يالغۇز قوبۇل قىلىپ، خاقانى چىننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىزھار قىلغانىدى:

— ئامۇرسەنا تۆد موڭغۇل يېزىقىدا بىزگە مەلۇمات يوللاپتۇ، — دېگەنىدى چەنلۇڭ ئويچان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، — ئۇ بۇ مەلۇماتىدا: «ئىلىبالىق ئەتراپىدىكى جۇڭغار قوۋملىرىنى ئۇلاستاي ئەتراپىدىكى جايلارغا كۆچۈرۈۋېتىش لازىم» دەپتۇ. بىز ئۇنى ماقۇل كۆردۇق. ئەمما، ئۇنىڭ «ئىلىبالىقتىكى خۇيت قەبىلىسىنىڭ تەيجىلىرىنى ئەل بولۇشقا ئۈندەپ يارلىق چۈشۈرۈلسە» دېگەن تەلىپىنى لازىم تاپمىدۇق. چۈنكى، ئامۇرسەنا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق خۇيت قوۋمىنى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. دېمەك، ئۇ جۇڭغارىيە تىنچىتىلغاندىن كېيىن ئىلىبالىقنى ئۆزىنىڭ تەسەررۇپىغا ئېلىۋالماقچى بولۇۋېتىپتۇ! شۇڭا، ئەئىيانىم، سىز بۈيۈك تەڭرى قوشۇنىمىزنى ئىلىبالىققا باشلاپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلغايسىز ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزى خالىغىنىچە ئىش قىلىشىنى چەكلىگەيسىز. بۇ ئىشتا سىزگە خاقانى چىننىڭ نۇسرەت سۈپەت قوشۇنلىرى يار بولۇر. ئېھتىيات قىلىڭىزكى، بۇ گەپلەرنى بىر ئۆزىڭىزدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمىگەي!①...

* * *

مىلادى 1755 ـ يىلى (توڭگۇز يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كېچە، تۈن نىسبى بولغان مەھەل.

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 481 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى قەمەرىيە 1 ـ ئاي، 16 ـ، 18 ـ بەتلەر.

داۋاچىنىڭ گېدىن ئۇل[①] تېغىنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلغان بارگاھىنىڭ ياغاچتىن ياسالغان ئېگىز تېمى جىمجىت تۇن قاراڭغۇسىدا يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ياغاچ تامنىڭ ئىچىدىن ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىۋاتقان جۇڭغار تۇرغاۋۇتلىرىنىڭ قىسقا ئەمما بوغۇق ئاۋازلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

گېدىن ئۇل جىلغىسىدا خاقانى چىن قوشۇنلىرىنىڭ ياساۋۇلى، جۇڭغارلارنىڭ قارا باتۇرى ئايۇش باشچىلىقىدىكى يىگىرمە تۆت ئاتلىق لەشكەر بىر خىلدا ئاستا ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىغا كىگىز پايپاق كىيگۈزۈلگەن، ئاغزىغا ياغاچ چىشلىتىلگەن بولغاچقا، جىلغىنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتقان شامالنىڭ غۇرقىرىغان ئاۋازىدىن باشقا غەيرىي تىۋىشنى ئاڭلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قارا چېرىكلەر داۋاچىنىڭ بارگاھىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، ئايۇش قولىنى كۆتۈرۈپ، توختاڭلار! دەپ پىچىرلاپ، ئىتتىدىن چۈشۈپ ھەمراھلىرىغا: «سىلەر توختاپ تۇرۇڭلار» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. ئاندىن ئۆزى بىر ئاز ئىلگىرىلەپ تاغنىڭ قاپتىلىغا چىقتى.

تۇن نىسبىدىن ئاشقاندا ئاسماننىڭ شەرق تەرىپىدە كونا ئاي كۆتۈرۈلۈپ، ئازراق يورۇق پەيدا بولدى. ئاينىڭ رەڭگى كېسەل ئادەمنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئۇزاق ئورۇن تۇتۇپ ئەمدىلا كېسەلدىن ئۆرە بولۇپ، مادارىدىن كەتكەن ئادەمدەك روھسىز كۆرۈنەتتى.

بىر كەملەردە قارا باتۇر ئايۇش ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى ۋە:

— جۇڭغارىيە بۆرىلىرى، ھازىرلاندىڭلارمۇ؟ — دەپ

---

① بۇ تاغ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ موڭغۇلكۆرە ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، «تېمۇرلىك تاۋ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شۇنرلاپ سورىدى ئۇلاردىن.

— قىلىچلىرىمىز قانسىرىغان! — دەپ ئاستا جاۋاب بېرىشتى «جۇڭغارىيە بۆرىلىرى».

— باشلاڭلار! — دېدى ئۇلارغا قاراباتۇر ئايۇش كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، — سىلەر نەچچىڭلار سورەن كۆتۈرمەي، تۇيدۇرماستىن ئۇلارنىڭ تۇرغاۋۇتلىرىنى جايلىۋېتىڭلار. دىققەت! ھەرىكىتىڭلار شۇنداق تېز بولسۇنكى، ئۇلارغا ئاۋازىنى چىقىرىشقىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەڭلار! بىر بۆلۈكىڭلار مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار، بىز ئۇدۇل داۋاچىنىڭ خان چېدىرىغا باسقۇن قىلايلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىدىن تۇيۇقسىز چۈشۈپ، ئۇنى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ باغلاپ چىقايلۇق!

قارا باتۇر ئايۇش ۋە ئۇنىڭ يىگىرمە تۆت ھەمراھى داۋاچىنىڭ بارگاھىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن جۇڭغار تۇرغاۋۇتلىرى بىلەن ئاۋاز چىقارماي ئۈن - تىنسىز ئېلىشتى. قاتتىق غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان جۇڭغارلار دەسلەپتە دۈشمەننىڭ قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى خېلىغىچە ئاڭقىرالماي مۆڭدەپ تۇرۇپ قېلىشتى...

ئەسلىدە، خاقانى چىننىڭ ئىلىبالىققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلىرى مىلادى 1755 - يىلى 2 - ئايدا سەددىچىندىن چىقىپ، ئىككى تارامغا بۆلۈنگەندىن كېيىن ھېچنېمىگە قارىماي ئۇدۇل كۆك يايىق دالاسىغا قاراپ ئاتلانغانىدى. بۇ ئىككى تارام قوشۇننىڭ ھەربىرى ئىككى يېرىم تۈمەن لەشكەر بىلەن ئۈچ يېرىم تۈمەن جەڭ ئېتىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، سابىق جۇڭغارىيە تۆرىسى، ھازىرقى خاقانى چىننىڭ چېگرىنى تىنچىتقۇچى چەپقول ئورۇنباسار سانغۇنى ئامۇرسەنانىڭ تەكلىپى بويىچە، داۋاچىنىڭ ئايغاقچىلىرىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، ئادەم كۆپ ماڭىدىغان يوللار بىلەن ماڭماي، چەت - ياقا جايلاردىن

ئايلىنىپ ماڭدى. شىمالىي تارامدىكى قوشۇنلار ئۇلاستاي ئارقىلىق ئىلىبالىققا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىدى؛ غەربىي تارامدىكى قوشۇنلار بولسا، بارىكۆل ئارقىلىق يالغۇز ئاياغ چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ كۆك يايىق دالاسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى ـ دە، 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بورتالا دەرياسىنىڭ بويىدىكى ساغانتۆڭگى ① دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ شىمالىي تارامدىكى قوشۇنلار بىلەن ئۇچراشتى. بۇ چاغدا، پۈتكۈل جۇڭغارىيە دالاسى ئۇرۇش، يېغا ۋە مالىمانچىلىق ئوتىدا ئۆرتەنگەن بولغاچقا، جۇڭغارلارنىڭ ھەر قايسى ئۇرۇق، قەبىلە ۋە ئولۇسلىرىنىڭ جايساڭ تەيجىلىرى، جۈملىدىن كەڭ جۇڭغار خەلقى بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك غەلىياندىن جاق تويغانىدى. شۇڭا، خاقانى چىن قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭلا، ئۇلار تۇشمۇ ـ تۇشتىن ئىسيان كۆتۈرۈشۈپ، جۇڭغارىيە خانى داۋاچىدىن يۈز ئۆرۈشتى ـ دە، ئارقا ـ ئارقىدىن خاقانى چىنغا تەسلىم بولۇشتى. مەغلۇپ بولۇپ، يېتىم قالغان داۋاچى ئۆزىنىڭ بىر تۈمەندەك لەشكىرىنى باشلاپ ئىلىبالىقنىڭ غەربىي جەنۇبىغا بىر يۈز سەكسەن چاقىرىم كېلىدىغان گېدىن ئۇل تېغىغا چېكىنىپ بېرىۋالدى ۋە ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئىستىھكام ياساپ، بارگاھ قۇرۇپ، خاقانى چىن قوشۇنلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولدى.

قارا باتۇر ئايۇش باشچىلىقىدىكى يىگىرمە تۆت قارا چېرىك داۋاچىنىڭ بارگاھى ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن جان ـ جەھلى بىلەن جۇڭغارلارنى قىرىشقا باشلىدى. قارا چېرىكلەرنىڭ ئۈستىدىكى تۆمۈر ساۋۇتلىرى سۇس ئاي يورۇقىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ يالت ـ يۇلت قىلاتتى. ئۇلار قولىدىكى ئۆتكۈر قىلىچ، يوغان بۆرە چىشلىق ئۇمۇتلىرى بىلەن ئالدىغا

① موڭغۇلچە «ئاق چىغلىق» دېگەن مەنىدە، بۇ يەر ھازىر ئارشاڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە.

ئۇچرىغانلىكى جۇڭغارنى بىر باشتىن چېپىپ، ئۇرۇپ يىقىتىۋەردى. ئەتراپ يەنىلا جىمجىت ئىدى. مەشئۇم جىمجىتلىقنى پەقەت ئۆلمەي قالغان ياردار جۇڭغارلارنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ئىنجىقلىغان، زارلىغان ئاۋازلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى. بىر چاغدا بىرسىنىڭ:

— ئالۋاستى باستى! بوغداخاننىڭ لەشكەرلىرى باسقۇن قىلىشتى! — دەپ ۋارقىرىغان ۋەھىمىلىك ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭلا، باياتىن مۆكۈدەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشقان جۇڭغارلار غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىشتى. لېكىن، ئۇلار ئەس - ھوشلىرىنى يوقىتىشىپ قويۇشقانىدى. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئاشۇ بىر سۆزنىلا تەكرارلىشىپ قالايمىقان قىقاس - سۈرەن كۆتۈرۈشتى.

بارگاھ ئىچىدە قالايمىقان يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشكەن جۇڭغارلار ئىچىدە بىرئاز ئەس - ھوشىنى تېپىۋالالىغانلىرى بارگاھنىڭ ئېگىز ياغاچ تېمى ئىچىدىن قانداق قىلىپ قېچىپ چىقىشنىڭ غېمىدە رو چېۋىنىدەك ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئۇرۇشاتتى. قېچىپ بارگاھنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەن جۇڭغارلار ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان ئەجەل ئىلاھلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە چېپىپ تاشلىناتتى. بارگاھنىڭ ياغاچ تېمى لاۋۇلداپ كۆيمەكتە، چېدىرلارمۇ ئوت يالقۇنىدا سىپسىق موي - تېرە پۇرىقىنى ئەتراپقا پۇرىتىپ، تۇتەپ كۆيمەكتە. لاۋۇلدىغان ئوت تېخىمۇ گۈركىرەپ كۈچەيمەكتە ئىدى. بارگاھ تېمىدىكى قارىغاي ياغاچلىرىغا چاراسلاپ ئوت تۇتۇشۇپ، دېۋىرقايلار قايناپ چىقماقتا ئىدى. گېيدىن ئۆل تېغى ئوت شولىسىدىن خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ كەتكەنىدى. جەڭدە ئىش مانا مۇشۇنداق قىزىق بولىدۇ. مەغلۇپ بولغان دۈشمەن ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئاز قوغلىغۇچىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى، «مەغلۇپ بولغان سەپكە بىر ‹ھەي!›، دېگەن ئاۋازمۇ كۇپايە!» دۇنيادىن

بىغەم ئۇخلاۋاتقان چېغىدا، تۇيۇقسىز شەبخۇنغا ئۇچرىغان بۇ جۇڭغارلارنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ، كىرەرگە تۆشۈك تاپالماي، ئامالسىزلىقتىن پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلىشاتتى. ئىككى تەرەپ كېچە قاراڭغۇسىدا بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ قايسىسى قارا چېرىكلەر، قايسىسى جۇڭغارلار ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالماقمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىدى.

شۇ كېچىدىكى شەبخۇندا تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولغان جۇڭغار خانى داۋاچى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئاران ئىككى يۈزدەك ئادىمىنى ئېلىپ چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن مۇز داۋان ئارقىلىق ئۇچتۇرپانغا قاراپ قاچتى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، داۋاچى قالدۇق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇچتۇرپاننىڭ ياكۆۋرۈك دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجەسى ئالىقاچان ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ چاجاڭ قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغانىدى. داۋاچى خوجەسىنى بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئۇچتۇرپانغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.

داۋاچى بىلەن بىللە ئۇچتۇرپانغا قېچىپ كەلگەن جۇڭغارلار ئارىسىدا داۋاچىنىڭ لوپساڭ دەيدىغان بىر ئوغلىمۇ بار ئىدى. ئۇ خوجەسىنىڭ قوي - كالا ئۆلتۈرگۈزۈپ، ھاراق - شاراب تەييارلىتىپ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن دەرھال شۈبھىلەندى ۋە دادىسىغا:

— مۇشۇ خوجەسىدىن ھەزەر ئەيلىمەك لازىمدەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ، — نېمىشقا دېمەمسىز؟ بۇ يەر بىلەن ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ ئارىلىقى قىرىق چاقىرىم كېلىدۇ. بىراق، بىز تېخى خەۋەر قىلماي تۇرۇپ، خوجەسى بىزدىن بۇرۇن ئالدىمىزغا ئادەم چىقىرىپ بىزنى بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئۆزى ئالدىمىزغا چىقماپتۇ! بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ نىيىتى ياماندەك قىلىدۇ. شۇڭا، شەھەرگە كىرسەك

بىزگە ياخشىلىق يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە، يەكەنگە بېرىپ، خوجا جاھان ئەرشى بىلەن بىرلەشكىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭمۇ خاقانى چىنغا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسە، بەلكىم بىزنى ئەپۇ قىلار!

— بۇ گېپىڭ بىھۇدە، — دېدى داۋاچى ئوغلىنىڭ گېپىنى تىڭشىماي، — مەن خوجەسىگە ئاز مېھىر - شەپقەت كۆرسەتتىممۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچ ئۇكىسىنى بىردىن شەھەرگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدىم. ئۇ شۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلماس. خاتىرجەم بول، چاتاق چىقمايدۇ! مۇبادا چاتاق چىقىدىغان بولسا مەن بار!

شۇنداق قىلىپ، جۇڭغارلار خوجەسى ئەۋەتكەن ھاراق - شاراب، گۆش، نازۇ نېمەتلەرنى تويغۇچە يەپ، مەست بولغۇچە ئىچىشتى. ئۇلار ھوش - كاللىسىنى يوقاتقان چاغدا، خوجەسىنىڭ چېرىكلىرى تەرىپىدىن پۇت - قوللىرى باغلىنىپ بەند قىلىنغان ھالدا زىندانغا تاشلاندى[1].

* * *

خاقانى چىن بۇ قېتىم ئىلىبالىققا ئەسكەر چىقارغاندا، جۇڭغارىيە خانلىقى چاك - چېكىدىن بۇزۇلۇپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن مەزگىلگە دۇچ كەلگەنىدى. شۇڭا، جۇڭغارىيە خانى داۋاچى ئۆز ۋەتىنىنى بېسىۋالغان بۇ ئىستېلاچىلارغا كۈچلۈك

① جۇنيۈەن چىشىيى يازغان «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 2 - جىلدقا قارالسۇن.

مىلادى 1756 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خوجەسى داۋاچى قاتارلىقلارنى خاقانى چىننىڭ ئاستانىسى بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ كەلدى. ئەمما چەنلۇڭ خان داۋاچىنى ئۆلتۈرمەي، «ئۇنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا شاھزادىلىك ئۇنۋانىنى بەردى. گۆھەر شاد كوچىسىدىن ئۆي - زېمىن ئىلتىپات قىلىپ، مانجۇ ئىنالچىسى چېڭگىس جۇنۋاڭنىڭ نەۋرە قىزىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى. كېيىن ئۇنىڭغا يەنە ئوردا ياساۋۇللۇقى مەنسىپىنى بەردى...» داۋاچى ئۇزاق ياشاپ، ئاخىرىدا كېسەل سەۋەبىدىن ئاستانە بېيجىڭدە ئۆلدى. جاۋلىيەن: «چىرقىراق شىپاڭ خاتىرىلىرى»، 3 - جىلد: «غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىشنىڭ ئۆتمۈشى».

قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. گېيدىن ئۆل تېغىدىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق جەڭدىن باشقا، جۇڭغارىيە تەۋەسىدە چوڭ جەڭ يۈز بەرمىدى. نىھايەت، خاقانى چىن تۆنجى قېتىم ئىلىبالىققا ئەسكەر چىقىرىپ، جۇڭغارىيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئەسلىدە «بۇ ئۆلكىدە مەڭگۇ ئاسايىشلىق ئورنىتىمەن» دەپ ئويلىغانىدى. بولۇپمۇ، خاقانى چىن قوشۇنلىرى گېيدىن ئۆل تېغىدىكى ئاشۇ قېتىملىق جەڭدە زەپەر قۇچقاندىن كېيىن ئىمپېراتور چەنلۇڭنىڭ تەپەككۇر قېيىقى بەخت مېۋىسىنى بېسىپ، شادلىق دەرياسىدا ئۈزدى. ئۇ مۇشۇ قېتىملىق بىر جەڭ بىلەنلا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مۇلكىي تۈركىستاننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشتەك بىچارىلىك قولىلۇقىغا پېتىپ قالغان خام خىيال قېيىقىنىڭ ئۈمىد قىرغىقىغا ئۈزۈپ بېرىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. بىراق، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇساپىسى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ كۆتكىنىدەك ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمىدى. خاقانى چىن ئىلىبالىققا ئەسكەر چىقارغاندىن باشلاپ جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مۇلكىي تۈركىستان ئاسمىنى ئۇرۇش تۇمانلىرى بىلەن قاپلاندى. بۇ يەردىكى خەلق يەنە بىر قېتىملىق زور ئەنسىزلىككە، يىغا ـ غەلىيان قاپلىغان كۆلپەتلىك قىسمەتكە دۇچار قىلىندى! . . .

نەزمە

بىلەمسەن، رۇستەمگە زال[1] نىمە دېگەن؟
بولمايدۇ كىچىك دەپ قارالسا دۈشمەن.
كۆپ كۆردۇق، ئەسلىدە بۇلاق سۈيى ئاز،
ئۇلغايسا تۆگىنى ئالار يۈك بىلەن.

— شەيخ سەئىدى

---

① رۇستەم، زال فىر دەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى شەخسلەر.

# تۆتىنچى باب

# سىتىۋالدى مەنسەپدارلار

«بۇ ئەلنىڭ بەختسىزلىكىگە يىغلايمۇ؟ بۇ خەلقنىڭ ئاڭقاۋلىقىغا كۈلەيمۇ؟...»

— خاتىرەمدىن

**مىلادى** 1755 ـ يىلى (تۇڭگۇز يىلى) قەمەرىيە 4 ـ ئاي. سەرەتان ئايلىرىنىڭ بېشىدا ئىرەن قابۇرغا يايلىقىنىڭ ھەممە يېرى بەس ـ بەستە ئېچىلىدىغان گۈللەر بىلەن قاپلانغان، پۈتۈن يانباغىرلارنىڭ يۈزى يايپېشىل گىلەمدەك يۇمران كۆكاتلار بىلەن زىچچىدە يېپىلغان، ئەنە شۇ كۆكاتلارنىڭ ئارىسىدا كۆپكۆك پىچان گۈللەر، ھالرەڭ ھەشقىپىچەكلەر، ساپسېرىق لەيلىقازاقلار، ئىنچىكە غوللۇق مامكاپلار، سۈس ئېچىلىدىغان ياۋا سەبدە گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ھەر قېتىم شامال ئەسكەندە قېلىن، بولۇق ئۆسكەن ئوتلار ئىچىدە ئوتلاپ يۈرگەن يىلقا ـ پادىلار، قوي ـ ئۆچكىلەر غىلپال كۆرۈنۈپ قالاتتى. بەشقۇلاق گۈللەر بېشىنى لىڭشىتىپ بېلىنى تولغاشقا، ياۋا كۆكاتلار بويۇنلىرىنى سوزۇشقا، چۈجگۈن ئوتلارنىڭ كىچىككىنە ياپراقلىرى لەپىلدەشكە باشلايتتى.

بۇگۈن ھاۋا بۆلەكچىلا ئوچۇق ئىدى. تاغ قۇشقاچلىرى

نەدىندۇر ئېلىپ كېلىپ تاشلىغان بوغداي ئۆرۈقىدىن ئۇنۇپ چىققان بىر توپ غودۇر بوغداي ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بىر كۆكۈنەك ئاسماندا قىمىر قىلماي بىر يەردە تۇرۇۋېلىپ، يەردىكى بوغداينىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان چاشقاندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

يانباغىردىكى ئېقىننىڭ بويىغا جايلاشقان قالماق كۈرەسىنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئادەملەر توپلىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىرىدىكى تۇغ ـ ئەلەملەر ۋە ئۇزۇن نەيزىلىرىنىڭ قىزىل جاللىرى سەلكىن شامالدا مەيىن لەپىلدەپ نەيزە ئۇچلىرى قۇياش نۇرىدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ پارقىراپ كۆزنى چاقنىتاتتى. كۈرەنىڭ تاشتىن ياسالغان ئېگىز پەشتىقىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، بۇرۇت ـ ساقاللىرىغا ئاق سانجىغان، ئۇستىگە ساۋۇت ـ قۇياق كىيگەن، دۈبۈلغىلىق، ئېگىز بويلۇق بىر تەنبەل ھەربىي پەستىكىلەرگە قوللىرىنى شىلتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ خاقانى چىننىڭ جۇڭغارىيىگە يۈرۈش قىلغۇچى ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ سەركەردىسى، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭقول سانغۇن جاۋ خۇي ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا يەنە ئىككى جۇڭغار ھەربىي تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى خاقانى چىننىڭ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭقول ياندىش سانغۇنى، سابىق ئۇيرات تەيجىسى ئامۇرسەنا، يەنە بىرى خاقانى چىننىڭ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى چەپقول ياندىش سانغۇنى، سابىق ئۇيرات تەيجىسى سالار ئىدى. پەشتاقنىڭ ئاستىدا بىر توپ جۇڭغار ھەربىيلىرى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ھازىر مېنىڭ پەرمانىمنى ئاڭلايسىلەر، ھوي ئاسىيلار، سىلەر كىم بولىسىلەر؟ ئات ـ جۇنۇڭلار نېمە؟ تېز، تېز جاۋاب بېرىڭلار! — دېدى مانجۇ قوشۇنىنىڭ سانغۇنى جاۋ خۇي.

جۇڭغارلارنىڭ ئىچىدە ئۈزۈنتۇرا بىرسى دەرھال يەرگە باش قويدى ـ دە:

— بىز جۇڭغار خانى داۋاچىنىڭ تۇرغاۋۇتلىرى بولىمىز. مېنىڭ ئېتىم ئۇلان ئابغېز بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن يېنىدىكى بىرسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇ مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلان خادان. چوڭ خان داۋاچى بىزلەرنى تۇرغاقلىقتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان قەشقەرلىك خوجاملارغا ئوبدان قاراشنى تاپشۇرغان. ئەلھال، بوغدا خاننىڭ قوشۇنلىرى ئىرەن قابۇرغىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ئەمدى ئۇلارغا قاراۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، دەپ ئويلىدۇق. شۇڭا، ئادەملىرىمىزنى باشلاپ ساڭا تەسلىم بولدۇق، — دەپ چاڭ قاغىدەك چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى.

— قەشقەرلىق خوجىلار ساقمۇ؟ — دەپ ئالدىراش سورىدى جاۋ خۇي ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.

— سەركەردىمىزگە مەلۇم بولغايكى، خوجىلارغا زىيان - زەخمەت يەتمىدى، — دەپ ئىتتىك جاۋاب بەردى ئۇلان ئابغېز ۋە يېنىدىكى بىر نۆۋكىرىگە قەشقەرلىق خوجىلارنى ھازىر قىلىشنى بۇيرۇدى.

جۇڭغار نۆۋكىرى ھايالشىمايلا قەشقەرلىق تۇرغاق خوجىلارنى كۇرەننىڭ پەشتىقى ئاستىغا ھەيدەپ ئېلىپ كەلدى.

بۇ بىر توپ تۇرغاق خوجىلارنىڭ ئارىسىدا باشقىچە كىيىنگەن ئىككىيلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى بۇرھانىدىن خوجا، يەنە بىرى بولسا ئۇنىڭ ئىنىسى خوجا جاھان ئىدى. بۇ ئىككىيلەن باشلىرىغا قەشقەرچە تەلپەك كىيگەن، ئۈستىلىرىگە بولسا قارا قۇندۇزدىن جىيەك تۇتۇلۇپ تىكىلگەن يوللۇق بەقەسەمدىن ئالدى ئوچۇق قوش ئەستەرلىك قىسقا يەڭلىك تون كىيىپ، ئىچىگە ئۇزۇن رەڭلىك يىپەك نىمچە كىيگەنىدى. ئاستىغا ئىنچىكە سىپتا توقۇلغان مەللەچەكمەندىن كەڭ ئاغلىق شالۋۇر كىيگەنىدى.

بۇرھانىدىن خوجا بويى ئېگىز، يېشى قىرىقلاردا بار،

ياداڭغۇ، قارا ساقال كىشى بولۇپ، ئۇ خوجىلار تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان خوجىزادىلاردىن كۆرە، جوڭغارىيە دالاسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن جوڭغار ئوۋچىلىرىغا كۆپرەك ئوخشاپ قالغانىدى. ھەرىكەت قىلغىنىدا، ئۇنىڭ يۇمشاق دەسسەپ يورغىلاپ مېڭىشى كىشىگە خۇددى قولغا ئۆگىتىلگەن ئەمما ئۆتكۈر تىرناقلىرى يوق قاپلاننى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان خوجا جاھان ئاكىسىدىن بەش ياش كىچىك ئىدى.

بۇ چاغدا قېرىلىق يېتىپ، ئەت قاچقان يۈزىنىڭ ياغاق سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىققان، كۆزلىرى ئالاق - جالاق قىلىپ تۇرغان كەكە ساقال تۇرغاۋۇت ئۇلان ئابغىز كۆرەڭلىك بىلەن ئالدىغا مېڭىپ چىقتى. ئۇ بېشىدىكى قالماقچە بۆكىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن خاقانى چىن قوشۇنلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەمىرى جاۋ خۇينىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئولتۇردى ۋە:

— تىزلىنىپ ئولتۇرۇڭلار! — دەپ يېنىدىكى تۇرغاق خوجىلارغا ۋارقىراپ قويدى. تۇرغاق خوجىلار دەرھال داق يەردىلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. بۇرھانىدىن خوجا دەرھال بىر پۇتىنى ئالدىغىراق چىقىرىپ بىر قولى بىلەن يەرنى تۇتۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى - دە، بېشىنى ئېگىپ جاۋ خۇيغا جوڭغارچە تەزىم قىلدى ۋە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— لەھەۋلە ۋەلە قۇۋۋەتتە ئىللا بىللەھىل - ئەلىيۇن ئەزىم، ئامىن![1] — دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن:

— كەرەملىك خاقانى چىننىڭ غالىب قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىر لەشكىرىگە بىزكىم تۇرغاقلىقتا تۇرۇپ يۈرىكىمىز قىسىلغان قەشقەرلىق خوجىزادىلەردىن تۇمەن مىڭ تەشەككۇرلەر بولغاي! — دېدى.

جاۋخۇي دەرھال پەشتاقتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن

[1] «بىزگە پەقەت بۈيۈك ئاللالا كۈچ - قۇۋۋەتتە ياردەم بېرەلەيدۇ!»

يۈلىدى ـ دە:
— تۇرۇڭلار، ئورنىڭلاردىن تۇرۇڭلار! — دەپ ئالاھىدە ئىلتىپات قىلىپ كەتتى.
— بىزلەر ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەۋلادىدىندۇرمىز، — دېدى بۇرھانىددىن خوجا قۇللۇق بىلدۇرۇپ تۇرۇپ، — نائىنساپ جۇڭغار خانى بىزلەرنى تۇرغاق قىلىپ تۇتۇپ كېلىپ، ئۇل ئېرەن قابۇرغىدا مەھكۇملۇققا گىرىپتار قىلدى. ئەلھال، خاقانى چىنىنىڭ نۇسرەتپەرۋەر تەڭرى سۈپەت لەشكەرلىرى جۇڭغار باسمىچىلىرىنى زەبۇن قىلىپ، يەر بىلەن يەكسان ئەيلىدى. بىزلەرنىڭ ئەرك تىزگىنىمىزنى قولىمىز ئىختىيارىغا بەردى. شۇڭا، مەنكى بۇرھانىددىن خوجا قول ئاستىمدىكى توقسان خوجا ـ ئىشانلىرىم بىلەن بىللە خاقانى چىنغا بەيئەت قىلىپ، ئىختىيارلىق تىزگىنىنى بويىنىمىزغا سالساق دېگەن ئارزۇدىمەن!
— ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى، — دېدى جاۋ خۇي مەمنۇنلۇقىنى يوشۇرالماي قېلىپ، ـ بىزلەر ئاسىي جۇڭغارلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن لاۋ ـ لەشكەرلەرنى باشلاپ ئاستانىدىن چىققاندا، خاقانى چىن ماڭا سىزلەرگە تايىنىشىمنى ئالاھىدە جېكىلىگەنىدى. شۇل ۋەجىدىن بىز سىزلەرنى تۇرغاقلىقتىن ئازاد قىلىپ، مەرتىۋە ـ نەسەبلىرىڭىزلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىزلەرگە ياردەم قىلغايمىز!
— رەھمىتا پەرۋەردىگارا! — دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن تەشەككۈر بىلدۇردى بۇرھانىددىن خوجا خۇشاللىقىنى باسالماي، — ئەگەر ئۆلۈم ئامان بەرسە، تاكى يۈز يىلغىچە ئۇشبۇ ئاستانەڭنى تاۋاب قىلىپ قۇللۇق كۆرسەتكەيمىز، ھۆرمەتلىك ئەمىر لەشكەر جانابلىرى! كۆڭلۈڭگە ھېچبىر شەك كەلتۈرمىگەيسەن. ناۋادا، خالىساڭ، بىزلەرنى ئۆز مەملىكىتىڭگە قايتسۇن دېسەڭمۇ، يەنىلا خىزمىتىڭدە جېنىمىزنى پىدا قىلغايمىز. ئاللانىڭ تەۋپىقى بىلەن خاقانى چىنغا ئات ـ ئېشەك

بولۇپ خىزمەت قىلىپ، پۈتكۈل مۇلكىي تۈركىستاننى تەسەررۇپىغا ئېلىشىغا ھەمدەم بولۇپ، مەنزىل ـ مەقسىتىگە يەتكۈزگەيمىز ①.

— تەشەككۈر، كۆپ تەشەككۈر! — دېدى جاۋ خۈي، ئاندىن يېنىدا ئۆرە تۇرغان يانداش سانغۇن ئامۇرسەناغا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن سالارغا:

— بۇ ھەقتە بوغدا خانغا دەرھال نامە يوللاپ، قەشقەر خوجىلىرىنىڭ تەقدىرىنى خاندىن پەرمان كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بەلگىلەيمىز، — دېدى.

— قۇللۇق، تەقسىر! — دەپ جاۋاب بەردى يانداش سانغۇن سالار.

جاۋخۈي ئورنىدىن تۇردى ـ دە، پەشتاقتا تۇرغانلار بىلەن كارى بولماستىن كۆرەنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

* * *

خاقانى چىننىڭ جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىگە قاراتقان يۇرتدارچىلىق سىياسىتى پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ باردى. ئەسلىدە جۇڭغارلار مىلادى 1678 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغاندىن تارتىپ قەشقەر خوجىلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىگە بولغان بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئالاھەزەل كاڭشىنىڭ 52 ـ يىلى② قەشقەر خوجىلىرىنى ئىلىبالىققا تۇتۇپ كىلىپ تۇرغاقلىقتا تۇرغۇزۇش چارىسىنى يولغا قويۇپ، ئەھمەت خوجا باشچىلىقىدىكى

① فۇ خۇەن: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 11 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى 4 ـ ئاي.
② مىلادى 1713 ـ يىلى.

ئاق تاغلىق خوجىلار بىلەن دانىيال خوجا باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىق خوجىلاردىن ئىككى يۈزدىن ئارتۇقراقىنى تۇتقۇن قىلىپ ئېرەن قابۇرغىغا سۈرگۈن قىلدى. كېيىن يەنە بۇ خوجىلارنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىدىكى غايەت زور تەسىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، بولۇپمۇ قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان رايىشلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارقا ھويلىسى بولغان مۈلكىي قەشقەرىيىدىن ھەر يىلى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان مىڭلىغان غالچا چوكان ۋە غالچا يىگىتلەر، ھەددى - ھېسابسىز مال دۇنيا، ئاشلىق، رەخت - ماتالار، نەپىس قول ھۈنەر بۇيۇملىرى بىلەن جۇڭغارىيىنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دانىيال خوجىنى يەنىلا يەكەنگە قورچاق خان قىلىپ قايتۇردى. ئەمما، بۇرۇندىن تارتىپ قەشقەر، يەكەن ھۆددۈتلۈقىنى سوراپ كەلگەن ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ سەردارى، ھىيلىگەر، قارا نىيەت ئەھمەت خوجىنى بولسا، داۋاملىق تۇرغاقلىقتا تۇتۇپ تۇردى ۋە ئۇنىڭ خوجىزادىلىك مەرتىۋىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجا جاھان دېگەن ئىككى ئوغلىنى ئېرەن قابۇرغىدا نەزەربەند قىلىپ قويدى. بۇ ئەھۋاللار خاقانى چىن چەنلۇڭغا ئانچە مەلۇم ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

تۇرغاق خوجىلار خاقانى چىن لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ياندىش سانغۇن سالارنىڭ خوجىلار ھەققىدىكى مەلۇماتى ئاستانىگە يېتىپ كەلدى. چەنلۇڭ خان مەلۇماتنى كۆرۈپ، قارا دىۋانغا بۇرھانىدىن خوجا باشلىق تۇرغاق خوجىلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە مەخسۇس يارلىق چۈشۈردى: «... سەلتەنىتىمىزگە ئەل بولغان ئۇل خوجىلار ئەسلىدە ياركەند، كاشغەرلەردىكى مۇسۇلمان پىرقىسىنىڭ ئاتامانلىرى ئىكەن. جۇڭغارلار ئۇلارنى تۇرغاقلىققا تۇتۇۋېلىپ،

ۋەتىنىگە زادىلا قايتقىلى قويماپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىغا ھەقىقەتەنمۇ ئىچىمىز ئاغرىدى. شۇل ۋەجىدىن، سەردارىمىز سالار ئۇل خوجىلارنى ھۇزۇرىمىزغا سالامغا ئېلىپ كەلگەي. ئۇل خوجىلار ئاستانىمىزنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەسلى مەملىكىتىگە قايتقاي ھەمدە ئۇل ئىشتىن ئۇلار ئالدىنئالا خەۋەردار قىلىنغاي. شۇنداق قىلىنسا، ئۇلار سەلتەنىتىمىزنىڭ شەپقىتىدىن تەسىرلىنىپ، چىن دىلىدىن خاقانلىقىمىزغا ئەئيان بولسا ئەجەب ئەمەس. نامە تامام. چەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمىنچى يىلى قەمەرىيە تۆتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى.»①

جۇڭغارلار مۇلكىي قەشقەرىيىگە بىر ئەسىردەك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارقىسىدا «مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار قاشاقلىشىپ، قالماقلارنى كۆرگەندە دىر - دىر تىترەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشقانىدى، قارا خانلار ئۇلارنىڭ ھويلا - ئارامىلىرىغا تەپتارتماستىنلا ئاتلىق ئۇسۇپ كىرىۋېرىشەتتى. ۋەجۇ - بىساتلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى خالىغىنىچە دەپسەندە قىلىشاتتى.»② خاقانى چىن پۇقرالىرى ئىچكىرىسىدىن مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ قۇمۇل، تۇرپان ھۇدۇتلۇقلىرىغا سودا قىلغىلى كەلگەندە، بۇ يەردىكى «قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، بىچارە ئۇيغۇرلار» نىڭ يۇمشاقلىقىدىن بىپەرۋا، نادانلىقىدىن ئاڭقاۋ بولۇپ كېتىشكەنلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى. شۇنداق، نامراتلىق، قاشاقلىق تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، ئادەملەر جىن - شەيتانغا ئايلىنىپ كېتىشىدۇ، بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشمەيدىغان، تىرىك ئادەمنىمۇ ئەرۋاھ دەپ قارايدىغان، ھەتتا ئەڭ يېقىن قان - قېرىنداشلىرىغىمۇ لەلەڭشىپ

① فۇ خېڭ: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 10 - جىلد.
② بىچاڭ: «چېگرىنى قوغداش ئىشلىرىغا ئائىت خاتىرىلەردىن قىسقارتىلما».

يۈرگەن قارا سايە دەپ قارايدىغان بىپەرۋا ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىشىدۇ. دېمەك، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۈيۈق يولىغا كىرىپ قېلىپ، بار ـ يوقىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قالغان بۇ ئادەمسىياق ئۈبرازلار جىسىمسىز جىن ـ شەيتانلار بىلەن ناھايىتى ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىدۇ!

خاقانى چىن چەنلۇڭ چەت ـ چېگرا جايلاردىكى بېسىۋېلىنغان ئەللەرگە ھەمىشە قوللىنىپ ئادەتلەنگەن يۇرتدارچىلىق سىياسىتى بويىچە تېخى بېسىۋېلىنمىغان مۇلكىي قەشقەرىيىدىمۇ «دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ئەمما ئۆرپ ـ ئادىتىگە تەگمەسلىك؛ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئەمما مۇۋاپىقلىرىغا تەگمەسلىك»[1] تەك ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى يولغا قويماقچى بولدى. شۇڭا، چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى[2] يازدا خاقانى چىن قوشۇنلىرى جۇڭغارىيىنى تۈنجى قېتىم بېسىۋالغاندىن كېيىن بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنى «ئۇيغۇرلارغا باش قىلىپ ئەۋەتىپ، پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۇلارنىڭ قولى بىلەن قەلەمىي تەسەررۇپىغا[3] ئالماقچى بولدى...»

چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى قەمەرىيە 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا جۇڭغارىيە تۈنجى قېتىم خاقانى چىننىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتتى. خاقانى چىن چەنلۇڭ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇيغا بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھاننى دەرھال ئاستانىگە ـ خاننىڭ ھۇزۇرىغا تەزىمگە ئەۋەتىش ھەققىدە يەنە بىر قېتىم يارلىق چۈشۈردى. جاۋخۇي جۇڭغارىيىنىڭ يېڭىلەتتىن خاقانى چىننىڭ تەسەررۇپى ئاستىغا ئېلىنغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «بۇرھانىددىن خوجا ئاستانىگە بېرىپ، خاننىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈپ يانسا،

---

① چى يۈنشى: «سەلتەنىتىمىزگە قارام ۋاسساللار ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات. مۇقەددىمە».
② مىلادى 1755 ـ يىلى.
③ قەلەمىي تەسەررۇپ ـ «تىنچ يول بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش» دېگەن مەنىدە.

خوجا جاھان ئىلىبالىقتا قىلىپ، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇپ تۇرسا» دەپ ئىلتىماس قىلدى.

بىراق، مۇشۇ مەزگىلدە مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئەسلىدە جۇڭغارلارغا بېقىنغان ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇۋاھاب بىلەن ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجىسىلەر ئىرەن قابۇرغىغا قېچىپ كېلىپ ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ جاھان خوجا ئەرشى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەھۋالدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، جاۋ خۇي ياندىش سانغۇن ئامۇرسەنا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇرھانىدىن خوجىنىڭ خاقانى چىننىڭ ئاستانىسىنى تاۋاپ قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلدى ۋە ئۇنى مۇلكىي قەشقەرىيىگە خاقانى چىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى ئەل بولۇشقا ئۈندەشكە ئەۋەتمەكچى بولدى.

*　　　　*　　　　*

دانىيال خوجىنىڭ ياقۇپ خوجا (جاھان خوجا ئەرشى)، ئايۇپ خوجا، يۇسۇپ خوجا، نىزامىدىن خوجا (خامۇش خوجا) ۋە ئەبەيدۇللا خوجا ئىسىملىك بەش ئوغلى جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىلىبالىقنىڭ ئىرەن قابۇرغا دېگەن يېرىدە تۇرغاقلىقتا تۇرۇلغانىدى. دانىيال خوجا مىلادى 1735 ـ يىلى كېسەلدىن ساقىيالماي يەكەندە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، جۇڭغار خانى «ھوقۇقىنى پارچىلاپ ئىدارە قىلىش» چارىسى بويىچە، ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى تۆت چوڭ شەھەرگە باش قىلىپ قويغانىدى.

خاقانى چىن يۇڭجېڭ ۋە چەنلۇڭ سەلتەنەت سۈرگەن يىللاردا، خاقانى چىن بىلەن جۇڭغارىيە ئوتتۇرىسىدا جۇڭغارىيىنى تالىشىپ قاتتىق ئۇرۇش پارتلىدى. جۇڭغارىيە خانى سېۋان

ئارابدان جۇڭغارىيىدىن نەچچە باراۋەر كۈچلۈك بولغان قۇدرەتلىك ئىمپېراتورلۇق — مانجۇ خاقانلىقىغا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭغارىيە خانى غالدان ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغارىيە شاھزادىلىرى تەخت تالىشىپ يېغا - غەلىيان كۆتۈرۈشۈپ زادىلا تىنچىشمىدى. ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە قاتمۇ - قات قىيىنچىلىققا بوغۇلغان جۇڭغارىيە خانلىقى تېزلا ئاجىزلىشىپ، مۇلكىي قەشقەرىيىگە ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتتە، يەكەننى باشقۇرۇۋاتقان ياقۇپ خوجا — جاھان خوجا ئەرشى دەرھال قالغان خوجىلارنى باشلاپ جۇڭغارلارغا قارشى مىللىي ئازادلىق تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ مىللىي خانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. جۇڭغارلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئاستىدا جان تالىشىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى دەرھال جاھان خوجا ئەرشىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تۇشمۇ - تۇشتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جۇڭغارلارنى ھەرقايسى شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقاردى. مىلادى 1753 - يىلى كۈزدە، جاھان خوجا ئەرشى قوشۇنلىرىنى باشلاپ جۇڭغارلارنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئاخىرقى ئىستىھكامى بولغان ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ئاقسۇ ھاكىمبېگى ئابدۇۋاھاپ بىلەن ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجەسلەر دەرھال مانجۇلاردىن ياردەم تىلەپ ئىرەن قابۇرغىغا قېچىپ كەلدى. . .

* * *

مىلادى 1755 - يىلى قەمەرىيە 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، مانجۇ ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ قالماق كۈرەدىكى بارگاھىدا

مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئەسكەر چىقىرىش ئۇستىدە جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. بۇ كېڭەشكە قاتناشقانلار ئىچىدە خاقانى چىننىڭ غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى چەپقول سانغۇنى، سابىق ئۇيرات تەيجىسى باغىبەندى، غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قول سانغۇن جاۋ خۇي، ياندىش سانغۇن ئامۇرسەنا ۋە سالارلار بار ئىدى.

مانجۇلار جۇڭغارىيىنى تۇنجى قېتىم بېسىۋالغاندىن كېيىن خاقانى چىن «كۆچلۈكلەرنى بۆلۈپ پارچىلاش چارىسى»[①] بويىچە «ئۇيراتلارغا تۆت خان قويۇپ، تۆھپىسىگە قاراپ ئۇنۋان بېرىپ، ئەجرىگە قاراپ ئىشلىتىش»[②]نى قارار قىلدى ۋە ئۇيرات تۆرىسى چېلىننى ئۇيراتلارنىڭ دۆربىت قەبىلىسىگە، ئامۇرسەنانى خۇيت قەبىلىسىگە خان قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. ئامۇرسەناغا قوش شاھزادىلىك مەرتىۋىسىنى بېرىپ، ئۇنى قوش شاھزادىلىك ئوتتۇغاتىدىن بەھرىمەن قىلدى. خاقانى چىننىڭ بۇ قارارى ئامۇرسەنانىڭ سىياسىي قارا نىيىتى بىلەن تامامەن قارىمۇ - قارشى ئىدى. ئەسلىدە ئۇ مانجۇلارنى جۇڭغارىيىگە باشلاپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئۆزىنى جۇڭغارلارنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ چوڭ خانى غالدان سېرىنىنىڭ مۆھۈرىنى ئۆزىنىڭ نامىدا ھەرقايسى قەبىلىلەرگە چۈشۈرۈلىدىغان پەرمانلارغا بېسىپ يۈرگەنىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، قازاق، قىرغىزلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش نامى بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەردىن توققۇز مىڭ جۇڭغارنى ئۆز قول ئاستىغا يۆتكىۋالغانىدى. بىراق، خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ «كۆچلۈكلەرنى بۆلۈپ پارچىلاش چارىسى» ئامۇرسەنانىڭ جۇڭغارلارغا باش خان بولۇپ، مۇلكىي تۈركىستاننى ئۆز ئالدىغا

① جياۋلىيەن: «جىرقىراق شىپاڭ خاتىرىلىرى»، 3 - جىلد، «غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىشنىڭ ئۆتمۈشى».
② «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 491 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

سوراش شېرىن چۈشىنى بەربات قىلىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە پۇرسەت كۈتۈپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. . .

— بۈگۈن سەركەردىلەرنىڭ چوڭ يىغىنى ئىچىلماقچى، — دېدى ئۇلۇغ قول سانغۇن جاۋ خوي ۋەزىرنىڭ ئاھاڭدا ئىنتايىن راۋان سۆز باشلاپ، — بىز ئۇلۇغ شاھىنشاھىمىز، خاقانى چىن كاڭشى باشلاپ بەرگەن غەربىي يۇرتنى ئېلىشتەك ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز دەپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، ئاق قار، كۆك مۇزلارنى كېچىپ، بۇ جۇڭغارىيىنى ئاران ئۆز تەسەررۇپىمىزغا ئالدۇق. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇلكىي قەشقەرىيە تېخى تەسەررۇپىمىز ئاستىغا ئېلىنغىنى يوق. ئەلھال، ئۇلۇغ شاھىنشاھىمىز كاڭشى باشلاپ بەرگەن، غالىب خاقانىمىز چەنلۇڭ جانابىي ئالىيلىرى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بۇ داغدام يولدا بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، سەپنى بۇزماي ماڭىمىزمۇ ياكى بىر - بىرىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، قارا نىيەتلىك قىلىپ، ئۆزىمىز بىلگەنچە ئىش كۆرىمىزمۇ؟ بۈگۈنكى كېڭەشتە ھەممىدىن ئاۋۋال مانا مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ!

ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىر چەتتە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ شۈمشىيىپ ئولتۇرغان ئامۇرسەناغا ھېلىدىن - ھېلىغا قاراپ قوياتتى.

— ئەلھال، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ بارغانسېرى قىزىپ ئىتتىك سۆزلەپ، — جەنۇبتىكى مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ جۇڭغارلارنىڭ تەسەررۇپىدىن ئاجراپ چىققانلىقى ئاسمان خۇداسىنىڭ بىزنى ئۇ يەرلەرگە ئىگە بولۇشقا ئۈندەۋاتقانلىقى بولماي نېمە؟ بىراق، بىزلەر ھەممىمىز ئۇ يەرلەرنىڭ ئەلمى - تەلمىسىدىن خەۋەردار ئەمەسمىز. ئەڭ ياخشىسى، بىزلەرنى ئۇ

يەرلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى باشلاپ بارغىنى تۈزۈك!
جاۋ خۇي ئەنە شۇنداق سۆزلەپ تۇرۇۋاتقاندا، قەشقەرلىقتەك كىيىنگەن بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈردى. ئۇ ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجەسى ئىدى.
— دارىن جانابلىرىغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى ئۇ يۇمشاق سۆزلەپ تۇرۇپ، — جاھان خوجا ئەرشى نەچچە مىڭ توپىلاڭچىنى باشلاپ كېلىپ، ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپانغا تېگىش قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بوچى، قىپچاق ۋە قۇشچى قوۋمىلىرى بىرلىشىۋېلىپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، بەشتۇگمەن، دولان، سايرام قاتارلىق يۇرتلارنى بۇلاپ - تالاپ، پۇقرالارنى پاراكەندە قىلدى. بىزلەر بىرىپ تېگىش قىلايلۇق دېسەك، كۈچىمىزنىڭ يەتمەسلىكىدىن ئەنسىرىدۇق. شۇڭا سەركەردە جانابلىرىنىڭ خاقانى چىنىنىڭ تەگرى قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ بىزكىم سابىق بەگ - خوجىلارنى ئوت ئىچىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمىز!... ①
— ۋاي داد، كەرەملىك زاتى ئالىيلىرى، — دەپ چۇقان كۆتۈردى ئاقسۇ ھاكىمبېگى ئابدۇۋاھاب خوجەسىنىڭ ئارقىسىدىنلا، — مۇنداق قىلسىلا، مۇنداق ئۇ يەرلەرنى ئۆز تەسەررۇپلىرىغا ئالماقلىرى شامنى پۇۋ دېگەندەك ئاساندۇر!
— قېنى، ئەئىيانىم تارتىنماي ئېيتىپ باققىنچۇ، قولۇقۇم سىنىڭدە، — دېدى جاۋخۇي ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.
— ئىلىدا ئەھمەد خوجا دېگەننىڭ ئىككى ئوغلى بار. ئۇلار ئاق داستار خوجىلارنىڭ پېشىۋالىرىدۇر. ئەلەپپۇس، قەشقەرىيە خەلقىنىڭ خوجىلىرىدۇر. ئەگەر خاقانى چىن لەشكەرلىرى بىرلە ياكى قالماق ئەسكەرلىرى بىرلە بۇ ئىككى خوجىدىن بىرىنى قېتىلىپ لەشكەر باشى بولۇپ بارسا، ئۇلار تەرەپلەردە ئىلى ئىچرە

① فۇ خۇەن: «جۇڭغارلارنى تىنىچىتىش چارىلىرى»، 11 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى قەمەرىيە 6 - ئاي.

تۇرغان خوجىلار خان بولدى، دەپ شۆھرەت بېرىلسە، سۆز تارقىتىلسا، تامام ئاق داستارلار بىجەك، بىجىدەل بۇلارنىڭ ئىتائەتلىرىگە كىرۇرلەر، شەھەرلەر مۇسەخخەر بولغاندىن كېيىن بۇ خوجىلارنىڭ تۇرار ـ تۇرماسلىقىنى خان تۆرەم بىلۇرلەر. . .①

— بارىكالللا، بارىكالللا، — دېدى جاۋ خۇي مەمنۇن بولغىنىدىن كەكە ساقىلىنى سىيلاپ ، — ئى ئابدۇۋاھاب، سىز ياغدەك خۇشياقىدىغان شېرىن سۇخەن سۆزىڭىز بىلەن بىزلەرنىڭ باش قېتىنچىلىقىمىزنى ئوڭاي قىلدىڭىز. ئەلھال، مۇسۇلمانلار يۇرتىنى بېسىۋالىدىغان پۇرسەت ئەمدى يېتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. «ئىتنىڭ ئىگىسى بولسا، تۈلكىنىڭ خۇداسى بار» دېگەن سۆز بار. تەشەككۇر، تەشەككۇر، بىز سىزلەرنىڭ مۇلكى قەشقەرىيىنى بېسىۋېلىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ بىزگە سۇنغان ئىلتىماسىڭلارنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەسلىدە بۇرھانىدىن خوجىنى ئاستانىمىزغا ھەزرىتى خاقانى چىن ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك جامالىنى تاماشا قىلىپ، سەلتەنىتىمىزنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن تەسىرلىنىپ قايتسۇن دەپ ئويلىغانىدۇق، ئەلھال، مۇسۇلمانلار يۇرتىنى بېسىۋېلىش ـ ھازىرقى ھەممىدىن زۆرۈر ئىش بولۇپ قالدى. شۇڭا، بۇرھانىدىن خوجىنى سىزلەرگە باش قىلىپ، قوشۇن بىلەن جەنۇبقا ئەۋەتەيلى!

— ۋاي شۇنداق بولمامدىغان، — دەپ چۇرقىراشتى قالغان سانغۇنلارمۇ تەڭلا، — بۇرھانىدىن خوجا ئاستانىگە كېيىن بېرىۋالسىمۇ بولىدۇ. مۇسۇلمانلار يۇرتىنى ھازىر ئۆز تەسەررۇپىمىزغا ئالماي يەنە قاچانغىچە ساقلايمىز! . . .

شۇنداق قىلىپ خوجەسى بىلەن ئابدۇۋاھابنىڭ كۆرسەتكەن

① «تارىخى نادىرىيە» ، قولىيازما.

ئەقلى بويىچە مۆلكىي قەشقەرىيىنى بىسسۇۋىلىشقا قوشۇن ئەۋەتىلىدىغان بولدى. بۇرھانىددىن خوجا جاۋخۇي، ئامۇرسەنالارنىڭ مانجۇ ـ موڭغۇللاردىن تۈزۈلگەن ئىستىپلاچى قوشۇنغا سەردار قىلىپ تەيىنلەندى. مانجۇ قوشۇنىنىڭ ياساۋۇلى تولۇنتايىنى تۆت يۈز مانجۇ، مىڭ جۇڭغار چېرىكىگە ئەمىر لەشكەر قىلىپ بۇرھانىددىن خوجىغا قوشتى. دانىيال خوجا ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىللەردە قەشقەر، قاغىلىق، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، سايرام، مەكىت قاتارلىق جايلاردىن ئىلىبالىققا پاناھداپ قېچىپ كېلىشۋالغان توقساندىن ئارتۇق ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلارمۇ مانجۇلارنىڭ ۋەدىسى بويىچە كەلگۈسىدە تۆھپە ـ ئەجرىگە قاراپ بېرىلمەكچى بولغان قەشقەرىيە يۇرتلىرىنىڭ ئەمەل ـ مەنپەئەتلىرىنىڭ تەمەسى بىلەن گول بولۇشۇپ، مانجۇلاردىن ھېچقانداق نەرسىنى يوشۇرۇشمايدىغان، ئەستايىدىل خىزمەت كۆرسىتىدىغان ساداقەتمەنلەردىن بولۇشقا ئالدىراشتى ۋە ھايال بولۇشمايلا مانجۇ ـ موڭغۇل قوشۇنىغا خەتلىنىپ، بۇرھانىددىن خوجىنىڭ بايرىقى ئاستىغا جەم بولۇشتى. مىلادى 1755 ـ يىلى قەمەرىيە 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەھەردە، خاقانى چىننىڭ بۇرھانىددىن باشچىلىقىدىكى تۇنجى ئىشغالىيەتچى قوشۇنى ئېرەن قابۇرغىدىن مۇزداۋان يولى بىلەن مۆلكىي قەشقەرىيىگە يۈرۈپ كەتتى. . .

*　　　*　　　*

ئابدۇۋاھاب بىلەن خوجەسىلەر بۇرھانىددىن خوجا باشچىلىقىدىكى مانجۇ ـ موڭغۇل قوشۇنىنى مىلادى 1755 ـ يىلى قەمەرىيە 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇچتۇرپانغا باشلاپ كەلدى. قوشۇن توشقان دەرياسىنىڭ قاپتىلىدىكى ياركۆۋرۈك دېگەن يەرگە بارگاھ تىكتى.

دەريا ياقىسىدىكى توقايلىقتا تىكىلگەن چېدىرلارنىڭ ئىچىدىكى سېرىق خىتاي ماتاسىدىن تىكىلگەن يوغان چېدىر ـ بۇرھانىدىن خوجىنىڭ چېدىرى ئىدى. ئۇنىڭ چېدىرى يېنىدا مانجۇ ـ موڭغۇل قوشۇنىنىڭ سەردارى تولۇنتاينىڭ چېدىرىمۇ بار ئىدى. بۇرھانىدىن خوجا مانجۇ ـ موڭغۇل قوشۇنلىرىنى باشلاپ بىر نەچچە قېتىم شەھەرگە تېگىش قىلىپ باققان بولسىمۇ ئەمما سېپىلى ئېگىز ۋە مۇستەھكەم بولغان ئۇچتۇرپان شەھىرىگە بېكىنىۋالغان جاھان خوجا ئەرشىنىڭ لەشكەرلىرى سېپىل ئۈستىدىن مانجۇلارنى ئوق ـ بوران قىلىپ شەھەرگە زادىلا يېقىن يولاتمىدى.

قەمەرىيە 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، تاڭ سۈزۈلگەن چاغ ئىدى. مانجۇلارنىڭ بۈگۈن شەھەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جاھان خوجا ئەرشى پۈتۈن شەھەر بويىچە جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتۈشكە پەرمان چۈشۈردى. شەھەر ئاھالىلىرى ھەر كىم ئۆز قاياشى ۋە ئۆز تائىپىسى بويىچە قوشۇن تۈزۈپ، سېپىل ئۈستىدىن ئىستىھكام ئىگىلەپ، ياۋ بىلەن ئاداققىچە ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلاندى. بۇ ئادەملەر ئارىسىدا قول ھۈنەرۋەن كاسىپلار، ياغاچچى ـ خارەتلەر، تۆمۈرچى ـ مىسكەرلەر، تاشچى ـ پالاخمانچىلار، موزدۇز ـ ئىلمەدۇزلار، كۆنچى ـ تاسمىچىلار بار ئىدى. ئۇلار بۇ ئىستىھكاملاردىن ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇن ئېلىشقانىدى. ھەتتا سودا ـ سېتىقچىلارمۇ ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئايرىم ئورۇن تۇتۇشقانىدى.

جاھان خوجا ئەرشى ئۆزىنىڭ ئېغىر ـ بېسىقلىقى، جىگەرلىكلىكى ۋە قىلىنى قىرىق يارىدىغان تەدبىرلىكلىكى بىلەن نۇرغۇن سوقۇشلاردا پىداكارلىق كۆرسەتكەن تەجرىبىلىك سەركەردە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايئاق ئۇچىتەك ئاقارغان ساقىلىغا ماس كېلىدىغان يايلىسى تەكشى قىرقىلغان ئاق ئاتقا مىنىپ،

سىدىق خوجا دېگەن ئوغلى بىلەن شەھەر مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇ شەھەرنى قوغداۋاتقانلارغا ئەمىر لەشكەر ئىدى.
— خەندەكلەرنى سۇ بىلەن تولدۇرۇڭلار، — دېدى جاھان خوجا ئەرشى سېپىل ئۈستىدىن تۆۋەنگە قاراۋېتىپ، — لەنىتى مانجۇلار چۆكۈپ ئۆلگۈدەك لىق سۇ قويۇلسۇن. سېپىل ئۈستىگە قايناق سۇ، موم قاينىتىدىغان داش قازانلار، پالاخمان تاشلىرى، دومىلىتىدىغان لىم ياغاچلار تەييارلىنىپ تەخلەپ قويۇلسۇن، لەشكەرلەر قىلىچلىرىنى چاقلاتقانمۇ - يوق، ۋاشاقلىرىنىڭ ئۇچىنى بىلىگەنمۇ - يوق، مىلتىقلىرىغا دورا چىڭدالغانمۇ - قانداق؟ ئەمىر لەشكەر، سىز بۇ ئىشلارنى تەركە قىلىپ، بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، نەتىجىسىنى ماڭا مەلۇم قىلىڭ!
— باش ئۈستىگە! — دەپ جاۋاب بەردى سىدىق خوجا پۈتۈھى دەرھال. سەركەردىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان جەڭچىلەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ئۈستىۋاشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، قورال - ياراقلىرىنى رەتلەشتى. بەزىلىرى ئۈستىگە قۇياق - ساۋۇتلىرىنى كىيىۋېلىشتى.
— لەھە ۋەلە قۇۋۋەتتە ئىللا بىللەھىل ئەليۇل ئەزىم! — پۈتۈن سېپىلنىڭ ئۈستىدە جاھان خوجا ئەرشىنىڭ ۋەزمىن ئاۋازى ياڭرىدى، — قېرىنداشلار، جەڭ مەيدانىدىن چېكىنمىگەن جەسۇر ئوغلانلار، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! مەن بۈگۈن كېچە چۈشۈمدە جامالى بەكامال، ھەزرىتى شاھى مەردان، ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئىمام مۇتتەقىن، ئەسەدۇللاھ ئەل غالىب ئەلى ئىبنى تالىپ كەرەمۇللاھ ۋەجھۇنى كۆردۈم. ئۇل ئالىيجاناب ماڭا سىلەرنى باشلاپ ياۋغا ئارسلان كەبى ئېتىلىشىمغا پەرمان بەردى! ئەلھال، ئەزەلدىن بىز بىلەن ھېچقانداق گىنە - ئاداۋىتى بولمىغان بۇ خاقانى چىن جىم ياتقان خەلقنىڭ ئۈستىگە نېمىشقا باستۇرۇپ كېلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ئۇلار بىزنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزنى ۋەيران قىلماقچى. خاقانى چىن تېخى

يېقىندىلا پۈتۈن جۇڭغارىيە مەملىكىتىنى بېسىۋالغانىدى. ھالا بۈگۈن يەنە بىزنىڭ تۇپرىقىمىزغا قول سالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئېنىق: ئۇلار بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلماقچى، بايلىقىمىزنى تالان ـ تاراج قىلماقچى. بۇنىڭدىن ئۈچ قەرنە[1] ئىلگىرى، لەنىتى داستارلارنىڭ پىرى خوجا ئاپاق ئۇل ۋەتىنىمىزگە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، تەپرىقات تىكىنىنى ئۆستۈرگەنىدى ھەم ئۇنى ئاز دەپ، ۋەتىنىمىزگە قالماق باسقۇنچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، خەلقىمىزنى ئۇلارغا قۇل قىلىپ بەرگەنىدى. بېشىغا ئۇرۇپ قويسا تاكى تاپىنىغىچە يۇمشاپ كېتىدىغان بۇ لەنىتى داستارلارنىڭ سەردارى بۇرھانىدىن خوجا ئەمدى مانجۇلارنى باشلاپ كەلدى. دۈشمەن مانا ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئەمدى كىمنىڭ قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا تۇپراقىنىڭ، يەر، سۇ، يۇرت، ماكانىمىزنىڭ، خوتۇن ـ بالىلىرىمىزنىڭ، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ، ئىززەت ـ ئابرويىمىزنىڭ ۋە ئەركىنلىكىمىزنىڭ تەقدىرى سىلەر باھادىر ئوغلانلارنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. ھازىر، مانجۇلار شەھەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلايدۇ. بىرنىڭلارمۇ چېكىنمەڭلار! مەن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىم قالغۇچە سىلەر بىلەن بىللە!

سەركەردىنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما چىرايىدىن ۋەزمىنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن جەسۇرلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

سىپىلدىكىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە قىسقا ـ قىسقا ئەمما جاراڭلىق جاۋاب بېرىشتى:

— شەھەرنى جان تىكىپ قوغدايمىز! ھەرگىز چېكىنمەيمىز! ئاخىرقى بىر ئادىمىمىز قالغۇچە ياۋ بىلەن ئاداققىچە ئېلىشىمىز!

[1] بىر قەرنە 30 يىلغا تەڭ.

ئۇلارنىڭ سادالىرى مانجۇلار ئاتقان توپ ئوقلىرىنىڭ گۈلدۈرلەپ پارتلىغان ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. مانجۇلارنىڭ ئومۇمىي ھۇجۇمى باشلانغانىدى. تاڭ سەھەردىن باشلانغان قاتتىق جەڭ تاكى كۈن مۆلجەر تاغنىڭ كەينىگە ئولتۇرغانغا قەدەر داۋاملاشتى. مانجۇلار شەھەرگە ئارقىمۇ - ئارقا ئالتە داپقۇر ھۇجۇم قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى ھەلئەدىكىلەرنىڭ قەيسەرلىك بىلەن كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى تەرىپىدىن ئۇدا ئالتە داپقۇر بىتچىت قىلىندى. ئاخىر مانجۇلار سېپىل بويلىرىدا ئۆلۈكلىرىنى قالدۇرۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇشتى. سېپىل ياقىسىدىكى تۆپىلىكنىڭ ئاستىدا بىر ياش مانجۇ پۇتلىرىنى ئىككى تەرەپكە سوزۇپ قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن ھالدا مىدىر - سىدىر قىلماي جىم ياتاتتى؛ قان بىلەن قېتىپ قالغان ئۇستىدىكى يان ئىزمىلىك قارا ماتا ئىمچىسىنىڭ ئالدى پەشلىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان. ئۇزايىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇ شاد - خۇرام دۇنيادىن خوشلاشقاندەك قىلاتتى. بىرمۇنچە مانجۇ - جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ باشلىرىغا قىلىچ تەگكەن، ئاھلىرىنىڭ بولسا باشلىرى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان، ئاھلىرىنىڭ پۇت - قوللىرى چېپىپ تاشلانغانىدى...

مانجۇلار شەھەرگە قاتتىق تېگىش قىلىپ پايدا ئالالمىغاندىن كېيىن دەرھال ئۆز تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇشتى. ئۇلار ئەمدى ئىلىبالىقتىن يېتىپ كېلىدىغان ياردەمچى قىسىملارنى كۈتۈپ، شەھەرنى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ بىرتەرىپىنى بوش قويۇپ ئەمما ھۇجۇم قىلماي، شەھەردىكىلەرنى قېچىشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى. شەھەردىكىلەر شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ تۈزلەڭلىككە چىققاندا، مەيدان ئۇرۇشى ئارقىلىق يوقاتماقچى ئىدى. شۇڭا ئۇلار شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قاقشال يولنى ئېچىپ قويۇشتى...

مانجۇلار شەھەرنى ئۈچ ئايدىن بېرى قورشاپ ياتقان بولسىمۇ

ئەمما شەھەرگە تۇزۇك ھۇجۇم قوزغاپ باقمىدى. ئىلىبالىقتىن لەكىمىڭ، لەكىمىڭ مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ياردەمگە كېلىشۋاتقانلىقى ھەققىدىكى سوغۇق خەۋەر تۇشمۇ - تۇشتىن كېلىشكە باشلىدى.
ئەگەر مانجۇلار شەھەر بۇزىدىغان چېقىن توپ ئىشلىتىپ سېپىلغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا شەھەردىكىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى خەۋپ ئاستىدا قالىدىغانلىقى جاھان خوجا ئەرشىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. «كۆچ بىلەن ئېلىشىشقا بولمىسا، - دەپ ئويلىدى ئۇ، — ھىيلە ئىشلىتىپ دۈشمەننى پارچىلاپ، بۇرھاندىن خوجىنى تارتىپ باقسامىكىن يە؟»
بىر كۈنى كېچىسى، جاھان خوجا ئەرشى توختى ئىشان، نىياز بەگ ئىشان ۋە بەھرەم بەگ ئىشان دېگەنلەردىن بۇرھاندىن خوجىغا مانجۇلاردىن قول ئۈزۈپ، يورۇقلۇق تەرەپكە ئۆتۈشكە ئۈندەپ خەت چىقاردى.
«. . . بىزلەر بولساق ئەۋلادى پەيغەمبەرلەردۇرمىز، — دېيىلگەنىدى ئۇنىڭ بۇرھاندىن خوجىغا يازغان خېتىدە، — بىزلەرگە ئەھلى كۇپپارلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭقېنىنى تۆكمەك جايىز ئەمەسدۇر. باباڭىز ھەزرىتى ئاپاقمۇ دۇنيادىن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ ئۆتتى. بۇ يۇرتقا قالماقلارنى باشلاپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ، مۇسۇلمانلارغا ھېچبىر كاپىر سالمىغان زۇلۇملارنى سالدى. ئاقىۋەت، خۇدانىڭ قەھر - غەزىپىگە دۇچار بولۇپ قارا يۈز پېتى دۇنيادىن كەتتى، تا ھازىرغا قەدەر خەلق ئۇنىڭغا نەپرەت - لەنەت ئوقۇماقتا. ھازىر سىز ھەم باباڭىزنىڭ ماڭغان يولىغا مىراسخور بولۇپ ماڭدىڭىز. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە كاپىرلارنى باشلاپ كەلدىڭىز، خەلقى ئالەمدىن ئۇيالمىدىڭىز، خۇدادىن قورقمىدىڭىز، قىساسلىق جاھاندۇر بۇ! چۈنكى بۇ جاھان خۇددى يولۇچىلار كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان چوڭ كارۋان سارايىغا ئوخشايدۇ. گويا بىر كېچە قونۇپ

ئۆتكىچىلىك ئارىلىقتا رازى بولىدىغانلارمۇ، نارازى بولىدىغانلارمۇ بولىدۇ. سىز ۋە بىزمۇ خۇددى ئاشۇ سارايغا كېلىپ قونغان يولۇچىلاردۇرمىز. بىز بۇ سارايغا كېلىپ قونغاندىن بۇيان ئۇنىڭدىن نارازى بولمىدۇق. چۈنكى، تىلەك ـ ئارزۇلىرىمىز ئورۇندالدى. مۇبادا، سىزنىڭمۇ ئورۇندالمىغان تىلەك ـ ئارزۇلىرىڭىز ھېلىھەم بولسا، پۇرسەت باردۇر. كاپىرلاردىن يۈز ئۆرۈڭ، قاراڭغۇلۇقنى تاشلاپ، يورۇقلۇققا چىقىڭ! بىز ئاكا، سىزلى ئۇكا، ئەگەر مۇشۇ سۆزىمىزنى قوبۇل قىلسىڭىز، مانا تەخت ـ سەلتەنەت! بىز تەخت ـ سەلتەنەتنى سىزگە تاپشۇرۇپ، سىزگە مۇبارەك بادلىق قىلۇرمىز. بىز بىر بۇلۇڭدا جانابىي ھەقنىڭ ئىبادىتىنى قىلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە رازى! مېنىڭ يېشىم يەتمىشتىن ئاشتى. ئەگەر شەيتاننىڭ نۇقتىسىدىن ئاجرىماي، شەقلىق بىلەن تۇرسىڭىز، ئۇرۇشمەن دېسىڭىز، بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدۇر. بىزمۇ تەييار، ئەر كىشىنى ئاللاتائالا جەڭ ئۈچۈن ياراتقان...»[1]

بۇرھانىدىن خوجا خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن سوغۇق كۈلۈپ قويدى ـ دە، ئەلچىلەرگە تەتۈر قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ:

— جاھان خوجىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى تۇتۇۋالىدىغان بولسام، بوغۇزلاپ قېنىدا تۆگمەن چۆرگىلەتمەيدىغان بولسام، ھەزرىتى ئاپاقنىڭ ئەۋلادى بولماي كېتەي! — دېدى غەزەپ بىلەن، — ... بۇ ياركەند ئىسھا قىيلىرى خىيالى خام بىرلە بۇ يەرگە تەشرىپ ئەيلەپتۇرلەر. ئۆزلىرىنىڭ ئىستىبداتىنى بىلمەيدۇرلەر. ئامۇرسەنا تۆرە خاقانى چىن قېشىغا بېرىپ، خىتايدىن لەكمىڭ، لەكمىڭ لەشكەر كەلتۇرۇپ، ئىلە

[1] بۇ تەپسىلاتلار ئۈچۈن مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى.

ئۇزرە تۆرە بولۇپ، تەخت - سەلتەنەتتە ئولتۇردىلەر. داباچىنى تۇتۇپ ھالائەغلال بىرلە نەزەر - بەند ئېتىپ، خاقانى چىنغا ئىبەردىلەر. ئىلە ئىچرە جابجا (جاي - جايدا خاتىرجەم) بولۇپ، نىزام تاپتىلەر. بۇرۇنقى ئالتە ئايلىقچىلىك كېلىدىغان كەڭ قالماق يۇرتى ھەممىسى سەرەمجان تېپىپ بەرقارار بولدى. خىتاي لەشكەرلىرى مۇھەييادۇر (تەگداشسىز غالىبتۇر)، خاقانى چىن باشلىغان ئامۇرسەنا بۇ يۇرتلارنىڭ تەخت سەلتەنىتىنى ۋە خوجىلىقىنى بىزلەرگە ئىلتىپات ئەيلىدى. ئىسھاقىيە خوجىلىرىنى بۇ يۇرتلاردىن پاراكەندە ئەيلەپ، ئىلە ئۇزرە چىقىرۇر بولدىلەر. . . ئەمدى سىلەر خاقانى چىنغا ئامۇرسەنا يارلىقى بىلەن بۇ يۇرتلارنى قويۇپ بېرىپ، ئىلىغا چىقىپ ئامبال، جاساقلاردىن ئۆلۈم گۇناھلىرىنى تىلىسۇن. ياق دېسە، ھالا بىزنىڭ دان جىن جاساق بىر مىڭ قالماق لەشكىرى بىلەن كەلدى. تۇرۇمتاي دارىن تۆت يۈز خىتاي لەشكىرى بىرلەن ئەلچى ئورنىدا كەلدى. يەنە بەش مىڭ تاغلىق چېرىك ھەم كەلدى. يەنە تۆت مىڭ قالماق لەشكىرى ئاقسۇ تامان ئاتلاندى. خاقانى چىن ۋە ئامۇرسەنانىڭ يارلىقى بىرلە بۇ لەشكەرلەرنى جەم ئەيلەپ، بۇ مەخدۇمزادىلەرنىڭ ئانىسىنىڭ قۇرسىقىدىكىلەرگىچە قويدەك بوغۇزلاپ قەتلە ئەيلەيمىز. بۇ سۆزدە خىلاپلىق قىلساق، خاقانى چىن، ئامۇرسەنانىڭ قولىدا غەزەپكە قالۇرمىز. . . ①

بۇرھانىدىن خوجىنىڭ بۇ ۋەھىمىلىك سۆزلىرىدىن قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ كەتكەن بۇ ئەلچىلەر باشلىرىنى ئىچىگە تىقىۋېلىشىپ شۇمشىيىپ لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇشتى.

— ئى مۆھتىبەرلەر، ھېچ سۆزلىمەيسىزلەرغۇ؟ — دېدى ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجەسى كۆلۈپ تۇرۇپ.

— ئەگەر بىز قورغاننى سىزلەرگە تاپشۇرساق، بۇ

① «تارىخىي نادىرىيە»، قوليازما.

خىزمىتىمىزنىڭ بەدىلىگە بىزگە نېمە مەنسەپ بېرىسىلەر؟ — دېدى نىياز بەگ ئىشان قورقۇپ تۇرۇپ.

— كۆرسەتكەن خىزمىتىڭلار ئۈچۈن خاقانىي چىن، ئامۇرسەنا تۆرىنىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولغايسىلەر! — دەپ جاۋاب بەردى ئاقسۇ ھاكىمبېگى ئابدۇۋاھاب.

— ياق، ياق، «باشتا سۆز بولسا، ئاخىرىدا ئۇن يوق» دېگەن سۆز بار، — دېدى بەھرەم بەگ ئىشان بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — ھەر بىرىمىزگە بىردىن يۇرتنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى بېرىشكە ماقۇل بولىڭىزلەر. ئاندىن بىز قورغاننى سىزلەرگە تاپشۇرايلۇق!

— ئى ھۆرمەتلىك ئەلچى جانابلار، — دېدى بۇرھانىدىن خوجا خوجەسى ۋە ئابدۇۋاھابلار بىلەن كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن، — ھاكىمبەگلىك دېگەن قانچىلىك مەنسەپ ئىدى؟ ئەگەر سىزلەرنىڭ دالالىتىڭىزلەر بىلەن ئۇل تەرەپنىڭ لەشكەرلىرىدىن خاھى قىرغىز، خاھى يەرلىك بىزنىڭ لەشكەرلەرگە قوشۇلۇپ ياردەم بەرسەڭلار، خانغا، تۆرىگە خەت سۇنۇپ، مۇنچاق - جالالىق، جەركە - ئۇتىغاتلىق بەشىنچى دەرىجىلىك مەنسەپ ئېلىپ بېرەيلۇق، تامام ئەلنى سىزلەرگە تاپشۇرايلى، بالىدىن بالىغا قالغۇدەك مەنسەپ بېرىپ، بەگ قىلايلى...

* * *

بۇ يەردە ئەسلى گېپىمىزدىن چەتلەپ مانجۇلارنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى ھەققىدە ئاز - تولا توختىلىپ ئۆتەيلى. مانجۇلارنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى بېشىغا كىيىدىغان دىڭ قالپاق خىتايىنىڭ قۇببىسىغا قادالغان ئۇتىغات مونچىقىنىڭ رەڭگى بويىچە ئايرىلاتتى. مەسىلەن، ئەڭ تۆۋەن دەرىجە ھېسابلىنىدىغان توققۇزىنچى دەرىجىدىن باشلاپ سانىغاندا، ئۇتىغات مونچىقى

مۇنداق بولاتتى: دىڭ قالپاق خىتاينىڭ قۇببىسىغا ئاق مونچاق، سېرىق مونچاق، ئاچ سېرىق مونچاق، توز پېيى قادالغان پۆپەكلىك كۆل رەڭ مونچاق، ئاق خروستال مونچاق، كۆكۈش مونچاق، توز پېيى قادالغان پۆپۈكلۈك زۇمرەت مونچاق، قىزىل مارجان مونچاق ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجە ھېسابلىنىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك مەنسەپدارنىڭ ئوتىغاتىغا قىزىل پارقىراق ياكى قىزىل خرۇستال مونچاق بېكىتىلەتتى؛ ھەربىر دەرىجىلىك مەنسەپنىڭ ئوتىغاتى مەنسەپدارلىق تون ـ لىباسىنىڭ ئۈستىگە كەشتىلەنگەن گۈل بىلەن ماس كېلەتتى. ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭكىدىن پەرقلىنەتتى. ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئۈچىسىدىكى مەنسەپدارلىق تون ـ لىباسىغا كۆپىنچە بۆكەن، قاما، ئېيىق، قاپلان، يولۋاس، يىلپىز، شىر ۋە ياككاتاخ قاتارلىق دەرەندىلەرنىڭ رەسىمى كەشتىلىنەتتى؛ مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ ئۈچىسىدىكى مەنسەپدارلىق تون ـ لىباسىغا كۆپىنچە توكتوكىياڭ، بۆدۈنە، ئۆردەك، لەگلەك، كەكلىك، غاز، توز، قىرغاۋۇل ۋە تۇرنا قاتارلىق چەرەندىلەرنىڭ رەسىمى كەشتىلىنەتتى.

*　　　*　　　*

ئەمدى ئۆز سۆزىمىزگە كېلەيلۇق. بۇرھانىدىن خوجىنىڭ مانجۇلاردىن مەنسەپ ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بۇ ئىشانلار: «تەسەددۇق، جان تەسەددۇق!» دېيىشىپ يەرگە تاقاشقىچە تەزىم قىلىپ پۇكۇلۇپ كېتىشتى.

— ئى جانابى تەقسىر، — دېدى خۇشامەت بىلەن توختى ئىشان، — «باھار كەلگەندە توشقاننى پىل ئۇۋىسىدىن ئىزدەش كېرەك» دېگەن گەپ بار. ھۇزۇرلىرىدا سىزلىگە مۇلاقەتتە بولۇپ، ھەر خىل مەسىلە ـ مەسائىل ۋە ھەر خىل چۈشەنچە،

ئىزاھلارنى ئاڭلىدۇق. خىرەلەشكەن كۆڭلىمىز پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. بۇرۇن بۇنداق ھېكمەتلەرنى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمىز! ئۇلۇغ كەرەملىك ئاللا خاقانى چىنىنىڭ تېنىنى تازا، ئۆمرىنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭكىدەك ئۇزاق قىلغاي ئىلاھىم! ئامۇر سەنا تۆرەمنىڭ يولىنى ئوڭ قىلغاي، ھەزرىتى بۇرھانىدىن خوجام بىلەن خوجا جاھان خوجامنىڭ بېشىغا ھۇمايۇن قۇشى سايە سالغاي! بۇزرۇكلەرنىڭ ۋۇجۇدلەرىنىڭ سەۋەبىدىن ئالەم خەلقىگە رىزقى بېرىلۇر، ئاسماندىن يامغۇر ياغۇر. يەردىن گىياھ ئۇنەمەك، يەر يۈزىدىكى ئاپەت دەپئى بولماغى، بەلا دەپئى بولماغى ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ بۇ ئالەمدە مەۋجۇت بولماغىنىڭ بەركاتىدىندۇر. ئەگەر بۇ تائىفە خاسلەر يەر يۈزىدە بولمەسلەر بۇ ئالەم بىر لەھزە دەست ـ نابۇت بۇلۇرلەر! ئىلاھا ئامىن! — دەپ بىر ۋاقلارغىچە توختىماي ۋالاقلىدى.

بۇرھانىدىن خوجىنىڭ چېدىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان پاراڭ ئاۋازى ئەمدى بىردىنلا پەسەيدى. چېدىر ئىچىدىكىلەر ئەمدى كۇسۇرلىشىشقا ئۆتتى. دېمەك، بۇ قېتىمقى ئەلچىلىك ئۇچرىشىشىدا جاھان خوجا ئەرشىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى بولغان بۇ ئۈچ نەپەر ئىشان «خاقانى چىنىنىڭ قولىدىن مەنسەپ كۇلاھىنى ئېلىپ كىيىدىغان بولدۇق» دەپ، خام تەمەلەرنى ئوت ياقمىغان قازانغا سېلىپ تەييارلاپ پىشۇرۇپ، چىشى يوق قۇرۇق ئېغىزدا چايناپ لەززەتلىنىپ خۇش بولۇپ كېتىشتى ۋە بۇرھانىدىن خوجىغا نىسى ئەمەل ئۈچۈن سېتىلىپ، قارا يۈز خائىن بولۇپ كېتىشتى. بۇرھانىدىن خوجا مانجۇلارغا ۋاكالىتەن ئۇلاردىن قورغاننىڭ ئىچىدىن ماسلىشىشقا ۋەدە ـ تىل خەت ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى قورغانغا قايتۇردى. جاھان خوجا ئەرشى بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىقىدىن بىخەۋەر بولغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنى ئۈچتۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى جامە قوۋۇقىغا مۇئەككەل قىلىپ تەيىنلىدى.

مانجۇلار ئەتىسى شەھەرگە قىلىنغان ھۇجۇمنى بىردىنلا جىددىيلەشتۈردى. ئۈچ ئايدىن بېرى قورشاۋدا قالغان ئۈچ شەھەرنى ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئوق - دورا خوراپ، ئوزۇق - تۈلۈك ئۈكسىگىلى باشلىدى. ياردار بولۇۋاتقانلار، ئۆلۈۋاتقانلار كۆپەيگىلى تۇردى. يەكەن تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەم ئۈمىشقىدۇر كېچىكىپ كېتىۋاتقانىدى. ۋەزىيەت بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، قوۋۇقنى ئېچىپ مانجۇلارغا تەسلىم بولۇش ھەققىدىكى گەپ - سۆز كۆپەيگىلى تۇردى. بۇنداق بولۇۋەرسە، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىغا بەرھەم يېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن جاھان خوجا ئەرشى ھەربىي كېڭەش چاقىرىپ شەھەرنى تاشلاپ يەكەن تەرەپكە چېكىنىش ياكى قوۋۇقنى ئېچىپ مانجۇلارغا تەسلىم بولۇش ھەققىدە سۆزنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى. بۇ كېڭەشكە سىدىق خوجا قاتارلىق سەركەردە - سەردارلار ۋە بۇرھانىدىن خوجىغا مەخپىي سېتىلغان توختى ئىشان، نىياز بەگە ئىشان، بەھرەم بەگ ئىشان قاتارلىقلارمۇ قاتناشتى.

كېڭەشتە ئالدى بىلەن جاھان خوجا ئەرشى ۋەزىيەتنىڭ يامانلىقىنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن سەركەردە - سەردارلاردىن بۇنداق يامان ۋەزىيەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا ئەقىل سورىدى.

— قىرغىزلاردىن لەشكەر چاقىرىپ، كۈچلۈك بىرلەشمە قوشۇن تۈزەيلى، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى ئەمىرلەشكەر سىدىق خوجا، — يەكەن تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمنى كۈتۈپ ئۆلگەندىن كۆرە، قۇلانسارىق①، سەپەرباي②، ئاقچى③، قاراجۇل④، بايقۇرۇت⑤ ۋە ئۇلۇغچات⑥ تەرەپلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ قىرغىز - قىپچاق قېرىنداشلاردىن ياردەم تەلەپ قىلساق، مانجۇ، قالماق تائىپىلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىشقا مەن

①②③ قىزىلسۇقىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىدە.
④⑤⑥ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەۋەسىدە.

باراي! بىزنىڭ مۇز داۋانغا ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، خاقانى چىندىن چىققان قارا چېرىكلەر مۇز داۋان يولى ئارقىلىق قارا چۇمۇلىدەك كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلار: «ئۆمرىمىزدە ئۇنداق نۇرغۇن قوشۇن كۆرمىگەن» دېيىشمەكتە. ياۋنىڭ جىقلىقىدىن قورقماسلىق كېرەك. ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئىرادىمىزنىڭ بوشىشىپ كېتىشى! مۇبادا ئۇيغۇر، قىرغىز، قىپچاقلار ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىدىغان بولساقلا، بىز تەڭداشسىز بولغان بولاتتۇق. شۇڭا، قولىدا پالتا ـ ئارا تۇتالايدىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ياۋغا قارشى ئاتلاندۇرۇشىمىز لازىم. بولمىسا، ياۋ بىزنى بىر ـ بىرلەپ يالماپ يۇتۇپ تۈگىتىدۇ!

— «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك، مەخدۇمزادە ئۆزلىرىنىڭ كۆزىگە ئازغىنە قارا چېرىكلەر ناھايىتى جىق كۆرۈنۈۋېتىپتۇ ـ دە! — دەپ نىياز بەگ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلدى.

— ھەزرىتىم، بىز خەقتە «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، دۈشمىنىڭنى شىر چاغلا» دېگەن سۆز بار، — دېدى سىدىق خوجا ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — ئەل ـ يۇرتىمىزنى ياۋدىن قوغداش ئۈچۈن ياۋغا قارشى ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە ئېلىشىمىز. بىراق، ياۋ بىلەن قۇرۇق قول ئېلىشقىلى بولمايدىغۇ؟ «كۆپ تۈكۈرسە، كۆل تولۇر» دېگەندەك، ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر ئادەمنى ئەتراپىمىزغا يىغىشىمىز لازىم. چۈنكى كىمكى ئۆز ۋەتىنىگە يولۋاسقا ئوخشاش مۇھەببەتكە بېرىلسە، ئۇ ئەڭ كەم دېگەندىمۇ شىردەك جەڭ قىلىدۇ!

— بىزغۇ ئۇلاردىن قورقىدىغان ئادەملەردىن ئەمەسمىز! — دېدى نىياز بەگ ئىشان قىزىرىپ تۇرۇپ، — خاقانى چىندىن چىققان قارا چېرىكلەر خۇددى قالماقلاردەكلا مالچى مىجەزلىك كېلىشىدۇ. ئەلھال، مالچىلارنىڭ مىجەز ـ خۇيىنى بىز ئوبدان

بىلىمىز. ئۇلار كېلىشى بىلەنلا يۇرت ـ يۇرتلارنى ئاربلاپ، ئۆيلەرنى ئاقتۇرۇپ، قولغا چىقىدىغان نەرسىلەر بولسا ئېلىپ «بىزگە ئولپان، سېلىق تۆلەپ تۇرۇڭلار!» دەيدۇ ـ دە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ چىققان يېرىگە كېتىشىدۇ. ئۇلارغا نېمە كېرەك بولسا شۇنى بېرەيلۇق، ئۇنىڭلىق بىلەن گادايلىشىپ كەتمەسمىز، چېكىنىپ نەگە باراتتۇق؟ چېكىنمەيمىز. قىرغىز ـ قىپچاق ئاغىنىلەرگە كەلسەك، ئۇلاردىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ ھەم ئىشەنگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئىشەنگەندىن كۆرە، ئۆزىمىزنىڭ قورغىنىغا ئىشەنگىنىمىز تۈزۈك چۈنكى ھەر كىمگە ئۆزىنىڭ كۆيىنىكى يېقىن! شەھەرنىڭ سېپىلى قېلىن، قورغان ئۆگەكلىرى پۇختا، دەرۋازا ـ قوۋۇقلىرى مۇستەھكەم، چۆل خەلقى بولغان بۇ قارا چېرىكلەر بۇنداق مۇستەھكەم قورغاننى نېمىسى بىلەن بۇزالايدىكىن؟ مېنى دېسە، ئون بېشى بىلەن ئۇسۇپ باقمىسۇنمۇ قېنى، كىرەلەمدىكىن؟!

— شۇنداقتىمۇ، غەپلەتتە قېلىپ پۇشايمان يېگەندىن كۆرە، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرگەن ياخشى، — دېدى جاھان خوجا، — بىزدە «ئارسلاندەك كۈچلۈك بولغۇچە، تايغاندەك ھوشۇڭ بولسۇن» دېگەن گەپ بار. قىرغىزلارنى ياردەمگە چاقىرىشقا مەنمۇ قوشۇلىمەن. ئەمىسە، كېڭەش مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن!

ئاخىر كېڭەش سىدىق خوجىنىڭ تەكلىپى بويىچە قىرغىزلاردىن قوشۇن تەلەپ قىلىشقا قوشۇلدى ۋە بۇ ئىشقا ئەمىر لەشكەر سىدىق خوجا مەسئۇل بولىدىغان بولدى. قورغان مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ پۇختىلاشقا دائىر بەزى چارىلەر تۈزۈپ چىقىلدى. كېڭەش تۈگىگەندە، تۈن نىسپى بولغانىدى...

كېچىدە نىقابلانغان ئۈچ ئادەم ئاي قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئۈچتۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى جامە دەرۋازىسىغا قاراپ ئىشتىك كېتىپ باراتتى. ئەتراپ قازاننىڭ قارىسىدەك قاراڭغۇ

بولغاچقا، ئۇلارنى ھېچكىم سەزمىدى. ئۇلار تام ياقىلاپ دەرۋازىغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. مانجۇلارمۇ دەل مۇشۇ چاغدا شەھەرنىڭ جامە دەرۋازىسىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. سىپىلدىكىلەر مانجۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقاچقا، دەرۋازىغا يېقىنلىشىپ كەلگەن ھېلىقى شۇبھىلىك ئۈچ ئادەمگە دىققەت قىلمىدى. ئۇلار قوۋۇقنىڭ پولات بىلەن قاپلانغان دەرۋازىسىنى ئىچىدىن تاقاپ تۇرغان يوغان توغرى ياغاچ لوكنى تولىمۇ تەستە ئېلىپ تاشلاپ دەرۋازىنى ئۇلۇغ ئىچىۋەتتى ۋە سىرتتىكىلەرگە ئوت يېقىپ بەلگە بەردى. . .

مانجۇلارغا سېتىلغان توختى ئىشان، نىياز بەگ ئىشان ۋە بەھرەم بەگ ئىشانلارنىڭ خائىنلىق قىلىشى ئارقىسىدا ئۇچتۇرپان شەھىرى ئاخىر قولدىن كەتتى. جاھان خوجا ئەرشى ئازغىنە بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئېلىپ قاقشال يولى ئارقىلىق قەشقەر تەرەپكە جىددىي چېكىندى. . .

نەزمە

پاشا توپلانسا يېگەر پىلنى ئۇرۇپ،<br>
بۇندا كۈچ ـ قۇۋۋەتتە، سالاپەت بار تۇرۇپ.<br>
كۆپ چۈمۈلە بولسا بىردەك ئىتتىپاق،<br>
يىرتىدۇ شىر پوستىنى ئۇجۇقتۇرۇپ.

— شەيخ سەئدى

# بەشىنچى باب

## ئامۇرسەنا

«دوستۇڭغا ئۇنچىلىك كۈچ - قۇۋۋەت بەرمە. ئەگەر ئۇ دۈشمەنگە ئايلانسا، سېنى يېڭىۋالىدۇ.»

— شەيخ سەئدى

**مىلادى** 1756 - يىلى (چاشقان يىلى) شەمسىيە كالېندارى بويىچە كەبىسە 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى. خاقانىي چىننىڭ غەربىي تىنچىتقۇچى سانغۇنى، غەربىي تارام قوشۇنلىرىنىڭ باش بۇغى دالداڭا ئۆزىنىڭ تورغاستىكى ئوردۇگاھىدا خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالدى.

«ئاسىي ئامۇرسەنا مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ شاپائىتىگە ۋاپاسىزلىق قىلدى، — دېيىلگەنىدى يارلىقتا، — ئەسلىدە، جۇڭغارىيىنى تىنچىتقاندىن كېيىن ئۇل دەيۈز ئېلىنى قۇترىتىپ، ئىسيان كۆتۈردى. شۇڭا، ئۆتكەن يىلى، سىلىن، يۇباۋ[1] قاتارلىقلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىشقا پەرمان

[1] سىلىن، يۇ باۋ (1756 — ؟) — چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرى. ئامۇرسەنا ئىسيان كۆتۈرگەندە جازالاشقا ئەۋەتىلگەن. بىراق، ئامۇرسەنانى قاچۇرۇپ قويغانلىق گۇناھى ئۈچۈن چىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ كېتىلىۋاتقاندا جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

چۇشۇرگەنىدۇق. توپىلاڭچىلار كەتكەندىن كېيىن ئەسلىدە قوشۇنىمىز ئاسىي ئامۇرسەنانى قاتمۇ قات قورشىۋالغان بولسىمۇ بىراق ئۇ ئىككىسى (سىلىن، يۇ باۋنى دېمەكچى — ئاپتوردىن) ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتقانلىقتىن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئاسىي ئامۇرسەنا تەنھا قېچىپ كەتتى. بىراق، بۇ ئىككىسى قايىل بولماي، يەنە تېخى: «تۇتۇۋالغىلى ئىمكان بار تۇرۇقلۇق تۇتالمىغان بولساققۇ بېشىمىزغا قانداق گۇناھ ئارتىلسا بىر نۆرى. ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپمۇ يېتەلمىگەن تۇرساق، يەنە گۇناھ ئارتامدىكەن؟» دېگىنى قىزىق. ئۇلار زادى نېمە دېمەكچى؟ بىز ئۇلارنى مۇكاپاتلاپ، ئاسىيلارنى يوقىتىشقا تېز تۇتۇش قىلىڭلار، دەپ نەچچە داپقۇر سۈيلىمىدۇقمۇ؟ ئەلھال، خاقانلىقىمىزنىڭ غەربىي ئارامدىكى قوشۇنلىرى بىلەن شىمالىي ئارامدىكى قوشۇنلىرى قوشۇلغاندىن بېرى، قارا چېرىكلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىرئاز بولسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دالداڭا، خاداخا ذاتارلىق سانغۇنلار قازاق تېغى، ئىسسىقكۆل قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. گەرچە ئابلاي خان بابا قاتارلىقلار تارمار كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئاسىي ئامۇرسەنا يەنىلا قاچۇرۇپ قويۇلدى. چۇرۇق قاتارلىقلار ئىككى قېتىم تۇتۇۋېلىنىپ، ئىككى قېتىم قاچۇرۇپ قويۇلدى. ئۇلارنى دەرھال ئاستانىگە يەتكۈزۈپ كېلىش ھەققىدە سۇرۇك بەلگىلەپ پەرمان بېرىلگەن بولسىمۇ ئەمما يەنىلا ئىجرا بولمىدى. ئابلاي خان قاتارلىقلارغا تېخىمۇ يىراققا قېچىپ كېتىشكە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىلدى. ئۆتكەن يىلى ئىلىنى تۇنجى داپقۇر سەلتەنەتىمىز تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئاسىيلارنىڭ توپىلاڭلىرى زادىلا ئۆكسۈپ باقمىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھ ـ ئەرۋاھلىرى بىزنى يۆلىگەنلىكتىن، تەڭرى بىزگە شاپائەت قىلغانلىقتىن، قازاقلارنى تېز تىنچىتىپ ئالالىغان بولساقمۇ، سەلتەنىتىمىز تەرىپىدىن ئىشقا قويۇلغانلىكى تەئىيانى ئەمىرلەر قورقۇپ ئالغا

ئىلگىرىلىمەي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتى. بۇ بىزدىن ئۆتكەن بىر سەۋەنلىكتۇر! بۇنىڭغا يەنە نېمىمۇ دېيەلىگۇلۇك؟ بەزىلەر: «لەشكەرلەر چارچاپ، ئات ـ ئۇلاغلار ھېرىپ قالدى. قاراقچىلار بولسا تېخىمۇ يىراققا قېچىپ بېرىۋالدى»، دېيىشىپ، بولدى قىلماقچى بولۇشتى. 8 ـ ئايدا بىز ئۇلارغا ئاسىيلارنى بېسىقتۇرۇش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن بولساقمۇ ئەمما دالداڭا قاتارلىقلار بۇ پەرمان يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى: «قازاق تېغى ئەتراپلىرىغا قايتىپ قىشلاپ، ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا داۋاملىق يۈرۈش قىلىشقا ئىجازەت بېرىلسە»، دەپ ئوردىغا مەلۇمات يوللاپتۇ. بۇ بىر باھانە بولسىمۇ ئەمما ئەھۋال نائىلىنىق بولغانلىقتىن، لەشكەر چېكىندۇرۇشكە پەرمان بېرىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئاسىي ئامۇرسەنا يەنە ھەددىدىن ئېشىشى مۇمكىن. ئۇ بىزنىڭ لەشكەر چېكىندۇرگەنلىكىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئابلاي خان قاتارلىقلار بىلەن يەنە تىل بىرىكتۈرۈپ، سەلتەنىتىمىزگە ئەل بولغان ھەرقايسى ئەللەرگە بېسىپ كىرىشى مۇمكىن. ئەلھال، ئىلىبالىق ئىشغال قىلىۋېلىنغاندىن كېيىن جاھان ئوڭشالدى. لەشكەر تولۇقلىنىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك سەپلەندى. ئۆيرات قەبىلىلىرى سەلتەنىتىمىزنىڭ شاپائىتىگە قانائەتلىنىپ، پەرمانبەردار بولۇشتى. ئالدىنقى يىللارغا قارىغاندا، ئۇلار كۆپ ئۆزگەردى. ئۇلار ئاسىي توپىلاڭچىلارنى تۇشمۇ تۇشتىن قوغلاپ تۇتۇپ تەگرى قوشۇنلىرىمىزغا تاپشۇرۇپ بەرمەكتە. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىز ئۆزاقى يىلىلا جۇڭغارىيىنى تىنچىتىپ بولۇشنى ئويلىغان بولساقمۇ ئەمما تولىمۇ ئەپسۇسكى، پۇرسەت قولدىن كېتىپ قېلىپ، بىزنى نائۇمىد قالدۇردى. ئۆتكەن يىلى نەچچە ئاي ئىچىدىلا ئىلىبالىق تىنچىتىلىپ، جۇڭغار ئاقساقاللىرى شىكەستە يېدى. كاشكى، يۇڭجېڭ ئىككى خان ئورۇندىيالماي ئارزۇ بىلەن كەتكەن بۇ ئۇلۇغۋار ئىش ئاخىر بىزنىڭ

دەۋرانىمىزغا كەلگەندە ئاندىن ئورۇندالدى. بۇ تۆھپە تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن، ئەلۋەتتە! بىـــزمۇ بۇ تۆھپىنى ئۆزىمىزگە مەنسۇپ قىلىۋالمىدۇق. بىراق، ئەئىيانى ئەركانلىرىمىزنىڭ سەلتەنىتىمىز ئۈچۈن ئۆز ئەجىر ـ كۈچلىرىنى تۆھپە قىلىش تۇگۇل، ھېلى ئۇ يەردە، ھېلى بۇ يەردە مەغلۇپ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىمىزدا قەھرىمىز تاشىدۇ! ئاسىـــي ئامۇرسەنانىڭ ئارىلىقتا قېچىپ كېتىشى غەربىي تارامدىكـــى قوشۇنلىرىمىزنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلـــيەتنـــى تېخــــمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتـــى. تورغا چۈشكەن گۇناھكارنـــىڭ جازاغا تارتىلماي تۇرۇپلا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىسا، تەڭرىمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ. ئەزەلدىن تارتىپ ئىسيان كۆتۈرگەن ئاســـي ـ توپىلاڭچىلار ئۆزاققىچە تورغا چۈشمەي يۈرگەن ئىش نەدە بولغان؟ مەسىلەن، يۈڭجېڭ يىللىرىدا جۇڭغارىيەدە توپىلاڭ كۆتۈرگەن لوپساڭ دەنزىڭ بىزنىڭ دەۋرانىمىزغا كەلگەندە قولغا چۈشۈپ جازاغا تارتىلمىدىمۇ؟ خەلقى ئالەمنـــىڭ نەپرىتـــىگە قالغان ئامۇرسەنادەك توپىلاڭچىلار يەنە قاچانغىچە تورغا چۈشمەي يۈرەر؟ ئۇنىڭ قـــوۋمـــى ـ قاياشلىرى ئالللقاچان تۇتۇلدى. ئابغىز، خادان نويۇن، كىنشىم قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىـــدىن قولغا چۈشۈپ، ئاستانىمىزغا كەلتۈرۈلۈپ جازاغا تارتىلدى. ئەلھال، ئاسىي ئامۇرسەنا يىراققا قېچىپ بېرىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇنى بىر ـ ئىككى يىلغا بارمايلا قولغا چۈشىدۇ، دەپ ئويلايمىز. گەرچە پۈتۈن تۆھپە ـ ئەجىر بىكارغا كەتكەن بولســـمۇ، لەشكەرلىرىمىزنى ۋاقتىنچە دەم ئالدۇرۇۋالغىنىمىز ھەممىدىن ياخشى ئىش بولدى. مۇھارىبىيە جەھەتتىكى بۇ ئىـــشلاردىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر خەۋەر تېپىپ قالسۇن، دەپ ئالاھىدە بۇ يارلىقنى جاكارلىدۇق. نامە تامام، گەپ ۋەسسالام، چەنلۇڭ دەۋرانىنىڭ 21 ـ يىلى، كەبىسە 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ

كۈنى.»[1]

*　　　　*　　　　*

ھۆرمەتلىك كىتابخان، خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ بۇ يارلىقىدا تىلغا ئېلىنغان ئاسىي ئامۇرسەنانىڭ مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ «شاپائىتى» گە قانداق ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن، گەپنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

*　　　　*　　　　*

مىلادى 1754 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئۈچتۇرپان شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى خوجەسى ئۈچتۇرپانغا پاناھداپ قېچىپ كەلگەن جۇڭغارىيە خانى داۋاچىنى مانجۇلارغا تۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن خاقانىي چىن ئاخىرقى ھېساپتا جۇڭغارىيىنى تەلتۆكۈس مۇنقەرز قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن بولدى. چەنلۇڭ خان «جۇڭغارىيىگە كۆپ خان قويۇپ، بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» چارىسى بويىچە، «ئۇيراتلاردىن تۆت خان تەيىنلەپ، تۆھپىسىگە قاراپ مەرتىۋە، خىزمىتىگە قاراپ ئىنئام بېرىش»[2]نى قارار قىلدى. خاقانى چىن چېلىننى دۆربىت قەبىلىسىگە، ئامۇرسەنانى خۇيت قەبىلىسىگە، بەنجۇرنى خۇشۇت قەبىلىسىگە، غالزاڭ دورجىنى جوراس قەبىلىسىگە خان قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە ئامۇرسەناغا قوش شاھزادىلىك مەرتىۋىسىنى بېرىپ، ئۇنى قوش شاھزادىلىك ئوتىغاتىدىن بەھرىمەن قىلىشنى قارار قىلدى. بىراق، خاقانى چىننىڭ بۇ قارارى ئامۇرسەنانىڭ

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 523 ـ جىلد، 8 ـ، 10 ـ بەتلەر.

② جياۋ لىيەن: «چىرقىراق شىپاڭ خاتىرىلىرى»، 3 ـ جىلد، «غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىشنىڭ ئۆتمۈشى».

سىياسىي مەقسىتى بىلەن تامامەن قارىمۇ قارشى ئىدى.

ئامۇرسەنا جۇڭغارلارنىڭ خۇيت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ خۇشۇت قەبىلىسىنىڭ خانى لاساڭ خاننىڭ نەۋرىسى ئىدى. خاقانىي چىن كاڭشىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، لاساڭ خاننىڭ چوڭ ئوغلى دەنزىڭ جۇڭغارىيە خانى سېۋان ئارابداننىڭ قىزى بوتىلاق بىكەنى ئەمرىگە ئالدى. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بەنجۇر تۇغۇلدى. دەنزىڭ ئۆلگەندە ئامۇرسەنا بوتىلاق بىكەنىڭ قورسىقىدا قالغانىدى. كېيىن بوتىلاق بىكە خۇيت قەبىلىسىنىڭ ئوكۇرتايىي خۇشۇنقا ياتلىق بولدى. دېمەك، ئامۇرسەنانىڭ خۇشۇت، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇيرات مۇڭغۇللىرىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئامۇرسەنا سىياسىي جەھەتتە خېلى ئىستىبداتلىق سانىلاتتى. شۇ چاغلاردا جۇڭغارىيىدە غەلىيانلار ئۆي توشقىنىدەك كۆپەيمەكتە ئىدى. بالا ئاتىغا، ئاتا بالىغا، قېرىنداش قېرىنداشقا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈش بۇ ئەلدە ئادەتكە ئايلانغانىدى. ئايىغى ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان بۇ يېغا ـ غەلىيانلاردا جۇڭغارىيە خانى غالدان سېرىننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىسەجەل ئۆلتۈرۈلدى. داۋاچى ئۆزىنىڭ سابىق جۇڭغارىيە خانى باتۇر قۇنتەيجىنىڭ كۆكۈن نەۋرىسى ۋە چوڭ سېلىن دوندۇپنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ، ئۆز قوۋمىغا ھوقۇق يۈرگۈزمەكچى بولدى. ھالبۇكى، ئامۇرسەنامۇ ئۆزىنىڭ ئالىي نەسەبتىن كېلىپ چىققانلىقىنى پەش قىلىپ چىقتى. چۈنكى، ئامۇرسەنا سابىق جۇڭغارىيە خانى سېۋان ئارابداننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى دوندۇپ بالساڭ سابىق جۇڭغارىيە خانى غالدان سېرىننىڭ قىزى ئىدى. ئامۇرسەنا داۋاچى بىلەن بىللە سابىق جۇڭغارىيە خانى لاما دارجەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزىدىغان چاغدا، ئۇيراتلارنىڭ تۆت قەبىلىسىگە قۇنتەيجى بولۇشتەك ئۇلۇغۋار سىياسىي مەقسىتىنى دىلىغا

پۈتكەندى. شۇڭا، ئۇنىڭ خاقانى چىنغا تەسلىم بولۇشىمۇ بۇ سىياسىي مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قوللانغان بىر خىل تاكتىكىسى ئىدى، خالاس.

ئامۇرسەنا خاقانى چىننىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىلىغا يۈرۈش قىلغاندا، جامائەت پىكرى تەييارلاش ئۈچۈن، خۇشۇت قەبىلىسىدىكى بەنجۇر، ناگجە قاتارلىق ئاقسۆڭەكلەردىن پايدىلىنىپ، «ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئامۇرسەنا چوقۇم خان بولۇشى كېرەك. ئۇ چاغدا، قازاق خانى ئابلاي خاننى باشلاپ ئاستانىگە - خاقانى چىننىڭ ھوزۇرىغا سالامغا كېلىدۇ. خاقانى چىن بىلەن ئامۇرسەنانىڭ ئەللىرى چېگرىداش بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى چىڭىيىدۇ»① دەپ گەپ تارقاتتى. دېمەك، ئامۇرسەنا ئۇيراتلارنىڭ تۆت قەبىلىسىگە چوڭ خان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قازاقلارغىمۇ مېتروپول بولماقچى ئىدى. جۇڭغارىيە خانى داۋاچى قولغا چۈشكەندىن كېيىن ئامۇرسەنانىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر سىياسىي رەقىبىمۇ يوقىتىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيراتلارنىڭ تۆت قەبىلىسىگە چوڭ خان بولىدىغان كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى — دە، گويا ئۆزىنى چوڭ خان ھېسابلاپ، غالدان سېرىنىڭ ئالتە بۇرجەكلىك مۆھۈرىنى بېسىپ ھەرقايسى قەبىلىلەرگە يارلىق تارقاتتى ھەمدە «قازاق، قىرغىزلاردىن مۇداپىئە كۆرىمىز» دەپ توققۇز مىڭ لەشكەرنى ئۆزىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىغا يۆتكىدى. ئۇ يەنە تېخى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى باغىبەندىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ: «مۇبادا، ئامۇرسەنانى قوشۇنلارغا باش قىلمايدىغان بولسا، ئۆزىمىزنى

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 481 - جىلد، 3 — 5 - بەت، چەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

ئۆلتۈرۈۋېلىشقا رازىمىزكى، ھەرگىز ھايات ياشىمايمىز!»[1] دەپ تەھدىت سالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامۇرسەنا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى:

ئامۇرسەنا دەسلەپتە جۇڭغار تەيجىسى داش داۋانىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قوۋمىنى ئۆزىنىڭ جىيەنى سەخىن باتۇرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەكلىپ قىلغاندا، ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى داش داۋادىن تۇل قالغان چېچەن مۆرگىن خاتۇنىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باغىبەندىمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشقانلىقتىن، ئامۇرسەنا مەقسىتىگە يېتەلمىدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا، ئامۇرسەنا ناگچەنى لەشكەر بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئەۋەتىپ، شېرىكلىرى ئارقىلىق «ئامۇرسەنانى خان قىلىپ تىكلىمىگەندە، ياقا يۇرت، ئايماقلاردا خاتىرجەملىك ئورناتقىلى بولمايدۇ!» دەپ ئۆسەك گەپ تارقاتتى[2].

بىراق، خاقانى چىن ئامۇرسەنانىڭ بۇ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانىدى. چەنلۇڭ خان يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنى ئۆزىنىڭ چېڭدېدىكى يازلىق ئوردىسىغا تەزىمگە كېلىشنى بۇيرۇدى. مىلادى 1755 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خاقانى چىن چەنلۇڭ باغىبەندى قاتارلىقلارغا: «ئامۇرسەنا نەدە تۇتۇلسا، شۇ يەردە دەرھال قەتلى قىلىنسۇن! ئەگەر ئۇ ئاستانىگە قاراپ يولغا چىققان بولسا سالار، ئېرۇگېئەن قاتارلىقلار چېرىكلەرنى ئېلىپ داش داۋانىڭ چېرىكلىرى بىلەن بىللە ئۇنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئالسۇن!» دەپ مەخپىي پەرمان چۈشۈردى.

---

① «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 493 ـ جىلد، 14 — 16 ـ بەتلەر. چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

② ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»، 4 ـ جىلد، «چەنلۇڭ يىللىرىدا جۇڭغارلارنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى».

بىراق، باغىبەندى خاننىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۆچىنىڭ يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىراپ ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. 1755 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، خاقانى چىننىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاستانىگە بارسا ساق قالمايدىغانلىقىنى سەزگەن ئامۇرسەنا ئادەملىرىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.①

* * *

مىلادى 1755 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئامۇرسەنا ئېلىنچىن دورجى قاتارلىق سەركەردە ـ سەردارلارنى ئۆزىنىڭ بارگاھىغا مېھمانغا چىللاپ، كاتتا زىياپەت بەردى. زىياپەتتە ئۇ ئېلىنچىن دورجىغا:

— مەنكــــى ئامۇرسەنا بوغدا خانغا ئەركان بولمايمەن، دەۋاتقىنىم يوق. بىراق، بوغدا خان ماڭا زادىلا ئىشەنمەي كەلدى. ئەلھال، بوغدا خاننىڭ لاۋ ـ لەشكەرلىرىنى جۇڭغارىيىگە باشلاپ كەلگەن مەن ئەمەسمىدىم؟ ھالا بۈگۈن، بوغدا خان مېنى ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئالدىغا سېلىــــپ بېرىپ، خۇددى قوي ـ كالا پادىسىنى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ ماڭدى. بىزنىمۇ ئانىمىز يىگىت دەپ تۇغقاندىكىن، بېشىمىزغا قىلىچ تەگلىــــنىــــپ تۇرسا چىدامدۇق؟ — دەپ دەرت تۆكۈپ بېرىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا لەشكەرلەر چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈشكىنىچە بارگاھ ئىچىگە يۇگىرىشىپ كىرىپ، ئامۇرسەنانى ئېلىپ بارگاھتىن چىقىپ كېتىشتى. ئامۇرسەنا چىقىپ كېتىۋېتىپ، يېنىدىن بوغدا خان بەرگەن يانداش سانغۇنلۇق مۆھۈرىنى چىقىرىپ، مۆھۈر باغلىرى بىلەن بىللىلا ئېلىنچىن دورجىغا تاشلاپ بەردى — دە:

① جياۋ ليەن: «چىرقىراق شىپالىق خاتىرىلىرى»، 3 ـ جىلد، «غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىشنىڭ ئۇتمۇشى».

— تامغىنى بوغدا خانغا ئاپىرىپ بېرىش! بۇنى ئۇ بېشىغا تېڭىۋالسۇن! — دېگىنىچە بېرىپ ئاتقا مىنىپ، ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

مىلادى 1755 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئامۇرسەنا ئۇلانغۇل دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆزىنىڭ بوغدا خاندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىدى. ئارقىدىنلا لەشكەر باشلاپ كېلىپ خاقانى چىننىڭ ئىلىنى بېسىپ ياتقان باغىبەندى قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلىرىنى قورشىۋالدى. بۇ چاغدا خاقانى چىننىڭ ئىلىنى ساقلاپ ياتقان قارا چېرىكلەرنىڭ ئومۇمىي سانى بەش يۈزگىمۇ يەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزىدىن ئون ھەسسە كۆپ بولغان جۇڭغار ئىسيانچىلىرىنىڭ زەربىسىدە تېزلا يىمىرىلدى. خاقانى چىننىڭ باغىبەندى بىلەن ئېرۇڭگېن دېگەن سانغۇنلىرى پىچىلىپ قېلىپ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. سالار جۇڭغارلارغا ئەسىرگە چۈشتى. شۇ چاغدا خاقانى چىننىڭ مۆھۈرىنى ساقلاپ ياتقان غەربىي تىنچىتقۇچى سانغۇنى يۇڭچاڭ قورقۇپ كېتىپ ھولۇققىنىدىن ئالته مىڭ قارا چېرىكنى باشلاپ بارىكۆلگە قېچىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ خاقانىي چىن بارىكۆلنىڭ غەربىدىكى كەڭ زېمىنغا بولغان كونتروللۇقىدىن تېزلا مەھرۇم بولدى. بىراق، ئامۇرسەنامۇ ھەرقايسى ئۇيرات قەبىلىلىرىگە ئۆزىنىڭ پەرمانىنى ئۆتكۈزەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن خاقانى چىن تەرىپىدىن تېخى ئەمدىلەتتىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ جايلار يەنە يېڭىۋاشتىن يېغا ـ غەليان پاتقىقىغا چۆكۈپ قالدى. . .

*　　　*　　　*

چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، بادالىڭ

قوۋۇقىنىڭ[1] سىرتىدىكى يەنچىڭ[2] شىكارگاھىدا ئوۋ پائالىيىتى بەكمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. مانجۇلارنىڭ قەدىمكى ئادىتى بويىچە خاقانى چىن چەنلۇڭ ئەتىگەن قاق سەھەردىلا ھەددى ھېسابسىز ئوۋچى، قۇشچى، قوغلامچىلارنى كەينىگە سېلىپ، ھەربىر ئادەمگە شىكارنىڭ ئەسۋاب - جابدۇقلىرىنى، تەلىم ئالغان لاچىن، شۇڭقار، قارچۇغا، تۇرۇمتاي، ئېتەلگۇ، بەھرەين، قورغۇي، تۇيغۇن قاتارلىق ئوۋ قۇشلىرىنى، يەنە بىرمۇنچىلارغا مىلتىق، نەيزە، ئوقيا ئالغۇزدى — دە، دەبدەبە بىلەن شىكارغا ئاتلاندى. شاھزادە، ئىنالچىلار، بەيلى - بەيسىلەر، ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەمىر - ئۇمەرالار قاتارلىق پۈتۈن ئەركانى دۆلەت، ئەكابىر - ئەشرەبلەر ھەم خان بىلەن بىللە قوزغالدى. گوياكى پۈتۈن ئايدالا يەنچىڭ شىكارگاھىغا خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ مۇبارەك قەدىمى يەتكەنلىكىنى كۆرگەن غۇبارسىز كۆك ئاسمانمۇ: «ۋاي ھەسرىتا! پەلەك ئەركىسى بولغان قۇياشنى ئۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ تۆھپەم سۈپىتىدە پادىشاھقا تۇتالىسامچۇ كاشكى» دەپ يەرنىڭ ئارزۇسىنى يېگەندەك قىلىپ، بولۇتلارنى نەلەرگىدۇر سۈرۈپ تاشلىغانىدى. شىكار ئۈچۈن ئېلىپ چىقىلغان ھەر خىل ئوۋ قۇشلىرى ۋە باشقا جانۇ - جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى بەندىتىن قۇتۇلۇپ، ئوۋ قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كەلگەندە، دالىدىكى قارا كۆزلۈك كىيىكلەر قولغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن تۆت تەرەپكە تەڭ قاراپ، پۈتۈن ئەزايى - بەدەنلىرىنى كۆزىگە ئايلاندۇرغانىدى. ئوۋ ئىتلىرى شىردەك چاڭگال سېلىپ، قاۋان، بۆرە، تۈلكە، سۈلەيسۈن، توشقان ۋە بۇغا - ماراللارنى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن مىڭ تۈرلۈك ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتتى. لاچىنلار كىشىلەرنىڭ قولىدىن خۇددى يادىن ئوق ئېتىلغاندەك ئاسمانغا ئۆرلەپ

① سەددىچىنىنىڭ مەشھۇر قوۋۇقلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى.
② يەنچىڭ - بېيجىڭ شەھىرىنىڭ بىر ناھىيىسىنىڭ ئىسمى، بادالىڭنىڭ سىرتىدا. ئۇ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىمالىغا 80 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان.

چىقىپ، ھەممە تەرەپكە تەڭ ھەملە قىلاتتى. قارچۇغا تىرناق نەشتىرى بىلەن قىرغاۋۇل، كەكلىك، مۇرغى جاڭگال[1]، ئاق بوزەك[2]، ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ كۆز تومۇرىدىن قان ئالاتتى. ئەجەل بۇركۇتى تۈلكە، سۇلەيسۇن، كىيىك، بۇغا ـ مارالLARنىڭ بېشىغا خۇددى ئەرزائىلدەك تىكىلىپ، بىچارە كىيىك ۋە تۈلكىلەرنىڭ جانلىرىنى ئوۋلايتتى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشىدىن پۈتۈن زېمىن لەرزىگە كېلىپ ئوت چاقنايتتى. چاڭ ـ مانان بىردەمدىلا كۆك يۈزىنى قاپلاپ، كۈننى كۆرسەتمەي قويدى. ئەتراپنى قوغلامچىلارنىڭ «ھاي ـ ھۇي» چۇقان ـ سادالىرى قاپلىغان بولۇپ، ئۈركۈپ كەتكەن ئوۋ ھايۋانلىرى ھولۇققىنىدىن شىكارچىلارنىڭ ئوقىغا ئۆزلىرىنى ئۇرۇشاتتى.

ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئوۋ ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى بىرلىشىپ پۈتۈن يەنچىڭ دالاسىنى ئاجايىپ بىر غوۋغا ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى.

ئوۋ ئىتلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغان ناھايىتى زور بىر قاۋان توساتتىنلا خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى. بۇ چاغدا بىرنەچچە تەنبەل سۇلانلار چەنلۇڭنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بۇ قۇترىغان قاۋاننى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر نەيزىلىرى بىلەن توسۇپ تۇردى. بىراق، قاۋان لىكلا قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يانغا بۇرۇلغاندەك قىلدى — دە، ئۆتكۈر سويىسى بىلەن بىر سۇلاننىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلىدى. بۇ ئىشنىڭ ھەممىسى بىرنەچچە دەقىقە ئىچىدىلا يۈز بەردى. ھېلىقى قۇترىغان ۋەھشىي قاۋان يەنە بىر سۇلاننىمۇ ئۆتكۈر سويىسى بىلەن يېرىپ تاشلىماقچى بولۇپ ئېتىلغاندا، بۇ سۇلاننىڭ كەينىدە ئاتلىق تۇرغان چەنلۇڭ قولىدىكى نەيزىسىنى تەڭلەپ كەلگەن پېتى بۇ يىرتقۇچقا قاراپ

① بىر خىل جاڭگال سېغىزخانى.
② بىر خىل پەسىل قۇشىنىڭ نامى، قاناتلىرىنىڭ ئارىسى ئاق، چوڭلۇقى ساردەك كېلىدۇ.

ئېتىلدى.

چەنلوڭ قوترىغان ۋەھشىي قاۋان بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشماقچى ئىدى! قاۋان ھېلىقى سولاننى يېرىپ تاشلاش ئالدىدا ئىككىنچى دۈشمىنىنى كۆرۈپ قالدى — دە، قىلچىمۇ يورۇلماستىن ئۇدۇللا چەنلوڭغا قاراپ ئېتىلدى. چەنلوڭ ئۆزىگە ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ناھايىتى زور قاۋانغا قاققان قوزۇقتەك دەللىكمۇ دەللىك قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. قاۋان ئۆتكۈر سويىسى بىلەن يېرىپ تاشلىماقچى بولۇپ چەنلوڭغا ئېتىلغاندا، ئۇ چاققانلىق بىلەن ئېتىنى بىر سەكرىتىپلا ئۆزىنى چەتكە ئالدى — دە، قولىدىكى ئۆتكۈر نەيزىسىنى ھېلىقى قوترىغان ۋەھشىي قاۋاننىڭ يۈرىكىگە جان - جەھلى بىلەن سانجىدى!

ۋەھشىي قاۋان يۈرىكىگە سانجىلغان نەشتەرنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماستىن قاتتىق چىرقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ يارىسىدىن قان سۇدەك ئېتىلىپ چىقتى. بۇ ۋەھشىي قاۋان يۈرىكىگە سانجىقلىق تۇرغان نەيزىنى سۆرىگەن پېتى بىر چەتكە يورۇلدى — دە، «خورت، خورت» قىلغىنىچە قېچىپ ماڭدى. بىراق، ئانچە ئۇزاققا بارمايلا پولاڭلاپ يەرگە يىقىلدى ۋە جان تالىشىپ بىر - ئىككى قېتىم پۇت ئېتىپلا جىمىپ قالدى، ئۇ ئۆلگەنىدى.

چەنلوڭنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چېھرىگە غەلىبە كۈلكىسى يۈگۈردى ۋە يېنىدىكى بىر سولانغا ئۆلۈك قاۋاننى سۆرەپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

باپامقى چەنلوڭ بىلەن يىرتقۇچنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەتەرلىك ئېلىشىشنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئەئيانى - ئەشرەبلەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى — دە، دەرھال خاقانى چىن چەنلوڭغا ئالقىش ياغدۇراتتى.

— يا رەببەنا، ئەي پۇشتىپاناھ، بۇ كۆرگەنلىرىمىز

ئوڭىمىزمۇ ياكى چۈشىمىزمۇ؟ قەدىمدىن تارتىپ ۋەھشى قاۋان بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىپ ئۇنى يەڭگەن سىلى جانابىي ئالىيلىرىدەك شىجائەتلىك، قورقماس باھادىر خاقان بولغان ئەمەس، — دېدى خالخە شاھزادىسى كۇلۇنچىن دورجى، — ھەسسىنات، بۇ ھەقىقەتەن يىگنە بىلەن كۆزنىڭ ئېقىغا يازغۇدەك كارامەت بىر مۆجىزە بولدى!

قالغان شاھزادە ۋە ئەركانى دۆلەتلەرمۇ خۇددى شاتۇتىدەك ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ گۈرۈلدىشىپ كەتتى:

— كارامەت مۆجىزە بولدى، كارامەت مۆجىزە بولدى!

ئۇلار چەنلۇڭنىڭ شىجائىتىنى ئاغزى - ئاغزىغا تېگىشمەي ماختىشىپ چۇقۇرىشىۋاتقاندا، قارا دىۋان ۋەزىرى شۇ خېيدى يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

— جۇڭغارىيىدىن مەلۇمات، جانابىي ئالىيلىرى! — دەپ بىر قاتلاق مەكتۇپنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ چەنلۇڭغا سۇندى.

سۇلالىلاردىن بىرى ئۇنىڭ قولىدىن قاتلاق مەكتۇپنى ئالدى — دە، ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان چەنلۇڭغا سۇندى. بىراق، ئۇ بۇقاتلاق مەكتۇپقا قاراپمۇ قويماستىن قارا دىۋان ۋەزىرى شۇ خېيدىغا تاشلاپ بەردى ۋە:

— ئوقۇ، — دەپ بۇيرۇق بەردى. مۇشۇ تاپتا تازا شىكار پەيزىنى سۈرۈۋاتقان چەنلۇڭ قاتلاق مەكتۇپنى كۆرۈپ كەيپى ئۇچۇپ ئىمانى قىرىق گەز ئۆرلىگەنىدى.

— باغىبەندى قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، — دېدى قارا دىۋان ۋەزىرى شۇ خېيدى، — ئامۇرسەنا خان ئالىيلىرى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان سېرىق ھېقىق تۆشۈك مونچاقلىق پەي ئوتىغاتىنى بېشىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ - دەك ھەمدە ئۆزىنىڭ مانجۇ سەلتەنىتىگە بەيئەت قىلىپ، خاقانى ئالىيلىرىدىن ھاسىل قىلغان ئىنئام - ئىلتىپاتلىرىنى ئۇيراتلارغا جاكارلاشقا سەرگەشتىلىك

قىلىپتۇرلەر!...①

— ئامۇرسەنانىڭ خىلمۇ خىل سەرگەشتىلىكى، — دېدى چەنلۇڭ ئەئيانلىرىنى باشلاپ خان چېدىرىغا كىرىۋېتىپ، — ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئادەم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىز بۇ توغرىلىق باغىبەندىگە مەخپىي پەرمان چۈشۈرگەنىدۇق. ئەلھال، باغىبەندىنىڭ ئوردىغا سۇنغان مەلۇماتىمۇ بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ. ئامۇرسەنا بىزنىڭ ئىلتىپاتىمىزغا رەھمەت ـ تەشەككۇر ئېيتماق تۇگۇل، ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىمىزگە بەيئەت قىلىپ، ئىلتىپاتىمىزغا نائىل بولغانلىقىدەك چوڭ ئىشنى ئۇيرات قوۋمىدىن يوشۇرغانلىقى ئۇنىڭ خاننى ئالدىغانلىق جىنايىتىنىڭ كۇچلۇك دەلىلى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ باشقا سەرگەشتىلىكىنى تىلغا ئالمايلا قويايلۇق. بىز ئالدىنقى ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، باغىبەندىگە ئامۇرسەنانى قولغا ئېلىش ھەققىدە مەخپىي پەرمان چۈشۈرگەنىدۇق. مۇبادا، ئۇ بۇ ئىشنى بىجىرىپ بولغۇچە، ئامۇرسەنا ئاستانىگە قاراپ يولغا چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئاندىن ئۇنى بىر تەرەپ قىلساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز. بىراق، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇ ئىشنىڭ مەخپىيەتلىكى قاتتىق ساقلانسۇن!②

— قۇللۇق، جانابى ئالىيلىرى، پەرمانبەردارمىز! — دېيىشتى بارلىق ئەركانى دۆلەتلەر.

*　　　*　　　*

خان چېدىرى دۈگىلەك دائىرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تىكىلگەنىدى. چېدىر ئۈستىگە ئايئاق كىگىزلەر تارتىلىپ،

---

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرىدە يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 492 ـ جىلد، 14 ـ بەت. چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.
② «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرىدە يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 492 ـ جىلد، 14 ـ بەت. چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

ئۈستىدىن گۈللۈك ئارقانلار بىلەن باستۇرۇلغانىدى. چېدىرنىڭ ئۈستىدىكى چاڭغىراق ئوچۇق بولغاچقا، چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماڭغالدا مەززىلىك پۇراق چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان ئارچىلاردىن قويۇق قارا ئىس تولغىنىپ كۆككە كۆتۈرۈلەتتى.

خان چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېگىز بايراق خادىسى قادالغانىدى. خادىدا مانجۇ خاقانلىقىنىڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك سېرىق يىپەك بايرىقى شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى.

خاقانى چىن چەنلۇڭ خان چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سۇلانلارنىڭ دۇمبىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ ئاتتىن چۈشتى ۋە خان چېدىرىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن كىرىپ، ئالتۇن تەختكە بېرىپ ئولتۇردى ۋە سۇلانلارنىڭ بىرىگە «زوراغالىق كېڭىشى» نىڭ قاتناشقۇچىلىرىنى خان چېدىرىغا چاقىرىشنى بۇيرۇدى.

خاقانى چىننىڭ بۇرۇندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادىتىگە ئاساسەن مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ «زوراغالىق كېڭىشى» نىڭ مۇھاكىمىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن خان تەرىپىدىن پەرمان، يارلىق شەكلى ئارقىلىق ئالەمگە ئېلان قىلىناتتى. خان ھۇزۇرىدىكى بۇ زوراغالىق كېڭىشىگە شاھزادىلەر، ئىنالچىلار، بەيلى ـ بەيسىلەر ۋە شىغاۋۇل پىرقىسى، مەنسەپ، تۇتۇق پىرقىسى، جازا پىرقىسى، تەمرات پىرقىسى، لەشكىري پىرقە، سىلىق، تۇتۇن پىرقىسى قاتارلىق ئالتە پىرقىنىڭ ۋەزىرلىرى، ھۆدەيچى، مۇراسىم بېگى، مۇشاۋىر، سارايىنىڭ چىۋىن قورۇغۇچىسى، دارىلئۇلۇمنىڭ باش ئۆلىماسى قاتارلىق توققۇز بەگ ـ بېگات قاتنىشاتتى.

بۇگۈنكى «زوراغالىق كېڭىشى» نىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئەزەلدىن ئاچچىقى چىرايىغا چىقمايدىغان چەنلۇڭ خاننىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆرمەكتە. ئۇ ئالتۇن تەختتە

خۇددى خوخا ـ تىكەنىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بىئارامىلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، كۆزى ئالىياتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇ خۇددى بىر توپ غالجىر ئىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەسەبىيلەرچە خىرىس قىلىپ تۇرغان چىلبۆرىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

كېڭەش ئەھلىنىڭ ھەممىسى سۈكۈت ئىچىدە چەنلۇڭغا تىكىلىپ جىم ئولتۇراتتى.

ئاخىر، جىمجىتلىقنى چەنلۇڭ ئۆزى بۇزدى:

— ھۆرمەتلىك زاتى ئالىيلار، — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن دانە ـ دانە سۆزلەپ تۇرۇپ، — سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزدىن زادى مۇشۇنداق چاتاق چىقىپلا تۇرامدۇ ياكى بولمىسا جۇڭغارىيىگە ئۆزىمىز قوشۇن باشلاپ بارامدۇق؟!

چەنلۇڭ غەمكىن نەزەرىنى ھەربىر كىشىنىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرتۈپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا يېقىندا خالخە شاھزادىسىلىك مەرتىۋىسىگە نائىل بولغان كۇلۇنچىن دورجى ئۈستىگە ئاغدۇردى.

خالخە شاھزادىسى كۇلۇنچىن دورجىنىڭ بېشىدىكى قارا بۆلغۈن تېرىسىدىن تىكىلگەن تۆتلۈك كەڭلىكتىكى يان گىرۋەكلىك دىڭ قالپىقى ئاستىدىكى پېشانىسىدىن تەر چىپ ـ چىپ ئاققىلى تۇردى. ئۇ ئاۋازىنى سوزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنىڭچە... ھازىر... يۈرۈش قىلىشنىڭ ۋاقتى ئەمەس... ئەڭ بولمىغاندا مۇۋاپىق ئەمەس...

— نېمە ئۈچۈن؟ — چەنلۇڭ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن تۇرۇپ سورىدى.

— 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئامۇرسەنا ئۇلانغول دەرياسى بويىدا بوغدا خان تەرىپىدىن بېرىلگەن مۆھۈرنى تاشلاپ بېرىپ، «يايلاقنى چۆگىلەپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئاستانىگە تەزىمگە

بارۇرمەن» دەپ بارگاھتىن چىقىپ كەتتى. كېيىن ئاڭلىساق، ئۇ شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئېرتىش بويىدىن قېچىپ چىقىپ، يولبويى ئەلنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ مېڭىپتۇدەك. ئەئيانلىرى ئىككى يۈزدەك سۇلۇن ۋە يۈزدەك خالخە چېرىكىنى ئېلىپ كەينىدىن قوغلاپ ماڭغان بولسامۇ، ئۇ زادىلا يېتىك بەرمىدى. كېيىن ئېلىنچىن دورجىدىن كەلگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئامۇرسەنانىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىمۇ تازا ئېنىق ئەمەس ئوخشايدۇ. نىھايەت، ئۇ تارباغاتايدا بولمىسا، نەگە بارار؟ ياكى بولمىسا، قېچىپ خوتۇنىنىڭ قوۋمىنىڭ قىشلاقلىرىدىن بىرىگە بېرىۋالدىمۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئۇ نېمىشقا خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭمايدۇ؟ ياكى خالخە موڭغۇللىرىنى پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن قوبدۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟ ئامۇرسەنانىڭ بوغدا خان تەرىپىدىن بېرىلگەن مۆھۈرنى تاشلاپ بېرىپ پېشىنى قېقىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، ئۇ ئويۇن ئويناۋاتقان بولمىسۇن يەنە؟ ئارىلىق يىراق بولغانلىقتىن بۇ ئىشقا بىرنېمە دېمەك قىيىن،① — دېدى خالخە شاھزادىسى كۇلۇنچىن دورجى چەنلۇڭغا قاراپ. خاننىڭ ئۇندىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ سۆزىنى يۈرەكلىك بىلەن داۋاملاشتۇردى:

— ناۋادا، ئالدىدا ماقۇل دەپ، كەينىدىن لەۋزىدىن يېنىۋېلىپ ئاسىيلىق دۇمبىقىنى چېلىپ چىققان ئادەمنى قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنىلا ئۇنى ئەل بولۇشقا چاقىرىپ، ئىنسابقا دالالەت قىلىپ باقساق، مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئۇنى تەسىرلەندۈرۈپ باقسامىكىن دەيمەن. مېنىڭچە بۇ چارە بويىچە بولغاندا، زىخمۇ كۆيمەيدۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەيدۇ! چۈنكى ساۋابمۇ لازىم، تاماقمۇ لازىم ـ دە!

— ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ! — دەپ كەسكىن ئېيتتى

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرراندا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 496 ـ جىلد 4 ـ، 5 ـ بەتلەر. چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

چەنلۇك قاتتىق ئاۋازدا، ـ بۇ ئالەم شۇنداق ئالەم، جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيە مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ هايات ـ ماماتلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك! نىهايەت، سەلتەنىتىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇنداق زور ئىشتا يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا زادى بولمايدۇ! سەلتەنەتىمىزنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا زامىن بولىدىغان مۇشۇنداق گەدەنكەش ئىسيانچىلارنى ئۈز ۋاقتىدا يوقىتىپ تۇرمىغاندا، تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ ئۈلۈمگە سەۋەبچى بولۇپ قالىمىز. چۈنكى، زىرائەتلەرگە چۈشكەن هاشاراتلارنى يوقىتىپ تۇرمىساق، رىزقىڭ كېمىيىپ كەتمەمدۇ؟

چەنلۇڭ «زوراغالىق كېڭىشى» نىڭ قاتناشقۇچىلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە جۇڭغارىيىدە يۈز بەرگەن ئامۇرسەنا ئىسيانىنى قانداق باستۇرۇش هەققىدىكى چارە ـ تەدبىر پىشىپ يېتىلىۋاتقانىدى.

— جۇڭغارلار ئۆزئارا يېغا ـ غەليان قىلىشىپ، ئۆز قوۋملىرىنى ئۇنتقا ئىنتىردى، — دېدى ئۇ سالماق ۋەزىندە سۆزلەۋېتىپ، — ئەل ئاسايىشلىق تاپالمىدى. بىز غەليانغا پاتقان بۇ ئەلنى ئوت ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىغا تۇتۇش قىلدۇق. بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز تەڭرىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. پۇقرالارنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. شۇڭا، تەڭرى لەشكەرلىرىمىزنى ئالاهىدە ئىككى تارامغا بۆلۈپ، بۇ ئەلدىكى ئاسىيلارنى جازالاشقا ئەۋەتتۇق. هەرقايسى تەيجىلەر ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئۆتۈك، زەيساڭلار مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ سۇر ـ هەيۋىسىدىن چۆچۈپ، قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ بىزگە بەيئەت قىلماقتا ۋە سەلتەنىتىمىز ئۈچۈن تۆهپە ـ خىزمەت كۆرسىتىشكە ئالدىرىماقتا. ئەلهال، ئىلى دىيارى ئاخىر تىنچىپ، داۋاچىنى تۇتتۇق. مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ شاپائىتىنى پاناھ تارتىپ بىزگە خىزمەت قىلغانلارغا مەرتىۋە ـ مەنسەپ بەردۇق. جۇڭغارلار ئەسلىدە تۆت ئۇيرات قەبىلىسىگە بۆلۈنەتتى.

هالا بۇگۈنمۇ يەنە شۇ ئۆت قەبىلە بويىچە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ خانلىرىغا تەۋە بولۇپ تۇرۇۋەرسۇن. غالىزاڭ دورجى جوراس خانى بولۇپ تەيىنلەنسۇن؛ چېلىن دۆربېت خانى بولۇپ تەيىنلەنسۇن؛ چاگدۇر مانجى خۇشۇت خانى بولۇپ تەيىنلەنسۇن؛ بايار خۇيت خانى بولۇپ تەيىنلەنسۇن؛ خوتۇن ئېمگىن، داۋە، بورۇل قاتارلىق تەيجىلەرگە بەگلىك مەرتىۋىسى بېرىلسۇن؛ باتاي، مانجى، ئېلچىن، داشبا قاتارلىق تەيجىلەر بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق تەيجى بولۇپ تەيىنلەنسۇن؛ لوپساڭ، بايىن ساغان، چۇجاپ، ئانۇش، بىنتاش، سۇنۇم، دەنزىڭ، نورۇب قاتارلىقلارغا جاساقلىق دەرىجىسى بېرىلسۇن!...①

خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ بۇ قارارىدىن تەسىرلەنگەن كېڭەش ئەھلى:

— ھەسسنات، قۇتلۇق كەرەملىك خاقانىمىز، ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا! — دەپ ئالقىش ساداسى ياڭراتتى.

بۇ — خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان مۇلكىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى دەرھال ئوڭشاش ئۈچۈن قوللانماقچى بولغان چارە ـ تەدبىرلىرىنىڭ بىر قىسمىلا ئىدى، خالاس.

چەنلۇڭ ئىلىغا ئىككىنچى داپقۇر ئەسكەر چىقىرىش ئۈچۈن كېڭەش ئەھلىگە ھەربىي جەھەتتە بەزى زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىملىقى ھەققىدە بېشارەت بەردى. بۇ تەدبىرلەر: يۇڭ چاڭنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى ئاستانىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، گۇناھىنى سۈرۈشتە قىلىش؛ سىبلىنىنى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، دالداڭانى چېگرانى تىنچىتقۇچى

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 496 ـ جىلد، 26 ـ، 28 ـ بەتلەر. چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى.

چەيقۇل ياندا‌ش سانغۇن، زالا فېڭئانى چېگرىنى تىنجىتقۇچى ئۇلۇغ قول ياندا‌ش سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، ئىلىغا ئىككىنچى داپقۇر ئەسكەر چىقىرىش ئىشىنى كونكرېت تەشكىللەشكە مەسئۇل قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى...

* * *

مىلادى 1756 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، خاقانى چىننىڭ ئىلىغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلىرى ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ قوزغىلىپ چىقتى. غەربىي تارامدىكى قوشۇنغا سىبلىن، يوباۋلار باش بوغ بولدى؛ شىمالىي تارامدىكى قوشۇنغا خاداخا قاتارلىقلار باش بوغ بولدى. خاقانى چىننىڭ قوشۇنلىرى ئۇدۇل ئىلىغا باستۇرۇپ كېلىپ، شۇ يىلى 3 ـ ئايدا ئىلىنى ئىككىنچى داپقۇر بېسىۋالدى. ئامۇرسەنانىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىدىن تەسلىم بولغىنى تەسلىم بولۇپ، ئەسىرگە چۈشكىنى ئەسىرگە چۈشۈپ، تۇزۇك ئادىمى قالمىدى. ئاخىر ئۇ قۇدرەتلىك دۈشمەن ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ: «تەيجى نورۇب ئامۇرسەنانى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ» دەپ گەپ تارقاتتى. مانجۇ سانغۇنى يوباۋ بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدى. ئۇ تېز ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان قوشۇنغا ئۆز جايىدا توختاپ، ئامۇرسەنانىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىنىشنى بۇيرۇدى. سىبلىنمۇ ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلاپ باقماستىن، ئاستانىگە تۆھپە مەلۇم قىلىپ، ئىنئام ئېلىشقا ئالدىراپ كەتتى. ئامۇرسەنا ھىيلە ئىشلىتىپ مانجۇ قوشۇنلىرىنى ئۆز جايىدا توختاشقا مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى بىرەر قور ئوڭشىۋالدى — دە، يېقىنلىرىنى ئېلىپ، قورغاس ئارقىلىق ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن خاقانى چىن قوشۇنلىرىنىڭ ئامۇرسەنانى تۇتۇش يولىدا كۆرسەتكەن ھەممە ئەجىر ـ تۆھپىسى پۇتونلەي

شامالغا سورۇلدى. خاقانى چىن سىلىن بىلەن يۇباۋلارنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇشقا بۇيرۇپ، دالداڭانى غەربىي تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى ۋە غەربىي تارامدىكى قوشۇنلارنىڭ باش بۇغلۇق ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى. خاداخانى چېگرانى تىنچىتقۇچى چەپقول ياندىش سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، شىمالىي تارامدىكى قوشۇنلارنىڭ باش بۇغلۇق ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى ھەمدە جاۋ خۇيىنى چېگرانى تىنچىتقۇچى ئوڭ قول ياندىش سانغۇن قىلىپ تولۇقلاپ، ئۇنى ئىلىدا تۇرۇشلۇق مانجۇ قوشۇنىغا باش بۇغ قىلىپ تەيىنلىدى.

ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىش ئامۇرسەنانى يەنە بىر قېتىم ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدى. بۇ ۋەقەلەر 1756 ـ يىلى كەبىسە 9 ـ ئايدا يۈز بەرگەنىدى. قىش پەسلى كىرىپ قالاي دەپ قالغانلىقتىن، خاقانى چىن ئۆزىنىڭ ئىككى تارامدىكى قوشۇنىنى چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. مانا مۇشۇنداق بىئەپ ئەھۋالدا، خاقانى چىن چەنلۇڭ جۇڭغارىيە ئالدىنقى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى دالداڭاغا يارلىق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى...

* * *

بورتالا دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان ساغانتوڭگى ئەتراپلىرى خۇددى بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل ئىلگىرىكى يىللاردا چىڭگىزخاننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بۇ مەشھۇر دەريادا پاكار قالماق ئاتلىرىنى سۇغارغان چاغدىكىدەكلا گۈزەل ئىدى. كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان زۇمرەتتەك سۈزۈك دەريا سۈيى بىنەم يانباغىرلارنى بويلاپ يايپېشىل دەرەخلىكتىن ئاستا ئېقىپ ئۆتەتتى. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئاھالە قىرىلىپ

كەتكەنلىكتىن ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە كۆرۈنگەن يېزا ـ قىشلاقلار ئادەمسىز قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. تەپتەكشى يايلاق كۆن چىقىش تەرەپكە سوزۇلغان، بولۇتلارنىڭ ئەكسى سۇدا لەيلەپ تۇراتتى.

مىلادى 1757 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلىدا تۇرۇشلۇق مانجۇ قوشۇنلىرى چېگرانى تىنچىتقۇچى ئوڭ قول ياندىش سانغۇن جاۋخۇينىڭ قوماندانلىقىدا شەرق تەرەپكە يۈرۈش قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جوراس خانى غالزاڭ دورجى بىلەن خۇيت خانى بايارلار ئىسيان كۆتۈرۈشتى. ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا قېچىپ كەتكەن ئامۇرسەنا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال بورتالا دەرياسىنىڭ بويىدىكى ساغانتوڭگىــگە يوشۇرۇن قايتىپ كېلىپ، خاقانى چىنغا قارشى غالزاڭ دورجى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى ۋە ئۆزىنىڭ قارارگاھىنى ساغانتوڭگىگە قۇردى.

ئامۇرسەنانىڭ بارگاھى يايلاقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا تىكىلگەن بولۇپ، چېدىر ئالدىغا قادالغان ئېگىز خادىدا ئۇنىڭ قارچىغا سۈرەتلىك ئاق تۇغى لەپىلدەپ تۇراتتى. ئۇزۇن خادىنىڭ ئۇستىگە توغرىسىغا باغلاپ قويۇلغان بىر ياغاچقا بەش دانە قارا قوتاز قۇيرۇقى ئېسىلغانىدى. بۇ خىل مۇقەددەس بايراق ـ ئۇنىڭ ئېگىسىنىڭ قەدىمكى زاماندا دۇنيانــى بويسۇندۇرغان بۈيۈك ئىستىلاچى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. مۇڭغۇللارنىڭ ئۇدۇمى بويىچە، پەقەت چىڭگىزخان پۇشتىدىن بولغان خانزادىلەرلا بۇنداق مۇقەددەس تۇغ ـ ئەلەملەرنى ئېسىشقا مۇشەررەپ بولالايتتى.

ئامۇرسەنانىڭ بارگاھى كەرگىلىرى ئالاھىدە چوڭ قىلىپ ياسالغان يوغان كىگىز ئۆي ئىدى. تۆردىكى چاڭغىراقنىڭ ئاستىغا قارچىغا كەشتىلەنگەن ئىككى دانە ئاق تۇغ چەپراس قىلىــپ ئېسىلغانىدى. بۇ جۇڭغارلارنىڭ چىرىنغار، بىرىنغار بايراقلىرى ئىدى. بۇ ئىككى تۇغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئامۇرسەنانىڭ پۈتۈن

جۇڭغار قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىدىغان توققۇز جەركىلىك قوتاز قۇيرۇقىدىن قىلىنغان تۇغى ئېسىلغانىدى. كېگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان يوغان ماڭغالنى چۆرىدەپ موينى ئۆسكىلەڭ كەلگەن تۆت چاسا تۆگە تېرىسى سېلىنغانىدى.

بۇگۈن پۈتكۈل جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ خانلىرى قاتناشقان قۇرۇلتاي ئامۇرسەنانىڭ مۇشۇ كىگىز ئۆيدىن قىلىنغان بارگاھىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى.

بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، پۈتۈن قۇرۇلتاي ئەھلى ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇشۇپ، كىگىز ئۆينىڭ ئىككى قانىتىغا خىتايچە ئەجدىھا سىزىلغان ئىشىكنى ئېچىپ بارگاھنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېلىشتى.

قۇرۇلتاي ئەھلى ئارىسىدا بىر خۇشۇت قەبىلىسىنىڭ خانى بولمىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جوراس قەبىلىسىنىڭ خانى غالزاڭ دورجى، خۇيت قەبىلىسىنىڭ خانى بايار، سابىق خاقانى چىننىڭ سەركەردىسى، چېگرانى تىنچىتقۇچى چەپقول ياندىش سانغۇن چىڭغىنزاپ قاتارلىقلار بار ئىدى.

جوراس خانى بىلەن خۇيت خانى خاقانى چىننىڭ ئايماق ـ خوشۇن تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىغا بۇرۇندىن تارتىپ نارازى ئىدى. شۇڭا، ئامۇرسەنا ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن مىلادى 1756 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جوراس خانى غالزاڭ دورجى بىلەن خۇيت خانى بايارلارمۇ شەرق تەرەپتىكى ئۈرۈمچىدە ئىسيان كۆتۈرۈشتى. بۇ چاغدا ئىسسىقكۆل تەرەپكە يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان خاقانى چىننىڭ جاۋ خۇي قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلىرى ئۈرۈمچىدىكى جۇڭغارلار ئىسيانىنى باستۇرماقچى بولۇپ، كەينىگە قايتىشتى. دېمەك، ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىنىڭ بۇنداق تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىشى ئامۇرسەناغا بولغان ھەربىي جەھەتتىكى بېسىمنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

ئامۇرسەنا كەينى تېمىغا قارچىغا سۈرەتلىك ئاق تۇغ

ئېسىلغان بارگاھىنىڭ تۆر تەرىپىدە سالاپەت بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ تەخمىنەن 34 ـ 35 ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن، تەنبەل بىر يىگىت بولۇپ، ئۇچىسىغا ئېسىل خىتاي يىپىكىدىن قالماقچە تون، بېشىغا تۆت ئەن گىرۋەكلىك جۇڭغارچە قارا بەرقۇت دىڭ قالپاق كىيگەنىدى. ئۇنىڭ نەپىس ئىشلەنگەن نىقابتەك ئاق سۇزۇك چىرايى تولىمۇ مەغرۇرانە كۆرۈنەتتى. سەل ياپىلاق كەلگەن يۈزىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان پاناق بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى ئۇنىڭ قاملاشقان بەستىگە نۇقسان بولۇپ تۇراتتى. چىرايىدىكى ھەرقانداق بىر كىچىك ئۆزگىرىشمۇ تامامەن ئۇنىڭ مۇشۇ پاناق يىرىدىلا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ھېسسىياتى دولقۇنلانسا، پاناق بۇرنى جايلاشقان چىرايىدىكى رەڭ ئۆزگىرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى بىر كېڭىيىپ ـ بىر تارىيىپ، ئاجىزلىشىپ قالغان قان تومۇردەك مىدىرلايتتى ـــ دە، پۈتكۈل رەڭگى ـ روھىدا بىر خىل مەككارلىق، ۋەھشىيلىكتەك روھىي ھالەت زاھىر بولاتتى. ئەگەر كىشىلەر يەنىمۇ تەپسىلىي كۆزەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىكى بۇنداق روھىي ھالەتنى پەيدا قىلغۇچى كۈچ ئۇنىڭ جاۋغايلىرىغا ھەم كۆز چاناقلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا قىسقا ـ قىسقا، ئەمما بەك تۈز ۋە ئىنچىكە قورۇقلارنى سېلىشقا ئۈلگۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. بىراق، بۇنداق روھىي ھالەت ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدا يەنىلا ئۇنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يەتمىگۈچە زادىلا توختىمايدىغان بىر قەيسەرلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

خۇيىت خانى بايار ئالدى بىلەن ئارىلىقتىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

ـــ ئۇزاقتىن بېرى بىز ئۈمىد قىلىپ كەلگەن بۈيۈك ئۇرۇشنىڭ پەيت ـ سائىتى يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ. قەدىردان جۇڭغار خانى، تېنىنىڭ سالامەتمۇ؟ قوۋۇقنىڭ تولۇقمۇ؟ كۆڭلۈك

ئازادىمۇ؟ ئىككى بىلىكىڭدە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرامدۇ؟

— كۆك تەڭرىگە رەھمەت! — دېدى ئامۇرسەنا جاۋابەن، ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويغاندىن كېيىن، — سالامەتلىكىم ياخشى، ئىككى بىلىكىمدە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ، ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ. بوغدا خاننىڭ مېنىڭ بېشىمنى ئېلىشى ئانچە ئاسانغا چۈشمەس، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادىم جاھانگىر چىڭگىزخاننىڭ روھى يۆلەيدۇ! بوغدا خان شۇنى بىلىپ قويسۇنكى، مەنكى ئامۇرسەنا ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن بىر بالا ـ قازادۇرمەن! لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوتتۇرمەن، ئېقىپ تۇرغان دەريادۇرمەن. مۇبادا، بوغدا خان ماڭا يېقىنلاشسا يا كۆيىدۇ، يا ئاقىدۇ؛ نەتىجىدە ياكى كۈلى كۆككە سورۇلىدۇ، ياكى بولمىسا تېنى بېلىقلارغا يەم بولىدۇ.

— ھۆرمەتلىك جۇڭغار خانى ئامۇرسەنا نويانىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا، — دېدى قېرى جوراس خانى غالزاڭ دورجى ئۇچتەك ئاقارغان ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — باھادىرلىرىمىزنىڭ روھى ئۈستۈن، بوغدا خاندىن ئەنت ـ ئۆچىمىزنى ئېلىشنى كېچەيۈ ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىشماقتا. ماللىرىمىزنى ئوبدان سەمرىتىۋالدۇق. ئەلھال، موڭغۇللارنىڭ غالىب ۋە قۇدرەتلىك ئۇرۇش خۇداسى سۇلدى دەل ھازىر بېشىمىزدا ئەگىپ يۈرمەكتە، قۇدرەتلىك موڭغۇللارنىڭ زېمىنىدىن ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزانلارنى پەلەككە كۆتۈرۈشنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەكتە. بۇ قېتىم بىزنىڭ بوغدا خانغا قارشى يۈرۈشىمىز تارىختىكى تەڭداشسىز بۈيۈك ئەجدادىمىز چىڭگىزخاننىڭ يۈرۈشلىرىدەك دۇنيانى زىلزىلىگە سالغۇسى. ھازىرقىدەك بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغان ئىش بىز جۇڭغارلار ئىچىدە ئىلگىرى كۆپ كۆرۈلمىگەن!

— شۇنداق، شۇنداق، كۆپ كۆرۈلمىگەن!

قۇرۇلتاي ئەھلى گۇرۇلدىشىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاشقان بولسىمۇ بىراق «ھەر كالللىدا بىر خىيال» دېگەندەك، قۇرۇلتايدا ئۇلتۇرغانلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەنلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، بايامقى مەردانە سۆزلەرنى قىلغان قىرى جوراس خانى غالزاڭ دورجىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئوغلى نورۇب لىڭچىننى باش تەيجى قىلىش ئۈچۈن دەسلەپتە خاقانى چىن تەرەپتە تۇرۇپ، ئامۇرسەناغا قارشى چىققانىدى. نورۇب لىڭچىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ باش تەيجى بولغۇسى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خاقانى چىن جۇڭغارىيىدە ئايماق ـ خوشۇن تۈزۈمىنى كۈچەپ يولغا قويۇۋىدى، ئۇنىڭغا نارازى بولدى. چىڭغىنزاپنىڭ خاقانى چىنغا قارشى چىققانلىقىدىن ئىلھاملانغان بايارخان مانجۇ سانغۇنى جاۋ خۈينىڭ ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە لەشكەر تارتىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ قوۋمىنى باشلاپ بورتالا تەرەپكە قېچىپ كەلدى ۋە بۇ يەردە ئامۇرسەنا بىلەن ئىتتىپاق قۇردى.

— بىز ھەممىمىز بوغدا خاننىڭ نىيەت ـ ئەفھالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز، — دېدى ئامۇرسەنا قۇرۇلتايدىكىلەرنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، — ئۇنىڭ ھەرقايسىڭلارنى ئۆز ئېلىڭلارغا خان، تەيجى قىلىپ تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرگەنلىكى سىلەرنى ئالداپ قاپقانغا دەسسەتمەكچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، يولۋاسنىڭ ئاقىرىپ كۆرۈنگەن چىشلىرى تەبەسسۇم قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ! مېنىمۇ خان قىلىپ يارلىق چۈشۈرگەنغۇ؟ ئۇنىڭ ھەرقايسىمىزغا بىردىن قەبىلىنىڭ خانلىق مەرتىۋىسىنى «ئىلتىپات» قىلغانلىقى ئۇنىڭ بىزنى مەنسەپ ئاسارىتى بىلەن بەند قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ ئەڭ ئېنىق ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، مەنسەپ ئاسارىتى بىلەن بەند قىلىنغان ئادەمنىڭ باغلاپ قويۇلغان يېرىدە قاڭتۇرۇپ قويۇلغان ئاتتەك قاڭقىيىپ تۇرماقتىن باشقا ئامالى

يوق. ئادەم ئەسلىدە ھەرقانچە ھوشيار، ھەرقانچە بەقۇۋۋەت بولغان تەقدىردىمۇ قاڭتۇرۇلۇپ، بەند قىلىنىپ قويۇلغان ئاتنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغىنىدا، بىچارىلىكتىن باشقا ئامال تاپالمايدۇ. ھۆرمەتلىك خانلار، شۇنى ئېسىڭلاردا مەھكەم ساقلىغايسىلەركى، ئادەم ئۆز قەدىر - قىممىتىنى چۈشەنگەندىلا مەڭگۈ ھالاك بولمايدۇ!

— توغرا ئېيتتىڭ! يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ! — خۇيت خانى بايار جوراس خانى غالزاڭ دورجىغا لەپپىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن بوغۇق ئاۋازى بىلەن جاۋاب قايتۇردى، — يۇرۇشكە ئاتلىنىدىغان ۋاقىتتا، يانغان ئاتتەك ئىككى بېقىنىغا قاراپ ئۆزىگە دوست ئىزدەيدىغان سەركەردە مېنىڭچە ئەڭ پەس، ئەڭ رەزىل سەركەردىدۇر. قوينۇڭدىكى شېرىن دۈشمەن ئاشكارا دۈشمىنىڭدىن مىڭ باراۋەر خەتەرلىك. ئارسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان ھەرقانداق لىگىتاسما ئىتتىپاقداشلارنىڭ بىزگە قىلچىلىكمۇ پايدىسى يوق! بۇنداقلار ئالۋاستى ماڭغۇسنىڭ① دەرگاھىغا كەتكەي. كۆك تەڭرى ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنى كالتە، نېسىۋىسىنى كەم قىلسۇن، بېشىغا ئامانلىق، كۆڭلىگە خاتىرجەملىك بەرمىسۇن!

— بولدى قىل، بايارخان، — ئۇنى سۆزلەشتىن توستى ئامۇرسەنا، — كونا ھېساب - كىتابنى قىلىشمايلى. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات! ئورتاق دۈشمىنىمىز بوغدا خانىنىڭ ئالدىدا بىزگە ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىق، سېرىق مايدەك ئۇيۇشقاقلىق كېرەكتۇر! بىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، چاقماقتەك تېز ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. بوغدا خانىنىڭ لەشكەرلىرىنى رەھىم قىلماستىن قىرىپ تاشلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئۇلارمۇ بىزگە رەھىم قىلمىغان! مەن چىرىنغار

① موڭغۇل رىۋايىتىدىكى بىر ئالۋاستىنىڭ نامى.

قوشۇننى باشلاپ بوغدا خاننىڭ ئەڭ قابىل سەركەردىسى جاۋ خۇيغا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىمەن. بايارخان بىر سىنغار قوشۇننى باشلاپ جاۋ خۇينىڭ كەينىگە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئارقا سېپىگە شەبخۇن ئۇرسۇن! ئۇنىڭغا ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ھۇجۇم قوزغىساق، بوغدا خاننىڭ جۇڭغارىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بۇ ئادەمخور قوشۇنىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇغىلى بولىدۇ. سۆزۈمگە دىققەت قىلغايسىلەر، ھۇجۇمنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ باشلايمىز! شۇنداق قىلالىساقلا، بىزنى مەھكۇملۇققا سالماقچى بولغان بۇ لەنىتى مانجۇلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگىلى، ئۇلارنىڭ غولىغا كېلىشتۈرۈپ پىچاق ئۇرغىلى بولىدۇ!

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قورۇلتاي ئەھلى:

— پاھ، نېمىدېگەن ياخشى پىلان بۇ! — دەپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى...

* * *

مىلادى 1757 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مانجۇلارنىڭ جاۋ خۇي قوماندانلىقىدىكى شىمالىي تارام قوشۇنى بىلەن ئامۇرسەنا باشچىلىقىدىكى جۇڭغارلارنىڭ چېرىسىنغار قوشۇنى بورتالا دەرياسى بويىدا تۇتۇشۇپ قالدى. جەڭ دۇمبىقىنىڭ بوم سادالىرى جاۋ خۇينىڭ سېپىدىن ئاڭلىنىپ، يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سالدى. ئامۇرسەنانىڭ سېپىدىن بۇرغا ـ كانايلارنىڭ زارلىنىپ چېلىنغان بوغۇق ئاۋازلىرى ئاسمان گۈمبىزىگە ئۆرلەپ، كۆكنى چاك كەلتۈردى. دەھۇل ـ دۇمباق، بۇرغا ـ كانايلارنىڭ سادالىرى ئىچىدە مانجۇلار تەرەپتىن قارا ئايغىرغا مىنگەن بىر سەردار ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. ئامۇرسەنانىڭ سېپىدىنمۇ چىپارتورۇق ئايغىرغا مىنگەن بىر پالۋان ئېتىنى يۈگۈرتكىنىچە

باستۇرۇپ كەلدى. مانجۇ سەردارى ئات چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە قولىدىكى نەيزىسىنى جوڭغار پالۋىنىنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى، جوڭغار پالۋىنىمۇ قولىدىكى بۆرە چىشلىق ئۇمۇتى بىلەن ئۇنىڭ نەيزىسىنى رەت قىلىپ، مانجۇ سەردارىنىڭ بېشىغا ئۇمۇت بىلەن قايتۇرۇپ ئۇردى. ھېلىقى مانجۇ سەردارمۇ ئۇنى رەت قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش قىرىق ـ ئەللىك داپقۇر تەكرارلاندى. ئاخىر ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىرى كاردىن چىقىپ، ئۆزلىرى ھالىدىن كېتىشتى. بۇ چاغدا جاۋخۇي تەبىل چالدۇرۇپ، مانجۇ سەردارىنى ئۆز سېپىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئامۇرسەنامۇ تەبىل چالدۇرۇپ ھېلىقى جوڭغار پالۋىنىنى ئۆزىنىڭ سېپىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

چىڭقى چۈش مەھەلدە جاۋ خۇي ئۇستىگە ئېغىر قوياق ساۋۇت كىيىپ جەڭگاھقا كىردى ۋە قارشى تەرەپتىن ئامۇرسەنانىڭمۇ جەڭگاھقا چۈشۈپ ئۆزى بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

— ئەي ئاسىي ئامۇرسەنا، — دەپ قولىدىكى گۇرزىسى بىلەن ھەمىلە قىلدى مانجۇ سانغۇنى جاۋ خۇي، — بوغدا خان ساڭا نېمە يامانلىق قىلدى، بۇنداق قايتا ـ قايتا ئىسيان كۆتۈرگۈدەك؟! — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ، قولىدىكى گۇرزىسىنى ئامۇرسەنانىڭ بېشىغا ئۇرماق بولۇپ ئېگىز كۆتۈردى. بۇ چاغدا ئامۇرسەنامۇ:

— سەن مېنىڭ كاللامنى ئالماق شۇنچە ئاسان، دەپ ئويلىۋىدىڭمۇ؟ — دېگىنىچە بېشىغا تەگمەكچى بولۇپ كېلىۋاتقان گۇرزىنى قولىدىكى بۆرە چىشلىق ئۇمۇتى بىلەن رەت قىلىپ تاشلىدى — دە، قايتۇرۇپ شۇنداق غەزەپ بىلەن بىر قويۇۋىدى، كىشىلەر كۆردىكى، گۇرزە بىلەن ئۇمۇت ئارىسىدىن يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقماق ـ چاقماق ئوت چىقىپ، سوقۇلغان زەربە ساداسى ئاسمانغا ئۆرلىدى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئوتتۇز داپقۇر

گۆرزبازلىق ۋە ئۆمۈتبازلىق قىلىشقاندىن كېيىن قوللىرىنى شەمشەرگە ئۇزىتىپ، تاكى شەمشەرلىرى پارە ـ پارە بولغىچىلىك ئېلىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ بىرىگە سالما تاشلاشتى. مانجۇ سانغۇنى جاۋ خۇي ئۇستىلىق بىلەن سالما تاشلاپ، ئامۇرسەنانىڭ بېشىنى سالما بىلەن باغلىۋالدى. ئامۇرسەنا ئېتىنى بىر سەكرىتىپلا قاتتىق بىر زور قىلىۋىدى، ئاتنىڭ كۈچىدىن بېشىغا كىيىلىپ قالغان سالما «تارس!» قىلىپ پارە ـ پارە بولۇپ ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئاخىر ئۇ ھەر ئىككىسى ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، خۇددى غالجىرلاشقان ئىككى قاپلانغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە پەنج قويۇشۇپ، كۈچ سىناشتى. ھېلى جاۋ خۇي ئامۇرسەنانى ئۇن قەدەم قوغلاپ كەلسە، ھېلى ئامۇرسەنا جاۋ خۇينى ئۇن قەدەم كەينىگە چېكىندۈرەتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سېپى ئارىسىدىن دەھشەتلىك پەرياد كۆتۈرۈلدى.

ئۇ ئىككىسى ئېلىشا ـ ئېلىشا، ھېچكىممۇ ھېچكىمنى يېڭەلمىدى. ئاخىر ئاتلىرىغا مىنىشىپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ جەڭگاھنى قاپ ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. مانجۇلار سېپىدىن يەنە بىر سەردار ئات سالغىنىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى.

— مەن سېنىڭ بوش ئادەم ئەمەسلىكىڭنى سەن جەڭگە كىرگەن چېغىڭدىلا بىلىپ بولغان، — دېدى ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان جاۋ خۇي سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇڭلاشقا گۆرزەم بىلەن بېشىڭغا ئۇرمىغىنىمنىڭ سەۋەبى، مەنمۇ بىر چاغلاردا ساڭا ئوخشاش نەۋقىران، كۈچلۈك باھادىر ئىدىم. سېنى تەسلىم بولارمىكىن دەپ، بىكاردىن ـ بىكارغا نابۇت قىلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيماي رىئايە قىلغانىدىم. قارىغاندا، ھالىڭغا باقماي، جاھاندا مەندىن نوچى ئادەم يوق، دەيدىغان ئوخشايسەن. «قازان تاشسا، سۇ قوي» دەپتىكەن. ئۇنداق بولسا مېنىڭدىن خاپا بولما جۇمۇ! — دېگىنىچە يېنىدىن زەنجىر خىشنى قولىغا ئېلىپ

كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئامۇرسەناغا شۇنداق ئاتقانىدى، چاقماق تېزلىكىدە لىپ قىلىپ ئۆزىنى چەتكە ئالغان ئامۇرسەناغا تەگمەي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى مانجۇ سەردارىنىڭ بېشىغا تەگدى.

ئامۇرسەنا پاراكەندە قىلماستىن، ئۇنى داۋاملىق قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماسلىقىغا كۆزى يەتكەن مانجۇ سانغۇنى چاۋ خۇي نائىلاج ئېتىنىڭ بېشىنى دەريا تەرەپكە بۇردى — دە، دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئۇ قاتتىقى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىغا قېچىپ كەتتى...

سەركەردىسىنىڭ يېڭىلىپ قېلىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قارا چېرىكلەر دەرھال دۇمباقلىرىنى، تۇغ — سۇتۇقلىرىنى تاشلىشىپ، قورال — ياراغلىرىنى سۆرەشكىنىچە قاچقىلى تۇردى. شۇنداق قىلىپ، مانجۇلار بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ دەھشەتلىك جەڭدىكى بىرىنچى داپقۇر ئېلىشىش مانجۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى...

نەزمە

بۇ قانداق ئوت ئىكى، قېنىمدا يانار،<br>
تومۇردا گوياكى ماگمىدەك ئاقار.<br>
تېۋىپ تۇتماقچى بولسا تومۇرۇمنى،<br>
چوقۇم بارمىقىنى چاۋۇرتۇپ ئالار.

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# ئالتىنچى باب

## قانغا بويالغان زەرەپشان

«قارا نىيەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا قارا بەختى بولىدۇ.»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

**مىلادى** 1757 ـ يىلى (كالا يىلى) 1 ـ ئاينىڭ

باشلىرى. زەرەپشان بويىغا تۇمشۇقسا راي[1] دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر يېزا جايلاشقان. ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان زەرەپشان دەرياسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەگىپ جەنۇبقا قاراپ ئاقاتتى. بۇ يىل زەرەپشان ۋادىسىدا قىش كېچىكىپ كىردى. تۈنەك كېچىسى ياغقان يوپقا قار ئەتىسىلا ئېرىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈن ئۇدا چىققان غەربىي جەنۇب شامىلىدا ھاۋا خۇپلا ئىللىپ، دالىنى ئەتىياز مەنزىرىسى قاپلىدى. زەرەپشان دەرياسىنىڭ چەت ـ ياقىلىرىنى قار ئارىلاش چۆرۈك مۇز تۇتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەريانىڭ قىنى ئومۇمىيۈزلۈك مۇزلىمىغانىدى. دەريادا كۆپۈكلىنىپ ئېقىۋاتقان ئاق لاي سۇ قىرغاققا شالاقلاپ ئۇرۇلۇپ، ۋەھىمىلىك

① يەكەننىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر يېزىنىڭ نامى.

قاينام هاسىل قىلاتتى. هاۋا شۇ ئىللىغانچە رامزاننىڭ 16 ـ كۈنىگىچە بىر خىل تۇردى. ئەتىسى بىردىنلا هاۋا بۇزۇلۇپ تۇتۇلۇپ كەتتى — دە، لەپىلدەپ قار چۈشۈپ ئارقىدىن قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتتى. بۇ سوغۇقتا زەرەپشان غاچچىدە توڭلاپ، سۇنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت نېپىز مۇز قاپلاپ كەتتى. سوغۇق كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيمەكتە ئىدى. يول بويىغا سىلىنغان كۆلبە ئۆيلەرنىڭ پاكار ـ پاكار تۇرخۇنلىرىدىن يۆرقىراپ چىقىۋاتقان تېزەك تۈتۈنلىرى يېزىنىڭ ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرەتتى. يول ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان توڭ تېزەكلەرنىڭ ئەتراپىدا قارا قاغىلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ هىلى قونۇپ، هىلى ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى. يېزىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن بۇ يول كاچۇگىغا[1] تۇتىشاتتى. بۇ يول زەرەپشان دەرياسىدىكى قەدىمكى كېچىك كاچۇگىنىڭ كۆنۈپتىش تەرىپىگە جايلاشقان چوڭ تۆپىلىكتىن پەسكە چۈشكەن يەردە ئىدى.

بۈگۈن رامزاننىڭ ئوتتۇزى بولۇپ، هارپا كۈنى ئىدى. كېچىدىن تارتىپ يېغىۋاتقان قار توختىغان، ئاسمان سۈزۈلۈپ تىنىق غۇبارسىز هالەتكە كىرگەنىدى. غەربىي شىمال تەرەپتىن چىقىۋاتقان سوغۇق ئىزغىرىن شامال ئۈششاق قار ئۇچقۇنلىرىنى غۇيۇلدىتىپ ئۇچۇرۇپ كەڭ دالانىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا سۈرۈپ قوغلايتتى. دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە پوپۇكتەك ئېسىلىپ تۇرغان قىرو شامالدا هەر تەۋرەنگەندە يەرگە چېچىلىپ چۈشەتتى ۋە قۇياش نۇرىدا هەسەن ـ هۈسەندەك رەڭگارەڭ تۇستە ئاجايىپ تاۋلىنىپ، ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتاتتى.

تۆپىلىكنىڭ چېتىدىكى كېچىك تەرەپتىن ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ نازارىتىدە بىر توپ ئەسىرلەر چىقىپ كېلىشتى. بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا نەۋ جۇۋان ئەرلەر، نەۋنەرۋش ئايالالار،

---

① يەكەننىڭ غەربىي ـ جەنۇبىغا جايلاشقان بىر يېزىنىڭ نامى.

چىچى ئاقارغان قىرىلار، ھەتتا مەسۇم بالىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار يالىڭاياغ ئىدى. پۇتلىرىدىكى ئۆتۈك ـ باشماقلىرى مەجبۇرى سالدۇرۇۋېلىنغان بولۇپ، كولتۇك قارنى كېچىپ يالىڭاياغ كېلىۋاتقانىدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى توڭلاپ، سوغۇقنى ئاللىقاچان سەزمەس بولۇپ قېلىشقانىدى. ئەسىرلەرنىڭ قەدىمىنى سەللا ئاستىلاپ قالسا، ئاتلىق چېرىكلەر قولىدىكى قامچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىرىغا رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇپ، ئۇلارنى ئىتتىك مېڭىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

ئەسىرلەر ئارىسىدا سەندىرەكلەپ ئاران مېڭىپ كېتىۋاتقان نىمجان ياش بىر ئايالنى ئىككى دىدەك قولتۇقىدىن يۆلىۋالغانىدى. ئۇلار ھېلىقى نىمجان ئايالنىڭ بېشىغا تېگىۋاتقان قامچىنىڭ شىۋىرغاندەك ئاچچىق ئازابىغا ئۆزلىرىنىڭ يېرىم يالىڭاچ گەۋدىسىنى تۇتۇپ بېرىپ ئۇنى يۆلەپ ئېلىپ كېتىۋاتقانىدى.

كۆن پېشىنىدىن قايرىلغاندا، بۇ ئەسىرلەر ئاران تۇمشۇقساراينىڭ چېتىدىكى بوككىدە ئۆسكەن قاغا جىگدىلىكنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ چاغدا ھېلىقى نىمجان ياش ئايال تۇيۇقسىزدىن قورسىقىنى تۇتۇپ، «ۋاي» دېگىنىچە كولتۇك قارنىڭ ئۈستىگىلا ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ تولغىقى تۇتۇپ قالغانىدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا ھېلىدىن ـ ھېلىغا تۇتۇپ كېتىۋاتقان ئاچچىق تولغاقنىڭ ئازابىدا تولغىنىپ، تولغىنىپ كېتىۋاتقانىدى.

— ھەزرىتىم! — دەپ توۋلىدى ھېلىقى دىدەكلەرنىڭ بىرى.

ئەسىرلەرنىڭ باش تەرىپىدە يارىدار پۇتىنى سۆرەپ ئاسقاقلاپ ئاران مېڭىپ كېتىۋاتقان جاھان خوجا ئەرشى ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى.

— شەرىپە ئاغىچا خېنىم بولالمايۋاتىدۇ! ۋاي تېز بولسىلا،

خېنىم تەۋەللۇت ئۇستىدە! — دېدى ھېلىقى دېدەك تولغاق ئازابىدا تولغىنىپ قارنىنى ئۇستىدە ئولتۇرۇپ قالغان شەرىپە ئاغىچىنى يۆلەپ تۇرۇپ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن جاھان خوجا ئەرشى ھولۇقۇپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما، دەرھال ئۆزىنــى تۇتۇۋالدى، ئاندىن دەرھال ئاتلىق چېرىكلەر سىپىنىڭ باش تەرىپىدە كېتىۋاتقان بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— توختا! — دەپ قولىدىكى قامچىسىنى كۆتۈردى بىر ئاتلىق چېرىك ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ، — نەگە بارىسەن؟ قايت ئورنۇڭغا!

— رەھىم قىلىڭلار، سەردارىڭلارغا بېرىپ ئېيتىــڭلار، ئاغىچام يول ئۇستىدە تەۋەللۇت قىلىپ قالدى. رەھىم ـ شەپقەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ بىــرئاز توختاشقا رۇخسەت قىــلغان بولساڭلار! — دەپ يالۋۇردى جاھان خوجا ئىككى قولى بىلەن يامغۇردەك تېگىۋاتقان قامچىدىن بېشىنى ھىمايە قىلىپ تۇرۇپ.

ئەسىرلەر پاتپاراق بولۇشۇپ كېتىشتى. ئالدى تەرەپتىن بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي لەنىتى قارا مۇسۇلمان ئازمىلار، جىنىــڭدىن تويۇپتۇڭمۇ؟ قېنى سەنوي، تۇلۇنتاي، نۆۋكەرلىرىڭ نىمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ؟ تېز بولۇشمامسەن؟ غەلىيانىنى تىنچىتماي نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ قوللىرىڭدىكى نېمە؟ ئۇر! چاپ! ئۆلتۈر!

مۇشۇ پاتپاراقچىلىقتا مانجۇ سەركەردىســى تولۇنتاي ئات سېلىپ يېتىپ كەلدى.

— ھە، نېمە ئىش، بۇ يەردە نېمىشقا تەرتىپ يوق؟! — دەپ سورىدى ئۇ بۇرھانىدىن خوجىدىن.

ئىسسىق سۆسەر جۇۋىغا قېلىن ئورىلىۋالغان بۇرھانىدىن خوجا جۇۋىنىڭ ياقىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئەتراپقا قارىدى.

— مەلۇم بولغايكى، جانابى سەركەردەم، — دەپ مەلۇم قىلدى بىر نۆۋكەر، — غەلىياننىڭ ماۋۇ گەدەنكەش چەنتۇ كۆتۈرۈپتىكەن، ئالدىلىرىغا ھەيدەپ كەلدىم.
ئۇ قولىدىكى قامچىسى بىلەن جاھان خوجا ئەرشىنىڭ بىشىغا قاتتىق بىرنى ئۇردى. قامچىنىڭ ئازابىغا چىدىيالماي تولغىنىپ كىتىۋاتقان جاھان خوجا ئەرشى دەرھال ئۇنىڭ ئىتىنىڭ تىزگىنىگە ئىسىلدى.
— تارت قولۇڭنى — دەپ بۇرھانىدىن خوجا قىلىچىنى شارتتىدە قىنىدىن سۇغاردى — دە، ئۇنىڭ بوغۇزىغا تەڭلىدى، — ھوي ئىسھاقىيچى مۇرتەد، ئۆلگۈڭ كىلىپ كەتتىمۇ؟ ئالدىرىمىساڭمۇ مەن مۇرادىڭغا يەتكۈزەر ئىدىم! ھى، ھى! . . . — بۇرھانىدىن خوجا سوغۇق كۈلدى.
— ئى خوجىزادەم، رەھىم قىلغىن — چۇ! ئاغىچا ئايلاڭنىڭ جىنى بەك قاقشاپ كىتىۋاتىدۇ. ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مەزلۇملارغا ئۇنداق زۇلۇم سالما! بولمىسا، ئۇۋالىغا قالىسەن!
— دىدى جاھان خوجا يىغلاپ تۇرۇپ. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ئالدىدا تۇنجى قېتىم ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يىغلىشى ئىدى، — سىنىڭ بىلەن مەن ئىمىلا بولسۇن بىر مەخدۇم ئەزەمنىڭ پۇشتلىرىدىنغۇ بىز؟
— ئەمما، سىنىڭ بىلەن مەن بىر يولدىكى ھەمراھلاردىن ئەمەسمىز!
— سەردار، خاقانى چىنىنىڭ مىھىر - شەپقىتىنى بۇ گەدەنكەشكە بىلدۈرۈپ قويۇش تەگرى لەشكەرلىرىنىڭ بۇرچى، — دىدى تولۇنتاي بۇرھانىدىن خوجىنى سۆزىدىن توسۇپ، — بۇ خائىننى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇڭلار، ئۇ بوشىنىۋالغىچە ئەسىرلەرنى ھەيدەپ ئاۋۇ دەرەخلىككە ئاپىرىپ ساقلاپ تۇرۇڭلار!
— بوپتۇ، — دىدى بۇرھانىدىن خوجا سەل يۇمشاپ، —

خاقانى چىنىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى خەلقى ئالەمگە پۇر كەتسۇن! — ئاندىن تولۇنتايغا قاراپ:

— ئەسىرلەرنى ئاۋۇ جىگدىلىككە ئېلىپ بېرىپ جاھان خوجا باشلىق ماۋۇ ئون ئالتە ئادەمنىڭ ھەربىرسىنى بىردىن جىگدىگە ماتاپ مىدىرىيالماس قىلىپ باغلاپ قويۇڭلار. بۇ ئىسھاقىيچى مۇرتەدلەردىن ئومۇمىي ھېساب ئالىدىغان پەيت كەلدى! بۇنىڭدىن كېيىن خاقانىي چىنىنىڭ تەڭرى قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بۇ مۇرتەدلەر ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلادقىچە ئېسىدىن چىقارمايدىغان بولسۇن! — دېدى ۋە تولۇنتايغا بىرنېمىلەرنى دەپ مانجۇچە كالدىرلاپ بىر ھازاغىچە سۆزلەپ چۈشەندۈردى.

ئاتلىق چېرىكلەر تولغاق يەۋاتقان شەرپە ئاغىچا بىلەن ئۇنىڭ ئىككى دېدىكىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان ئەسىرلەرنى ھەيدەپ جىگدىلىككە يېتىپ كېلىشتى ۋە بۇرھانىدىن خوجىنىڭ پەرمانى بويىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جاھان خوجا ئەرشى باشلىق ئون ئالتە ئادەمنى ھەربىرىنى بىردىن جىگدىگە چەمبەرچەس قىلىپ مەھكەم باغلىۋەتتى.

— ئىڭە! — قارلىق دالىدا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ياڭرىدى. پاك زېمىن قاردىن ئايپاق داستىخان سېلىپ، بۇ رەزىل دۇنياغا مانا مۇشۇنداق تىنچسىز دەقىقىلەرنى تاللاپ كەلگەن يېڭى مېھماننى كەڭ قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالدى. قار ئۈستىدە ھالىدىن كېتىپ ياتقان بىچارە ئانا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كىندىكىنى جانسىز چىشلىرى بىلەن چىشلەپ ئۈزدى — دە، تېزلىك بىلەن ئۇنى كۆڭلىكىنىڭ ئىتىكىگە ئوراپ زاكىلىغاندىن كېيىن ئوغۇز سۈتى تولۇپ چىڭقىلىپ كەتكەن كۆكسىنىڭ توپچىسىنى يورۇق جاھانغا ۋاقىتسىز كەلگەن بۇ يېڭى جاننىڭ كىچىككىنە ئاغزىغا سالدى. بۇ كىچىك جان ئۇزاقتىن بېرى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەمدەك ئالدىراپ ئەمگەنلىكتىن ئانىسىنىڭ قويۇق كۆك سۈتى ئۆپكىسىگە كېتىپ قاقىلىپ كېتىپ،

چىڭقىلىپ يىغلاپ سالدى. ئانا بوۋىقىنىڭ تەنتەكلىكىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى:
— نېمىگە ئۇنداق ئالدىرايدىغاندۇ؟! ئاپئاق قوزام؟! — دەپ جىمىلدى بوۋىقىنىڭ پېشانىسىگە ئاستا نوقۇپ.
شەرىپە ئاغىچا بوۋىقىنى ئەمدىلەتىن تۇنجى داپقۇر ئەمدۈرۈپ بولۇشىغا، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ سوپىلىرى يۈگۈرۈشۈپ كەلدى — دە، ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بوۋىقىنى تارتىۋالغانچە بىر چەتكە - قارنىڭ ئۈستىگىلا تولۇق تېزەكنى دومىلاتقاندەك دومىلىتىۋەتتى. دالىدا بوۋاقنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ياڭرىدى.
بۇ ۋەھشىيلىكنى كۆرۈپ ئانا دەسلەپتە ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدى كېيىن بىردىنلا:
— ۋاي بالام، مېنىڭ بالام! بالامنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار! — دەپ زار - زار قاقشاپ يىغلىغىنىچە ھوشىدىن كەتتى.
جاللات سوپىلار شەرىپە ئاغىچىنىڭ ئۈستىدىكى پاختىلىق نىمچىسىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇنى نېپىز ئىچ كۆڭلىكى بىلەن قالدۇرۇپ قويۇشقاندىن كېيىن بۇ گۈزەل چوكاننى سۆرەشكىنىچە ئاپىرىپ ئېرى جاھان خوجا ئەرشىنىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ جىگدىگە ماتاپ باغلىۋەتتى.
ئانىنىڭ كۆكسىدە ئوغۇز سۈتى، كۆڭلىدە ھەسرەت تېشىپ تۇراتتى. ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىگە زادىلا قانمىغان ھېلىقى بىچارە نىمجان بوۋاق قىرقىراپ - قىرقىراپ يىغلاۋېرىپ ئۇنى بارا - بارا پەسلەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا بىر توپ قاغىلار بوۋاقنىڭ ئۈستىدە ئەگىشىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى.
— ئى ئىسھاقىيچى مۇرتەد! — دەپ ۋارقىرىدى بۇرھانىدىن خوجا ئۇنىڭغا - ئىمانىڭنى يېگىلىساڭلا، بوۋىقىڭنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قولۇڭغا قايتۇرۇپ بېرىمەن!

— ئى جاللات، — دېدى شەرىپە ئاغىچا قەيسەرلىك بىلەن، — مەن ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن! مەن ئىمانىمنى يېڭىلايدىغان سەندەك ئىمانسىز داستارلاردىن بولمىسام! نېمشقا ئىمانىمدىن ۋاز كەچكۈدەكمەن؟!
— ئىسھاقىيچى مۇرتەدلەر نا مۇسۇلماندۇر!
— تىلىڭنى يىغ! مۇسۇلماننى مۇرتەد دەپ، كاپىر بولىسەن ھېلى! — دېدى سىدىق خوجا پۈتۈھى ئۇنى غەزەپ بىلەن سۆكۈپ.
بەزى مانجۇ سەركەردىلىرى بۇ ۋەھشىيلىكتە چىداپ تۇرالماي ئاستا ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ تۆپىلىكتىن پەسكە قاراپ چۈشۈپ كېتىشتى.
— ئەي خوجىزادە، — دەپ قاقشاپ يالۋۇردى جاھان خوجا ئەرشى بۇ پاجىئەگە زادىلا چىداپ تۇرالماي، — بىگۇناھ بوۋاقنىڭ قېنىدىن كەچسەڭ نە بولغاي؟ مال ـ دۇنيا دېسەڭ ئەنە تۇرۇپتۇ. خالىغىنىڭچە ئال، تامامى جاھان ئۇنىڭ ھېسابىدىن ئاجىزدۇر. ھەممىسىنى ئال، يېگى تەۋەللۇتلۇق ئانا بىلەن يورۇق دۇنياغا تېخى باياتىن كۆز ئاچقان ئاشۇ گۇناھسىز نىمجان بوۋاققا رەھىم قىل. بولمىسا، توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدۇ!
— سېنى ۋە سېنىڭ جەددى ـ جەمەت، ئۇرۇق ـ پۈشتۈڭنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلماق تەرىقىسى، — دېدى بۇرھاندىن خوجا چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، — ئەجدادىمنىڭ قىساسىدىن قول تارتماق بىلەن باراۋەردۇر!
بۇ چاغدا، قاغىلارنىڭ «قاق! قاق!» قىلىشقان ۋەھىمىلىك ئاۋازلىرى پۈتۈن دالانى قاپلاپ كەتتى. كىشىلەر، ياق، ئازراق ئادەمىيلىكى بولغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ۋەھشىيەتنى كۆرۈپ قېتىپ قېلىشتى.
بىر توپ قاغىلار ئاسماندىن ھېلىقى تاشلاندۇق بوۋاقنىڭ ئۈستىگە ئېتىلىپ چۈشۈپ، ھەممىدىن ئاۋۋال مۇزلاپ قېتىپ

قالغان بىچارە بوۋاقنىڭ كۆزلىرىنى، ئىڭەك - بۇرۇنلىرىنى، قۇلاقلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا گۆشلىرىنى، ئاندىن پۈتۈن ئىچ - باغرىنى چوقۇلاپ يەپ بىر دەمدىلا قاق ئۇستىخانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى! بۇ رەزىل دۇنياغا مانا مۇشۇنداق تىنچسىز دەقىقىلەرنى تاللاپ چۈشكەن بۇ بوۋاق ھېچقانداق لەززەتنى سۈرمەستىن يەنە شۇنداق كېتىپ قالدى.

— ئىۋارا خۇدايا، ئەھەدا، سەمەدا، ھەييا قەييۇما![1] كۆردۇڭمۇ بۇ ۋەھشىيەتنى؟! ئى بۇرھانىدىن دېگەن ئىتنىڭ بالىسى! — دەپ غەزەپ بىلەن نىدا قىلدى جاھان خوجا ئەرشى يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ، ئۇ ھەر يۇلقۇنغاندا پۈتۈن جىگدە قاتتىق سىلكىنەتتى، — بەس، خۇدانىڭ بەندىلىرىگە شۇ قەدەر سىتەم قىلغىنىنىڭ قايسى مەزھەپتە راۋادۇر؟! بوۋاقتا نەگۇناھ؟ ئۇشبۇ يامانلىقنىڭ بىلەن سېنى مۇسۇلمان بىلمەك قانداقسىگە راۋا بولسۇن؟!

ئۇ پىغانلىق نىدا قىلىۋېتىپ ھوشىدىن كەتتى.

يەنە بىر تۈپ قاغا جىگدىسىگە باغلىۋېتىلگەن سىدىق خوجا پۈتۈھى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەگە زادىلا چىداپ تۇرالمىدى:

— ئى پاك پەرۋەردىگارا، ئەھەدا، سەمەدا، مەلەكا پادىشاھ كىردىگارا، كۆرۈۋاتامسەن؟! ئۆزۈڭ ياراتقان بەندىلىرىڭ يەنە ئۆزۈڭ ياراتقان بەندىلىرىڭگە ئاسمان يىقىلىپ، يەر يېرىلغۇدەك شۇنچە ئېغىر زۇلۇم - ئوقۇبەت كەلتۈرۈۋاتسا، يەنە تاقەت قىلىپ تۇرامسەن؟! ئى كۆزى كور خۇدا، كۆردۇڭمۇ بۇ ۋەھشىيلىكنى؟! ئى تاش يۈرەك بۇرھانىدىن، يىگىت بولساڭ، قېنى مەن بىلەن مەيداندا يەكمۇ يەك ئېلىشىپ باقامسەن؟!

قالغان ئەسىرلەرمۇ سىدىق خوجا پۈتۈھى بىلەن تەڭ

[1] «ئەي يەككە - يېگانە، ھاجەتسىز، مەڭگۈ تىرىك ئاللا...»

ۋارقىراشتى. بۇرھاندىن خوجا ھولۇقۇپ قالدى ـ دە:

— ھازىر كۆرسەن، تىلىنى يىغمىغاننىڭ جاجىسىنىڭ قانداق بېرىلىدىغانلىقىنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويىمىز! — دەپ دوق قىلغىنىچە سوپىلىرىغا:

— قېنى باشلاڭلار!، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

جاللات سوپىلار جىگدىلىكتە تۇرغان ئەسىرلەرنى بىردىن بىردىن يېشىپ، كولتۇك قارغا ياتقۇزۇشتى — دە، بەزىلىرىنىڭ تىلىنى سوغۇرۇپ، بەزىلىرىنىڭ قۇلاقلىرىنى ئۈزۈپ، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇپ، بەزىلىرىنىڭ پەيلىرىنى كېسىپ ۋە بەزىلىرىنى بولسا ئاختا قىلىپ چىپىپ تاشلىدى. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئاغزىدىن ياغ قۇيۇپ، پىلىك سېلىپ، چىراغ قىلىپ ياقتى. تولۇق بىر كۈن داۋام قىلغان بۇ ۋەھشىيلىك ئىچىدە بۇرھاندىن خوجىنىڭ سوپىلىرى جاھان خوجا ئەرشى ۋە سىدىق خوجا باشلىق ئون يەتتە كىشىدىن باشقا ئىككى يۈز ئەللىك كىشىنى مۇشۇنداق ئادەم قېلىپىدىن چىققان ياۋۇزلۇق بىلەن قىيناپ كېرەكسىز تەنگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى①. زېمىندىكى ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ۋەھشىيلىككە چىدىماي تۇرالمىغان قۇياشمۇ ئاخىر غەربتىكى ئېگىز قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ كەينىگە ئۆزىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

بۇرھاندىن خوجا جاللاتلىرىغا پەرمان بېرىپ، كېرەكسىز تەن قىلىپ تاشلانغان بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن جاھان خوجا ئەرشى، سىدىق خوجا پۇتۇھى ۋە شەرىپە ئاغىچا خېنىم باشلىق ئون يەتتە كىشىنى بىردىن كۆشۈك ھارۋىغا سېلىپ يەكەن شەھىرىگە قايتىپ كېلىشتى...

① بۇ تەپسىلاتلار ئۈچۈن «تارىخي نادىرىيە» (قولىيازما) دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

* * *

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سىز بۇ سەھىپىلەرنى ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا بەلكىم كۆزلىرىڭىزگە ئىشەنمەي قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، بۇ ۋەقەلەر ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن! بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن گەپنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مىلادى 1755 ـ يىلى كۈزدە، بۇرھانىدىن خوجا جاھان خوجا ئەرشىنىڭ ئەلچىلىرىدىن توختى ئىشان، نىياز بەگ ئىشان، بەھرەم بەگ ئىشان قاتارلىقلارنى مەنسەپ ۋەدىسى بىلەن سېتىۋېلىپ، ئۈچتۇرپان قورغىنىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن جاھان خوجا ئەرشى بىر قىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ ئۈچتۇرپاندىن قەشقەرغىچە چېكىنىپ كەتتى. بۇرھانىدىن خوجا باشلاپ كەلگەن مانجۇ قوشۇنلىرى شۇ يىلى قىشتا ئاقسۇنى بېسىۋالدى. مىلادى 1756 ـ يىلى ئەتىيازدا قەشقەرنى يۈسۈپ خوجىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇلار جاھان خوجىنىڭ ئوغلى سىدىق خوجا پۈتۈھىنىڭ قىرغىز، قىپچاق قاتارلىق قىر خەلقىدىن تەشكىللىگەن بەش مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ ئەمما سىدىق خوجا پۈتۈھىنىڭ قوشۇنلىرى يەنىلا قەشقەردە توپلاڭ كۆتۈرگەن ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجا ـ ئىشانلار بىلەن بۇرھانىدىن خوجا باشلاپ كەلگەن مانجۇ ـ موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدىن قىلغان ھۇجۇمىغا تەڭلا ئۇچراپ تېزلا بىتچىت قىلىپ تاشلاندى. ئاخىر سىدىق خوجا پۈتۈھى نائىلاج ئىككى يۈزدەك ئادىمى بىلەن يەكەنگە چېكىندى. . .

مىلادى 1756 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، بۇرھانىدىن خوجا بىلەن تولۇنتاينىڭ قوماندانلىقىدىكى مانجۇ ـ موڭغۇل قوشۇنلىرى يەكەننى قاتمۇ ـ قات قورشىۋالدى. مانجۇلار يەكەننىڭ بەش دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئېگىز شەببە قاداپ، شەھەر

ئېچىگە خودەن[1] ئېتىپ، نۇرغۇن ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلدى. قامال قىلىنغان يەكەن شەھىرىدىكى ئاھالە ئاچارچىلىق، ئۇرۇش خارابچىلىقى ئىچىدە جان تالاشتى. سىرتتىن كېلىدىغان ياردەم يوق ئېغىر ئەھۋالدا قالغان جاھان خوجا ئەرشى ئۆزلىرىنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن، خەلقنى ئۇرۇش ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مىلادى 1756 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يەنى رامزاننىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى قەدرى كېچىسى ئوغلى سىدىق خوجا پۈتۈھى بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئېغىر بوي ئايالى شەرىپە ئاغىچا باشلىق ھەممە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەر دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ چىقىپ، مانجۇلارنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتتى — دە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى قوغداپ، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىكى چىپان، قوشراپ تاغلىق رايونىغا قاراپ چېكىندى.

مانجۇلار مۇداپىئەسىز قالغان يەكەن شەھىرىنى تېزلا بېسىۋېلىشتى ۋە ئارقىدىنلا شەھەردە ئۈچ كۈن قەتلىئام يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملەرنى قىرىپ تاشلىدى.

مانجۇ قوماندانلىقى جاھان خوجا ئەرشىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن مانجۇ قوشۇنلىرىنى ئىككى تارامغا بۆلۈشنى قارار قىلدى. تولۇنتاي باشچىلىقىدىكى بەش يۈز كىشىلىك مانجۇ ـ موڭغۇل قوشۇنى غەربىي جەنۇبتىكى قارا يانتاق دېگەن يەردە زەرەپشان دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جاھان خوجا ئەرشى قوشۇنىنىڭ چىپان، قوشراپ تەرەپلەرگە چېكىنىدىغان يولىنى توسماقچى بولدى؛ بۇرھانىدىن خوجا بولسا «ئىسھاقىيىچى مۇرتەد» لەرنى جازالاشنى شەخسەن ئۆزى بىۋاسىتە زىممىسىگە ئېلىپ بەش مىڭ كىشىلىك خىل ئاتلىق چېرىكنى باشلاپ تۇمشۇق ساراي ئارقىلىق جاھان خوجا ئەرشىنىڭ كەينىدىن قوغلايدىغان

---

[1] خودەن ـ ئىچىگە كۆيدۈرگۈچ دورا قاچىلانغان قوتا.

بولدى. . .
مىلادى 1756 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يەكەن شەھىرىدىن چىكىنىپ چىققان جاھان خوجا ئەرشى بىلەن ئوغلى سىدىق خوجا پۈتۈن باشلاپ ماڭغان بۇ قوشۇن زەرەپشان دەرياسىنىڭ كاچۇڭ كېچىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. . .

*　　　*　　　*

قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان زەرەپشان دەرياسى كاچۇڭ ئەتراپلىرىغا كەلگەندە كامان شەكلىدە ئېگىلىپ سولغا بۇرۇلۇپ يېزىنى ئەگىپ ئۆتەتتى. بۇ ئەگمە دەريا يۈزى كەڭ، سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان بولغاچقا، چىپان، قوشراپ ئارقىلىق بەدەخشانغا ئۆتىدىغان قەدىمكى كارۋان يولىدىكى كاچۇڭ كېچىكى مۇشۇ يەرگە جايلاشقانىدى.
جاھان خوجا ئەرشى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ كاچۇڭ كېچىكىگە يېتىپ كەلگەندە، كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بۇرھانىدىن خوجا قوشۇنلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھايالشىماستىنلا كېچىكتىن ئۇ قاتقا ئۆتۈۋالماقچى بولدى. رامىزاننىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى كېچىدىكى قاتتىق سوغۇقتا دەريا يۈزى غاچچىدە توڭلاپ مۇز تۇتۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما دەريا ئۈستىدىكى بىر قەۋەت نېپىز مۇز بۇنچىۋالا كۆپ ئادەم بىلەن ئاتلارنى كۆتۈرۈش ـ كۆتۈرەلمەسلىكىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى.
جاھان خوجا ئەرشىنىڭ پەرمانى بويىچە سىدىق خوجا پۈتۈن بىر بۆلۈك لەشكەر بىلەن كېچىكنىڭ ئۈستىدىكى تۆپىلىكتە ئىستىھكام قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بۇرھانىدىن خوجىنى توسۇپ تۇرىدىغان بولدى. جاھان خوجا

ئەرشى ئائىلە ـ تاۋابىئاتلارنى ئېلىپ قوشۇننى باشلاپ مۇزنىڭ ئۇستىدىن ئۆتمدىغان بولۇپ، تۆپىلىكتىن پەسكە قاراپ چۇشۇشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان ئائىلە ـ تاۋابىئاتلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ ئايالى شەرىپە ئاغىچىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى يورۇشقا ئىككى ـ ئۈچ كۇنلا ۋاقتى قالغانىدى.

قوشۇن كىچىك ئالدىغا كەلگەندە، جاھان خوجا ئەرشى «توختاڭلار!» دېگەندەك قىلىپ قولىنى كۆتۈردى ۋە يېنىدىكى كېچىكچىدىن:

— ھەي كېچىكچى، بۇ يەردىن كىشىلەر ھېلىمۇ ئۆتۈۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى. كېچىكچى:

— لەببەي، شۇنداق، بۇ يەردىن ئادەملەر ئۆتۈشۈۋاتىدۇ. تېخى بۇگۇن ئەتىگەنمۇ بەدەخشان تەرەپكە ماڭغان مۇشۇنچىۋالا بىر كارۋان مۇشۇ كېچىكتىن ئوقاتقا ئۆتۈشتى. ئەمما، مەن دەريادىكى مۇزنىڭ كۆپ ئادەم بىلەن ئات ـ ئۇلاغنى كۆتۈرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن! — دەپ جاۋاب بەردى قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇراتتى.

— دەريادىكى سۇ چوڭقۇرمۇ؟

— ياقەي، ئانچە چوڭقۇر ئەمەس، ئادەتتە سۇ ئادەمنىڭ تىزىغىمۇ كەلمەيتتى. ھازىر، دەريادا تاشقىن بولۇۋېتىپتۇ. شۇڭا، ئاتنىڭ قورسىقى چىلىشارمىكىن.

جاھان خوجا ئەرشى ئاۋۋال مۇزنىڭ قېلىن ـ نېپىزلىكىنى سىناپ بېقىش ئۇچۇن بىر نۆۋكەرنى مۇزنىڭ ئۇستى بىلەن ئاتلىق مېڭىپ بېقىشنى بۇيرۇدى.

ھېلىقى نۆۋكەر ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى — دە، «چۇھ!» دېگىنىچە دېۋىتىپ ئاتنى مۇزغا سالدى. ئات پىشقىرىپ مۇزنى پۇراپ بېقىپ، خالار ـ خالىماس قەدەم تاشلىدى. ساغرىسى كەڭ بۇ تورۇق ئات بولغۇلۇق بولدى، دېگەندەك قىلىپ مۇزنىڭ ئۇستىدىن مېڭىپ كەتتى. ئاتنىڭ تۇيىقى ئاستىدىكى مۇز

چىرىس ـ چىرىس قىلىپ دەز كېتىپ يېرىلغىلى تۇردى. ئات ئىتتىنىڭ كېتىۋاتقان بولغاچقا، تۈپىقى ئاستىدىكى مۇز ئويۇلۇپ چۇشكىچىلىك ئات ئۇ يەردىن نەچچە غۇلاچ ئالدىغا قوزغىلىپ ئۇزاپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ئاتلىق نۆۋكەر كىچىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئات تۇيۇقسىزدىن ئالدىغا قاراپ بىر ئوخچىدى — دە، كىشنىگىنىچە ئۆرە تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئاتنىڭ كەينى پۇتى ئاستىدىكى بىر پارچە مۇز ئويۇلۇپ گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. ئات كەينىچە سۇغا چۈشۈپ كەتتى. سۇ ئاۋۋال تورۇق ئاتنىڭ ساغرىسىغا، ئاندىن ئاتنىڭ كۆكرىكىگە چىقتى. ئاتنىڭ ئۈستىدىكى نۆۋكەر ئاتنىڭ ئۈستىدىن مۇز ئۈستىگە سەكرەپ چۈشۈۋالدى. ئەمما، نېپىز مۇز ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي «قارسىدە» قىلىپ يېرىلىپ كەتتى — دە، سۇ ئاتنىمۇ، ئادەمنىمۇ قوشۇپ مۇزنىڭ ئاستىغا سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى...

مۇزنىڭ ئۈستى بىلەن ئاتلىق ئۆتۈشكە مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن جاھان خوجا ئەرشى پۈتۈن قوشۇنغا دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ساۋۇت ـ قۇياقلارنى يېشىپ تاشلاپ، مۇزدىن يېنىكلەپ ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. قوشۇندىكىلەرنىڭ ئاتتىن چۈشۈشى ۋە ساۋۇت ـ قۇياقلارنى يېشىپ تاشلىشى قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى! بۇ خاتا بۇيرۇق ئاخىرقى ھېسابتا جاھان خوجا ئەرشى بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچار قىلدى...

مانجۇلار زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولدى! دەريادىن پىيادە ئۆتۈۋاتقانلار مانجۇلارنى كۆرۈپ دەرھال كەينىگە يېنىپ كېلىشكە باشلىدى. مانجۇلار خۇددى مۇشۇ زىمىندا ئەزەلدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقاندەك زەرەپشان كېچىكىدىن ھېچبىر تېنەپ ـ تەمتىرىمەي ئىشەنچ بىلەن ئاتلىق

ئۈتۈشكە باشلىدى. ئۇلار كىچىكنىڭ بۇ قېتىمدا ئۇتتا ئىسسىنىپ ئەزمىلىك قىلىپ يېتىشقان جاھان خوجا ئەرشى قوشۇنىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ، ئاتتىن چۈشۈپ، ساۋۇت قۇياقلىرىنى يېشىپ تاشلىغان كىشىلەرنى قىرغىن قىلماقچى ئىدى. مانجۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن جاھان خوجا ئەرشى قوشۇنىغا دەرھال ئاتقا مىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا، «تەگرى لەشكەرلىرى، ئالغا!» دېگەن مانجۇچە قاتتىق بىر ئاۋاز دەريا ئۈستىدە ياڭرىدى.

نۇرغۇن ئاتلارنىڭ مۇز ئۈستىدىكى تاراسلىغان تۇياق ئاۋازى، سۇنىڭ شالاقلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. مانجۇ ئاتلىقلىرى ئېتىلىپ كېلىشكەن يېتى نۇرغۇن قورالىق، قورالسىز، ئاتلىق ۋە ساياق ئادەملەرنى قىلچىمۇ ئاياپ ئولتۇرماستىنلا قىلىچلاپ تاشلىدى. دەريا ساھىلىنى ئادەملەرنىڭ چىرقىرىغان، ۋايجانلىغان، ئىڭرىغان ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى. جاھان خوجا ئەرشى قوشۇننى قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، مانجۇلارنىڭ دەسلەپكى ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىغان بولسىمۇ ئەمما جەڭچىلەرنىڭ ئارىسىدا قايتىدىن ساۋۇت قۇياقلىرىنى كىيىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلىگەنلىرى ئاز بولغاچقا، نۇرغۇن جەڭچىلەر مانجۇلارنىڭ يىراقتىن ئاتقان ئوقلىرىغا كۆكرىكىنى تۇتۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇشتى. زەرەپشان سۈيى ئوق تېگىپ ئۆلۈۋاتقان ۋە يارىلىنىۋاتقانلارنىڭ قانلىرى بىلەن قىپقىزىل بويالدى...

جاھان خوجا ئەرشىنىڭ قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بۇ بىر بۆلۈك مانجۇ قوشۇنى خوجەسى، ئابدۇۋاھاب، توختى ئىشان، نىياز بەگ ئىشان ۋە بەھرەم بەگ ئىشانلار باشلاپ كەلگەن ھېلىقى بىر تارام قوشۇن ئىدى. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ئۇلار قەدىمكى كىچىك بولغان كاچۇڭ كىچىكىدە جاھان خوجا ئەرشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولۇپ، زەرەپشان

دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، دەل جاھان خوجا ئەرشىنىڭ قوشۇنى كېچىكتىن ئۆتۈۋاتقاندا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

بۇ قېتىمقى چېكىنىش، قوغلاش ۋەقەسى توغرىسىدا «تارىخى نادىرىيە» دېگەن كىتابتا: «. . . جاھان خوجىنى قوغلاپ ماڭغانلار سۇبھى تاڭ مەھەلى بىلەن قاچقانلارغا يېتىشىپ ئالدىلەر. . . ئەمما، مۇھەببى خاندانلار سوغۇقتا توڭلاپ، بەزىسى سۇغا غەرق بولۇپ، بەزىلىرى بالىلىرى بىلەن بولۇپ، بەزىلىرى قورسىقىدا بالىسى بار ئەھلى خانىش بىرلە ئاتقا مىنگەشكەن پېتىدە ۋە بەزىلىرى ئۇشبۇ تەرىقىلىق ھالەتتە دۈشمەنلەرنىڭ تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئېلىشىغا دۇچار بولۇشتىلەر» دەپ ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەنىدى.

ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچ كەلگەن جاھان خوجا ئەرشى ئوغلى سىدىق خوجا يۈنۈسنىڭ ئۇ قاتقا ئۆتمەي، بۇ قاتتا دۈشمەن بىلەن ئاداققىچە ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە بەرگەن تەكلىپىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ زەرەپشان دەرياسىنىڭ چالا، نېپىز مۇز توڭلىغان ئېقىنىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىغان پەۋقۇلئاددە بىئەپ مۇھىت ئىچىدە ئىستىقبالىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەنىدى. شۇڭا ئۇ: «قازايى ئاسمانغا چارە ئىزدىمەك ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. سىزلەر قازايى مۇئەللەقتىن سۆز قىلۇرسىزلەر، ئۇنىڭدىن قاچماق راۋادۇر. ئەمما، قازايى مۇتلەقتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ بولماس. ئاڭا تەسلىم ۋە رىزادىن ئۆزگە چارە يوق. . .»① دەپ چوڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن مانجۇلارغا تەسلىم بولۇش قارارىغا كەلدى. . .

مىلادى 1756 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، رامزاننىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى ئەتىگەن سۇبھى تاڭ مەھەلىدە، جاھان

① «تارىخى نادىرىيە»، قولىيازما.

خوجا ئەرشنى ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن بۇرھانىدىن خوجىلارمۇ چولڭ تۆپىلىككە يېتىپ كەلدى. ئۇلار قەدىمكى كېچىك تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، ئۇلارنى توسۇپ تۇرغان سىدىق خوجا پۇتۇھى باشچىلىقىدىكى جاۋانىمەردلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى...

* * *

ئۇرۇش كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئاندىن رەسمىي باشلاندى. سىدىق خوجا پۇتۇھى قولىدىكى ئالتۇن دەستىلىك شەمشىرىنى ئوينىتىپ، مانجۇلار سېپىگە خۇددى شىردەك جاسارەت بىلەن ئېتىلدى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى قارا ئارغىماق ئىگىسىنى جەڭگاھقا ئېلىپ شۇنداق تېز چاپتىكى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ۋىژ - ۋىژ ئاۋاز چىقىرىپ قۇلاق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شامالدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلىرى قوللىرىدىكى شەمشەر بولۇتلىرىدىن دۈشمەنىنىڭ بېشىغا ئۆلۈم يامغۇرىنى ئايىماي ياغدۇرماقتا ئىدى. جاڭگاھ ۋاقتى بولۇپ قۇياش تىكلەندى. ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ ئەمما ئۇرۇش قىزغىنلىقىغا چۆمگەن جەڭگاھتىكى پۇتكۇل جاۋانمەردلەرنىڭ كۆكسىگە ھارارەت تەپتى ئۇرۇلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلىن ئىچەك - قۇياقلار ئىچىدە قىزىپ تەرلىگەن بەدەنلىرىدىن تەر يامغۇر كەبى تۆكۈلۈپ، ساۋۇت تېشىغا تەپچىپ چىقىۋاتاتتى. قىلىچ زەربىسىدىن ئۈزۈلگەن دۈشمەنلەرنىڭ باشلىرى خاڭدى[1] قوغۇنلۇقىدىكى سويىملاردەك ھەممىلا يەردە دومىلاپ يۇرۇشەتتى. باشسىز گەۋدىلەر خۇددى بوغداي ئېگىزلىقىدىكى ئۇنچىلەردەك يېتىپ كېتىشكەندى.

---

① يەكەننىڭ بىر يېزىسىنىڭ نامى، قوغۇننىڭ تاتلىقلىقى بىلەن مەشھۇر.

ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلەر چاك - چاك ئېتىلىشقا ۋە چىرايلار ئۆڭۈپ تاتىرىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق پەيتتە سىدىق خوجا پۈتۈھىنىڭ بىر نۆۋكىرى ئات چاپتۇرۇپ قىيىش سۇداندا سۇ كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ئى ئەمىرلەشكەر، — دېدى ھېلىقى نۆۋكەر قىيىش سۇداننى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ، — چاڭقىغاندۇرسىز، بىر توختاپ بۇ سۇدىن ئىچىۋېلىڭ.

سىدىق خوجا پۈتۈھى ھېلىقى نۆۋكەرگە:

— قارا، مېنىڭ بۇ شەمشىرىم مەندىنمۇ بەك چاڭقىدى. شەمشىرىم دۈشمەن قېنىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرمىغۇچە ئۆزۈمنىڭ ئۇسسۇزلۇقى ھەرگىز قانمايدۇ! — دېدى.

ئەمىر لەشكەرنىڭ شىردەك شىجائىتى مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىشىۋاتقان جاۋانمەردلەرگە زور ئىلھام بولدى. ئۇلار بارغانسېرى روھلىنىپ مانجۇلارنىڭ ئۈستىگە ئارسلان كەبى ئېتىلدى. مانجۇلار شىددەتلىك بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ تۆمۈر ئېقىمغا بارا - بارا بەرداشلىق بېرەلمەي پەسكارغا چۈشۈپ قېلىشتى. ئاخىر، تۆپىلىك ئۈستىدە جەڭنى تاماشا قىلىپ تۇرغان بۇرھانىدىن خوجىنىڭ توسقىنىغىمۇ ئۇنىماستىن، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ كەينىگە قاراپ قاچقىلى تۇردى.

دۈشمەن پىتىراپ قاچقىلى تۇرغاندا، سىدىق خوجا پۈتۈھى تەبىل چالدۇرۇپ مانجۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتكەن جەڭچىلىرىنى قايتۇرۇپ ئەكەلدى — دە، قوشۇننى رەتلىگەندىن كېيىن، دەرھال ئاتىسى جاھان خوجا ئەرشىگە ياردەم بەرمەك بولۇپ كىچىك تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. بىراق، ئۇلار كېچىككەندى! . . .

دەريا ساھىلىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنى كۆرگەن سىدىق خوجا پۈتۈھىنىڭ جاۋانمەردلىك روھى ئۇنى زادىلا

تىنچ قويمىدى. ئۇ نۆۋكەرلىرىنىڭ توسقىنىغىمۇ ئۇنىماستىن
پەسكە قارىتىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئۇچقۇر ئات
كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقتەك تېز چېپىپ كەتتى. ئۇ ئېتىنى
سىلىق مۇزدا تېيىلىپ كەتمىگىدى، دەپ ئەنسىرەيتتى. بۇ چاغدا
يان تەرەپتىن ئۈچ مانجۇ چېرىكى ئېتىلىپ كېلىشتى، سىدىق
خوجىنىڭ ئەتراپىدا ئوق ۋىڭىلداپ ئۇچاتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى
قارا گىر ئارغىماق ئالدىغا يولۇققانلىكى ئادەملەرنى كۆكرىكى
بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، ئويمان ـ چوڭقۇر، مۇز، دۆڭلۈكلەردىن
سەكرەپ ئۆتۈپ، ئىگىسىنى ئۇدۇل مانجۇ قوماندانىنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. مانجۇلار مىنگەن ئاتلارمۇ كارامەت يۈگۈرۈك
ئاتلار ئىدى. ئۇلارمۇ قاراگىر ئارغىماقتىن قېلىشماي
يۈگۈرەتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى قاراگىر
ئارغىماققا بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەلگىلى تۇردى. قاراگىر
ئارغىماق قۇيۇندەك ئۇچۇپ، غەزەپ بىلەن يۈگۈرمەكتە ئىدى.
بىراق، ئەتىگەندىن كەچكىچە جەڭگاھتا ئىگىسىنى ئېلىپ چېپىپ
يۈرگەن بۇ ئارغىماق چارچىغانىدى. ئۇنىڭ يۈگۈرۈشى
بۇرۇنقىدىن كۆپ ئاستىلاپ كەتكەنىدى، ئەلۋەتتە. سىدىق خوجا
پۈتۈن كەينىگە بۇرۇلۇپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىككى مانجۇنىڭ
ئىچىدە بىرسىنىڭ ئۆزىگە يېتىشىۋالاي دەپ قالغانلىقىنى
كۆردى — دە، ئۇنىڭ بېشىنى كۆزلەپ قولىدىكى سادىقتىن ئوق
ئۈزدى. ھېلىقى مانجۇ ئىككى قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئات
ئۈستىدىن مۇزنىڭ ئۈستىگە تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى.
مانجۇلار:
— تۇگەشتۇق! تۇگەشتۇق! ياساۋۇل ئېرخاشان ئۆلدى! —
دەپ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈشتى. بىراق، يەنە بىر مانجۇ قىلچىمۇ
ھودۇقماستىن قولىدىكى سالمىنى بىر چۆرۈپ ئېتىپلا سىدىق
خوجا پۈتۈھسىنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋە
ئارغامچىنى بىر سىلكىپلا ئۇنى قارا گىر ئارغىماقنىڭ ئۈستىدىن

مۇز ئۈستىگە تىك موللاق چۈشۈردى. . .

*    *    *

بۈگۈن روزا ھېيت ناماز كۈنى بولغان بولسىمۇ، ئەمما يەكەن كوچىلىرىدا بىر خىل مەشئۇملۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. كوچىدا ئادەملەر مىغ ـ مىغ بولۇپ، مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتىدە جاھان خوجا ئەرشى، سىدىق خوجا پۈتۈھى باشلىق ئون يەتتە ئەسىر سېلىنغان ئون يەتتە كۆشۈك ھارۋا غەدىرگەرلىك تەرەپكە قاراپ قاتار كېتىپ باراتتى. كۆشۈك ھارۋىلار چاھارسۇ بازىرىغا كەلگەندە، بۇ ھارۋىلارنىڭ ئالدىدا ئاتلىق كېتىۋاتقان خوجەسى قولىنى كۆتۈردى، كۆشۈك ھارۋىلار توختىدى.

بۇ چاغدا بۇرھانىددىن خوجا ئابدۇۋاھاب ۋە توختى ئىشانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالتۇنلۇق مەسچىتنىڭ ئىچىدىن گىدىيىپ چىقىپ كەلدى ۋە پەشتاقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆشۈك ھارۋىلاردىكى ئەسىرلەرنى مازاق قىلغاندەك تاماشا قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان توختى ئىشان جامائەتكە «تىنچلىنىڭلار!» دېگەندەك قىلىپ قولىنى پولاڭلاتتى ۋە تامىقىنى قىرىپ قويۇپ، ئاندىن:

— بۇرھانىددىن باھادىرخان خوجام ھەزرىتى خوجام روسۇلىللانىڭ نەسلى نەسەبلىرىدىندۇر! — دەپ ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى، — ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ پىر ـ ئۇستازىدۇر. پاك ـ بىغۇبار ۋەلىيسىدۇر ۋە بەندىلەرنى دەۋزەخ بىلەن جەننەتكە ئايرىغۇچىدۇر. بىرەر مۇسۇلمان خۇداغا ئىمان كەلتۈرۈپ، خۇدانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، دىنىي ئىسلامنىڭ پۈتۈن ئەقىدىلىرىنى ئادا قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر بۇ ئۇلۇغ زاتقا ئىمان كەلتۈرمىسە، ئەگەشمىسە، ئىشەنمىسە، شەك كەلتۈرسە، گۇناھكار باتىل بولغاي. پىرسىز يۈرگۈچىلەر —

دىندىن ئېزىپ يۈرگەنلەردۇر. . . بۇ زات غازاتىل ئىسلام يولىدا يا ئۆلۈش، يا ئۆلتۈرۈش يولىدىن يانمايدىغان كۈچتۈڭگۈر زاتتۇر! . . .①

- مۇرتەد بولۇرسەن! بەتبەخت، — دەپ ۋارقىرىدى كۆشۈك هارۋىدىكى سىدىق خوجا پۈتۈۋى ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، — يالغان سۆزلەپ دەۋزىخىي بولۇپ كەتمە يەنە، مۇسۇلمانلار پەقەت بىر خۇداغا، بىر ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگىلا ئىمان كەلتۈرىدۇ! . . .

مانجۇلار ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ سۆزلەتكىلى قويمىدى.

— بىز دىنىي ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىمىز، — دەپ تەبلىغ قىلدى بۇرهانىدىن خوجا قىلچىمۇ ئۇيالماستىن، — ئىسلامنىڭ ئۆرنىكىبىز، مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانچىلىقتا بىزنى ئۈلگە قىلىشى، بىزگە ئەگىشىشى، بىزدىن نەمۇنە ئورنىدا بىلىم - ئىلىم ئېلىشى قەرز ۋە پەرزىدۇر! . . . ماۋۇلار، — دەپ قولى بىلەن كۆشۈك هارۋىدىكى جاهان خوجا ئەرشىنى كۆرسەتتى، — قارا مۇسۇلمان ئازمىلاردۇر. قارا ئازمىلار داستار پىرلىرىنىڭ ئىزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەن، قارغىشىنى ئالغان، هەقنى ئۇنتۇغان، پىرسىز يۈرگەن ناپاك كىشىلەردۇر. بۇلارنىڭ هەر ئىل تۈركۈملىرى بەرهەق دەۋزەخكە مەهكۇمدۇر. بۇ لەنىتى ئىسهاقىيلەر هاياتلىق ئۆمرىدە خۇدايى قۇلچىلىقنى نىسابىسىگە يەتكۈزەلمىگەنلەر، دىنسىزلار، مەزلۇملارغا زوراۋانلىق قىلغانلار، دىنغا، ۋەتىنىگە، ئىگىسىگە ئاسيلىق قىلغانلار، نەسلىنى ساتقانلار، خىيانەتچىلەر، ئەيش - ئىشرەتچىلەر، زالىم ئەمەلدارلار، جىنسىي گۇناهكارلار، رەهىمسىز جازانىخورلار، ئوغرىلار، گۇناهىنى يۇيالمىغانلار، لۈكچەكلەر، قەهرى - غەزەپلىكلەر، خۇنخورلار، تۇزكورلار، تۆهمەتخورلار، پىتنە ۋە

① بۇ هەقتە «بۇرقۇم ئەۋلىيا» (قولىيازما) نىڭ «خوجا بۇرهانىدىن خان خوجام» دېگەن قىسمىغا قارالسۇن. بۇ تەرىپ شاھ نەزەر خاراباتىدىن ئېلىنغان.

ناهەق غوۋغا قىلغانلار، ئادالەتسىز، ئىنسابسىز، ھاياسىزلار قاتارىدىكى بىتەھقىق دەۋزىخىيلەردۇر!...①

— ئى خوجا بۇرھانىددىن، رەھمەت قىلساڭ، مېنىڭمۇ بىر كەلىمە سۆزۈمنى ئاڭلاپ باققان بولساڭ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ تاشلىدى جاھان خوجا ئەرشى قىلچىمۇ دۇدۇقلىماستىن تۇرۇپ، — سەن دېگەندەك، ئىناقسىزلىق مەيلى مۇسۇلمان تائىپىلىرىدە بولسۇن، خاھى كاپىرلاردا بولسۇن، ھەممە مىللەتتە چەكلىنىدۇ. چۈنكى، دۈشمەنلىشىش ھېچقانداق مەزھەپكە ۋە ھېچقانداق ئادەمگە ئوبدان بىلىنمەيدۇ...

خوجەسى ئۇنى سۆزلەشتىن توسماقچى بولۇۋىدى، بۇرھانىددىن خوجا: «توسما، سۆزلەۋەرسۇن!» دەپ قولىنى سىلكىدى.

— ئى بۇرھانىددىن خوجا، سەن بىلەن بىزلەرنىڭ ئاتائى - ئەجدادىمىز قاچانكى بۇ يۇرتتا دۈشمەنلىشىشكە بەل باغلىدى، شۇنىڭدىن تارتىپ مۈلكىي قەشقەرىيە ئەھلى ئۇ ئىككىسىگە لەشكەر بولۇپ، بىر - بىرلىرىنى قىرغىن قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. بۇ سۆزۈم يالغانمۇ؟

جاھان خوجا ئەرشى سەل تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزلەشنى داۋام قىلدى:

— ئۇلار ئەسلىدە بىر ئاتىنىڭ پۇشتى - ئۇرۇقلىرى ئىدىغۇ؟ ئەمما، ئۆز ئاتائى - ئەجدادلىرىنىڭ مەزھەپ - پىرقە جېدىلى تۈپەيلىدىن، ھېچنېمىگە قارىماستىن قىلىچ يالىڭاچلاپ بىر - بىرىگە ھالاكەت تىغلىرىنى تەڭلەشتى. ھەتتاكى، ئاتا بىر پىرغا، ئوغۇل يەنە بىر پىرغا ھالال ئەغلال بولۇپ، بىر - بىرىگە زادىلا يول قويۇشماي كەلدى. ئاداۋەت ۋە قەھر - غەزەپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتىسى

---

① «ئۆلۈغلارنىڭ مۇبارەك نەسەبلىرى ھەققىدە»، قولىيازما.

ئالدىردى، ئوغلىمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمىدى. قېرىنداش قېرىنداشنىڭ بېشىنى كېسىشتىن تەپ تارتمىدى. دوستلار دۈشمەنگە ئايلاندى. بىر دىنغا — ئىسلامغا، بىر خۇداغا — ئاللا تائالاغا ۋە بىر رەسۇلۇللاغا — مۇھەممەت ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىشىنىدىغانلار ئاشۇ دەۋزەخ يۇتقۇر مەزھەپ ئاداۋىتى تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىدىن كېچىشىپ كېتىشتى، بىر دىن، بىر مىللەت بولغان بۇ كىشىلەر شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئەھۋالدا، يات كىشىلەر قانداق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن؟ قېنى، ئەپكەل قولۇڭنى، يارىشايلى، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ مەزھەپ ئاداۋىتىدىن ۋاز كېچىپ يارىشايلى! ئەگەر بۇنداق شىددەتلىك مەزھەپ قارا بورىنى يۇرتىمىزدا ئەمدى يەنە داۋاملىق چىقىۋېرىدىغان بولسا، پىتنە ـ پاساتنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى خەلقىمىزنىڭ كۆزىنى كور قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمايدىغان بولىدۇ. ئەھلى ئۇيغۇرلار بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان، بۇلاپ ـ تالايدىغان ۋە بىر ـ بىرىنى ۋەتەنلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان ھادىسىلەر ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئانا ۋەتەن بىر ۋەيرانە خارابىلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ. مانجۇ ھوقۇشلىرىغا ماكان بولۇپ قالىدۇ. گەرچە مەزھەپ ئاداۋىتى بىزلەرنىڭ ئاتائى ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ لېكىن بۇنىڭ زىيان ـ زەخمەتلىرى، بالايىئاپەتلىرى ئەسىرلەردىن بېرى پۈتكۈل ئەھلى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا مالامەت تاشلىرى بولۇپ تېگىپ كېلىۋاتامدۇ؟ بىزلەرنىڭ ئىككى مەزھەپ بولۇۋالغان ئاشۇ ئاتائى ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۈشمەنلىكى سەۋەبىدىن ئەسىرلەردىن بېرى سان ـ ساناقسىز ئاجىز ـ بىچارىلەر قالماق باسقۇنچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا پايخان بولۇپ يانچىلغىنىنى ئاز دەپ، ھالا بۈگۈن ئاشۇ بىچارە خەلقنى يەنە مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىشىغا تاشلاپ بەرسەك تەڭرى راۋا كۆرەرمۇ؟! بىزلەرنىڭ ئاشۇ ناشۇكۈر

ئابائى - ئەجدادلىرىمىز ئاقتاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇۋېلىپ، بىچارە خەلقنىڭ جېنىغا رەھىم قىلماستىن جەڭ مەيدانى تۈزۈشۈپ، ئۆزئارا كۈچ سىناشقانىدى. نەتىجىدە، مەغلۇپ بولغانلار غەلىبە قازىنىپ، غەلىبە قىلغانلار مەغلۇپ بولۇپ، ھېچكىممۇ ھېچكىمنى يېڭەلمىدى! گەرچە، بىرى مەغلۇپ بولۇپ، يەنە بىرى غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، بىراق، شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇنداق كۈن ھەر ئىككى تەرەپ پۇقرالىرى ئۈچۈن ئاپەت كۈنى، ياق، بەلكى قىزىل قىيامەت كۈنى ئىدى. ۋادەرىخا، بۇنداق نائىنساپ ئابائى - ئەجدادنىڭ ئەۋلادى بولغاندىن كۆرە، بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببەتلىك ئىككى كۆك نامرات ئاتىنىڭ ئەۋلادى بولغان بولساق، جەننەت كەبى ساۋاپ تاپقان بولار ئىدۇق! مۇبادا، ھەقىقەتەن شۇنداق بولغان بولسا، بىر - بىرىمىزگە يول قويۇپ، بىر - بىرىمىزنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، بىرىمىز قوللىغاننى يەنە بىرىمىزمۇ قوللاپ، بىرىمىز قارشى تۇرغانغا يەنە بىرىمىزمۇ قارشى چىقىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، كۈچ ئۆملۈكتە، نىيەت ھەمدەملىكتە ئۆتمەسمىدۇق؟! ئاھ خۇدا، بىر - بىرىگە مۇخالىپ ئىككى پىردىن بىر - بىرىگە مۇۋاپىق ئىككى قەلەندەر مىڭ ياخشىراق! . . .

جامائەتنىڭ ئىچىدە كۆز يېشى قىلىۋاتقانلار كۆپەيدى. جاھان خوجىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ۋىجدانلىق كىشىلەر يۈرىكىدە يىغلىشىۋاتاتتى.

— ھەي خوجەسى، قېنى سىز، ئۇلارنىڭ تىلىنى يۇلۇپ تاشلاڭ! — دەپ قەھر قىلدى بۇرھانىدىن خوجا ۋاقتىنى سوزۇۋەرسە ۋەقە چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، — بۇ قارا ئازمىلارنى ھايات قالدۇرۇش ياخشى ئەمەس! شۇڭا ئۇلارنى گۆرگە تىرىك دەپنە قىلىش كېرەك!

— قۇللۇق، تەقسىر، پەرمانبەردارمەن! — دەپ جاۋاب

بەردى خوجەسى قولىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئاندىن مانجۇلارغا:
— ئۇلارنىڭ تىلىنى سۇغۇرۇپ تاشلاڭلار! — دەپ قولىنى سىلكىدى.
مانجۇلار بۇ ئون يەتتە ئادەمنىڭ تىلىنى قىلچىمۇ رەھىم قىلماستىن سۇغۇرۇپ تاشلىدى...
كۆشۈك هارۋىلار غەدىگەرلىككە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مانجۇلار كۆشۈك هارۋىدىكى ئەسىرلەرنى چۈشۈرۈشتى — ٥٥، غەدىگەرلىكتىكى يوغان بىر شام گۆرنى ئاچقۇزۇپ، ئون يەتتە ئادەمنىڭ ھەممىسىنى شام گۆرنىڭ ئىچىگە تاشلىدى، ئاندىن ئاغزىنى كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ ھىم ئەتكۈزگەندىن كېيىن ئۈستىدىن كاكۇل لاي بىلەن سۇۋۇتۇپ، ھېچقانداق يېرىدىن هاۋا كىرمەس قىلىپ تاشلىدى...

نەزمە

ئىشىت ئەي زېرەك ئەر، ھامىل ئايالالار،
ئەگەر تۇغسا تۇغۇتتا چار يىلانىنى.
ئاقىلالارنىڭ پىكرىچە، مىڭ مەرتىۋە ياخشى،
تۇغقاندىن ئىنساپسىز، پەيلى يامانىنى.

— شەيخ سەئىدى

## يەتتىنچى باب

# ئۈچقۇندىن چىققان يالقۇن

«مىڭ سىغىزخان ياكى ئالتۇن توخۇدىن بىر
شۇڭقارنىڭ قەدىر - قىممىتى ئارتۇق.»

— تەجەللى

مىلادى 1758 - يىلى ياز پەسلى. خاقانى چىن
چەنلۇڭ بېيجىڭدا تونۇردەك تىنجىق بولىدىغان ياز پەسلىدىكى دىمىق ئىسسىقتىن قېچىپ ئۆزىنىڭ چېڭدېدىكى سالقىن يازلىق ئوردىسىغا كېلىۋالدى.

بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ خابگاھىدا جۇڭغارىيە ئالدىنقى سېپىدىن ئەۋەتىلگەن جەڭ مەلۇماتلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. قارا دېۋاننىڭ ۋەزىرلىرىدىن شۇخېدې قاتارلىقلار ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. غەلىبە خۇشخەۋەرلىرى چەنلۇڭنىڭ كەيپىياتىغا خۇددى كۆكناردەك تېز تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلدى.

خاقانى چىن قوشۇنلىرى مىلادى 1756 - يىلى 3 - ئايدا ئىككىنچى قېتىم جۇڭغارىيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بورتالا دەرياسى بويىدىكى جەڭدە جۇڭغارلار تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم

قىلىش تاكتىكىسىنى «بۇدۇشقاق جېڭى قىلىش» قا ئۆزگەرتىپ، «ئاستا ئىلگىرىلەپ، پۇختا ئۇرۇش قىلىش» تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئۇلار قەدەممۇ قەدەم بىر ئىستىھكام قۇرۇپ، ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئىلگىرىلەش ئارقىلىق جۇڭغارلارنىڭ كۈچىنى خورىتىپ، تاكى ماغدۇرىدىن كەتكەنگە قەدەر بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىۋېلىپ، نەگە بارسا شۇ يەرگىچە كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ زەربە بەردى. دۈشمەنگە تېز تېگىش قىلىپ، تېز يوقىتىشقا ئادەتلەنگەن ئامۇرسەنا ئاخىر مانجۇلارنىڭ «بۇدۇشقاق جېڭى قىلىش» تاكتىكىسى ئالدىدا ئامالسىز قالدى. . .

مىلادى 1757 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مانجۇلار ئامۇرسەنانىڭ قوشۇنلىرىنى تېرىپىرەن قىلىپ تاشلىدى. ئامۇرسەنا ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن قازاقلارنىڭ ئۇلۇغ يۈزى ئىچىگە قېچىپ كەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئۇ قازاق خانى ئابلاي خاننىڭ قارارگاھى تۇرۇشلۇق غالجاتقا كەلدى. بۇ چاغدا، ئابلاي خان خاقانى چىننىڭ ئامۇرسەنا قوشۇنلىرىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئامۇرسەنانى تۇتۇپ مانجۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. بىراق، ئامۇرسەنا ئۇنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى تۇيۇپ قالدى ـ دە، ئۆزىنىڭ سەككىز ئادىمى بىلەن چارروسىيىگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. . .

* * *

خاقانى چىن چەنلۇڭ ئامۇرسەنانىڭ تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاشتىن خالاس بولغاندەك بولۇپ، ئۆزىنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ خالخە شاھزادىسى

جامسەدورجىنىڭ ئامۇرسەنانى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە روسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشۋاتقانلىق توغرىسىدىكى قاتلاق مەكتۇپىنى قولىغا ئېلىپ قايتا ـ قايتا تەپسىلىي ئوقۇدى. «جۇڭغارىيە مەسىلىسى ئاخىرقى ھېسابتا بىزنىڭ قولىمىزدا ھەل بولىدى. بىراق، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — مۇلكىي قەشقەرىيە تېخى سەلتەنىتىمىزنىڭ تولۇق تەسەررۇپىغا ئۆتكىنى يوق. مۇلكىي قەشقەرىيە تىنچىتىلمىسا، جۇڭغارىيىمۇ تىنچىمايدۇ. بۇ ئىككى پارچە زېمىن تىنچىتىلمىسا، پۈتكۈل مۇلكىي تۈركىستانىنى تەسەررۇپ قىلىش دېگەنلەر خام خىيال بولۇپ قالىدۇ. تارىختىن بۇيان، ئىستىبداتلىق دەپ سانالغان جۇڭگو خاقانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇلكىي تۈركىستانىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىشنى ئوخشىدىمۇ، چۈشىدىمۇ ئارزۇ قىلىپ كېلىشتى...»

ئۇ چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە خابگاھىدىكى كاڭ شىرەسىنىڭ ئۈستىدە ئېچىقلىق تۇرغان كىتابلار ئارىسىدىن بىر كىتابنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئېچىپ كۆرۈشكە باشلىدى.

بۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇچ ئاغىلىق ئۇلۇغ نوم ئاچارى شۈەنزاڭ تەرىپىدىن مىلادى 646 ـ يىلى يېزىلغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن قەدىمكى بىر كىتاب ئىدى. ئۇ چاغلاردا مۇلكىي تۈركىستانلىقلار تاڭ سۇلالىسىنى «تاۋغاچ ئېلى» دەپ ئاتايتتى. تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر بولسا، مۇلكىي تۈركىستانىنى «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتايتتى. بۇ كىتابتا شۇ چاغدا «غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەت» دەپ ئاتالغان پۈتۈن مۇلكىي تۈركىستاننىڭ تاغ ـ دەريالىرى، چېگرا ـ ھۇدۇتلۇقى، ئاب ـ ھاۋاسى، يەر شارائىتى، نوپۇس ـ تۈتۈنلىرى، يول ـ راباتلىرى، يايلاق ـ قىشلاقلىرى، ئىنسان ـ تايىپىلىرى، لەشكەر ـ نۆۋكەرلىرى، بۇ يەرلەردىن چىقىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەر، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك

قاتارلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيىۋى، ھەربىي ۋە مەدەنىيەتكە دائىر ئەھۋالاتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي، ئىنچىكە، ئېنىق ۋە ھەققىي مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، تارىختىن بۇيان مۇلكىي تۈركىستان ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ نوپۇزلۇق يازما مەلۇمات بولۇپ سانىلاتتى. شۇڭا، ئۇ قەدىمدە مۇلكىي تۈركىستان دەپ ئاتالغان بۇ كەڭ زېمىننى ئىستىلا قىلماقچى بولغان ھەر قانداق بىر تاۋغاچ ھۆكۈمرانى ئۈچۈن چوقۇم ئوقۇيدىغان بىر دەستۇر ئىدى.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى شۈەنزاڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن ئۈنجى يىلى (مىلادى 627 ـ يىلى) قەمەرىيە 8 ـ ئايدا تاۋغاچ ئېلىنىڭ ئاستانىسى چاڭئەندىن كۈنپېتىشتىكى مۇلكىي تۈركىستانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ شۇ يىلى 12 ـ ئايدا مۇلكىي تۈركىستاندىكى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىگە يېتىپ كەلدى. ياندۇرقى يىلى يەنە داۋاملىق كۈنپېتىشقا قاراپ يول يۈرۈپ، تەڭرىتېغى، ئىسسىقكۆل قاتارلىق قاتمۇقات تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ئۆتۈپ سۇياب، تالاس قاتارلىق تۈركىي قوۋملەر ياشايدىغان شەھەرلەرگە يېتىپ كەلدى. ئاندىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ بۇرۇلۇپ، مۇلكىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتتى ـ دە، كۈنچىقىشتىكى پاكىستاننىڭ شىمالى ئارقىلىق كەشمىر ئېلىگە يېتىپ كەلدى. تاڭ شۈەنزاڭ بۇ يەردە جېنگۇەن 3 ـ يىلى (مىلادى 630 ـ يىلى) نىڭ ئاخىرىغىچە تۇردى. ئاندىن ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىنى بويلاپ شەرقىي ـ جەنۇبقا قاراپ داۋاملىق يول يۈردى. جېنگۇەن 4 ـ يىلى ۋە جېنگۇەن 5 ـ يىلى ئىچىدە نىپالنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى كەزدى. ئۇ بۇ يەردە بۇددا ئەۋلىياسى ساكيامۇنىنىڭ تەۋەللۇت يېرى بىلەن قازا قىلغان يېرىنى زىيارەت قىلدى. جېنگۇەن 5 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئۇ بەش ئەنەتكەك ئېلىدىكى مۇگادخا

دېگەن يەرگە بېرىپ، شۇ چاغدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى نارانتا بىھارىسىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇ تاكى جېنگۇەن 16 ـ يىلى (مىلادى 642 ـ يىلى) غىچە بەش ئەنەتكەك ئېلىدە بۇددا ئىلمى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلدى. ئاندىن تاۋغاچ ئېلىگە قايتىش ئۈچۈن، جېنگۇەن 17 ـ يىلى (مىلادى 643 ـ يىلى) پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ۋە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاھان كارىدورىغا كىردى. جېنگۇەن 18 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئۇ مۇلكىي تۈركىستانىدىكى بۇددا ئېلى ـ خوتەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇ قەشقەر، كۇچا، قاراشەھەر، چوقۇ ئېلى قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن مىلادى 645 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تاۋغاچ ئېلىنىڭ ئاستانىسى چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئون توققۇز يىل داۋام قىلغان ئەللىك مىڭ چاقىرىملىق جاپالىق سەپەر مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇردى.

شۈەنزاڭ خوتەنگە يېتىپ كەلگەندە، تاۋغاچ خانى تاڭ تەيزۇڭغا نامە پۈتۈپ ئەۋەتكەنىدى. ئۇ بۇ نامەدە: «مەن بۇ ئون توققۇز يىللىق سەپىرىمدە، باشقىلار كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئاجايىباتلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىدىم؛ باشقىلار ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمىغان غارايىباتلارنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالىدىم! . . .» دەپ يازدى.

شۈەنزاڭ چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاۋغاچ خانى تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى لوياڭغا چاقىرتىپ ئايرىپ ئالاھىدە قوبۇل قىلدى. تاۋغاچ خانىنىڭ ئۇنى بۇنداق ئەتىۋارلاپ كېتىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بەش ئەنەتكەك (ھىندىستان) ئېلىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ داڭلىق بۇددا نوم ئاچارى بولۇپ قايتقانلىقىغا ئايرىن ئوقۇغانلىقىدىن بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ مۇلكىي تۈركىستاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىغا قىزىققانلىقىدىن بولغانىدى.

— بۇددا ئېلى بىزدىن تولىمۇ ئۇزاقتا جايلاشقانىكەن. شۇڭا بۇ ئەلنىڭ بۇددا تەلىماتلىرى بىزگە تازا ئەسقېتىپ كەتمەس دەپ ئويلايمەن، — دېدى تاڭ تەيزۇڭ شۈەنزاڭنى قوبۇل قىلغاندا، — ئۈچ ئاغىلىق نوم ئۇستازى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەللەرنى كەزگەندە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى بىر كىتاب قىلىپ پۈتۈپ چىقسىلا، ئۇ بىزگە تېخىمۇ ئەسقېتىپ قالار. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ كىتابنىڭ هازىرقىلارغا ۋە كېيىنكىلەرگە بېرىدىغان مەنپەئىتىمۇ كۆپ بولۇر!

— قۇللۇق، جانابىي ئالىيلىرى، چوقۇم سىلى دېگەندەك بىر كىتاب قىلىپ پۈتۈپ چىقىمەن! — دېدى تاڭ شۈەنزاڭ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

شۈەنزاڭ تاڭ تەيزۇڭنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىككىنچى يىلىلا ئۆزىنىڭ ساياهەت خاتىرىسىنى يېزىپ پۈتتۈردى ۋە بۇ كىتابقا «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دەپ نام بەردى...

تاۋغاچ خانى تاڭ تەيزۇڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ قولىدىن مۇلكىي تۈركىستاننى تارتىۋېلىشنى ئۇزاقتىن بېرى دىلىغا پۈكۈپ كېلىۋاتقانىدى. بىراق، ئۇ مۇلكىي تۈركىستاننىڭ ئەهۋالىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلمىگەنلىكتىن، لەشكەر چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي بېشىنى تىقىپ تۇراتتى. ئەلهال، شۈەنزاڭ يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتاب ئۇنىڭ بۇ باش قېتىنچىلىقىنى ئاخىرقى هېسابتا هەل قىلدى!

ئون ئىككى جىلدلىق، يۈز مىڭ سۆزلۈك بۇ كىتابتا شۈەنزاڭ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «بەن چاۋ[①] هەزرەتلىرى يېتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلغان ئەمما يېتىپ بارالمىغان يەرلەرنى

① بەن چاۋ (102 - 32) — جۇڭگو تارىخىدا قۇرۇلغان فېئودال سۇلالە — شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى، غەربىي يۇرتقا قورۇقچى بەگ بولغان.

كەزدىم؛ جاڭ چيەن[①]جانابلىرى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما كۆرەلمىگەن جايلارغا باردىم. بۇ كىتابقا يېزىلغانلار قەدىمكىلەرنىڭ يازغانلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. گەرچە ھۆدۈتلۈقى مىڭ چاقىرىملاپ سوزۇلغان بۇ ئەللەرنىڭ زېمىنىنى تولۇق ئارىلاپ چىقالمىغان بولساممۇ بىراق كۆكئارت ئەتراپىدىكى يىراق- يېقىن ئەللەر توغرىسىدا ھەقىقىي مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇردۇم. ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلمىدىم!»

تاۋغاچ خانى تاڭ تەيزۇڭ بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، «. . . بۇددا ئىلمى تولىمۇ تىرەن، تولىمۇ مۇرەككەپ ئىكەن. ئۇنى بىر كۆرۈپلا چۈشەندىم دېگىلى بولماس ئىكەن، — دەپ ئويلىدى، — بىراق، بىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ كۆنۈپىتىشتىكى بۇ ئەللەر توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ نەقەدەر ئاز ۋە يۈزەكى ئىكەنلىكىنى شۇندىلا چۈشەندۇق. . . »

خاقانى چىن چەنلۇڭ مۇشۇ سەھىپىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن پىكرى دولقۇنلىنىپ، قەلبى ھاياجانغا تولدى. ئۇ پىيالىدىكى چايدىن ئىككى ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن ئەئىيانلىرىنىڭ تېخىچە ئۆرە تۇرۇشقانلىقىنى ئېسىگە ئالغانىدەك بولۇپ، ئۇلارغا جايى راھەت ئىجازىتىنى بەردى.

— جۇڭغارىيىگە ئىككىنچى دايقۇر لەشكەر چىقارغاندىن بۇيان، — دېدى خاقانى چىن چەنلۇڭ ئەئيانلىرىغا، — ئىلى تىنچىتىلدى، قازاق خانى ئابلاي خانمۇ بىزگە ئەل بولدى. پەقەت ئاسىي ئامۇرسەنانىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئىشلارنى بىرىنچىدىن، تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن، ئىككىنچىدىن، ئابائى ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھ ـ ئەرۋاھلىرىنىڭ يۆلىشى ئارقىسىدا بىرەر قۇر

---

① جاڭ چيەن (مىلادىدىن ئىلگىرى 114 ـ؟) — غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بېگى. ئۇ مىلادىدىن 139 يىل ئىلگىرى توخارىستان قاتارلىق ئەللەرگە ئەلچىلىككە بارغان.

سەرەمجانلاشتۇرۇۋالىدۇق. ئەلھال، ئۈچ يىلدىن بېرى، تەڭرى قوشۇنلىرىمىزنىڭ ئۇ يەردە تارتمىغان كۈنى، چەكمىگەن رىيازەتلىرى قالمىدى. بىراق، ئامۇرسەنا دېگەن بۇ قاراقچى قاچانغىچە تۇتۇلمىسا، جۇڭغارىيە شۇ ۋاقىتقىچە ئەمىن تاپالماس ئىدى. شۇڭا، ئۇنى تۇتۇپ، جازاغا تارتىمىش تەڭرىمۇ راۋا كۆرىدىغان، پۇقرالارمۇ راۋا كۆرىدىغان زور ئىش ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بىز جۇڭغارىيىگە يەنە لەشكەر چىقىرىشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇ بىزنىڭ ئۇرۇشخۇمار ئىكەنلىكىمىزدىن بولغان ئىش ئەمەس بەلكى چەت چېگرا - ھۇدۇتلۇقلىرىدا ھىدايەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئەمىنلىك ئورنىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۆتكەن يىلى ئامۇرسەنانىڭ رۇسىيىگە قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. رۇسىيە بىز بىلەن ئەزەلدىن ئىناق قوشنىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن ئەل. شۇڭا ئۇلارمۇ ئامۇرسەنانى تۇرغۇزماسلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامۇرسەنا قاتمۇ - قات قان قەرزگە بوغۇلغان، جىنايىتى ھەددى ھېسابسىز قاراقچىدۇر. ئۇنى باشقا جىنايەتچىلەرگە سېلىشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇڭا، رۇسىيە سېناتىغا ئامۇرسانانى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ يوللاش ئۈچۈن، ۋاسساللار مەھكىمىسىگە پەرمان چۈشۈردۇق!...①

ئۇ يەنە بىر قاتلاق مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ خۇشال بولدى:

- مانا، مانا، بىز باياتىن دېمەپمىدۇق؟ - دېدى گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن چەنلۇڭ، — رۇسىيە بىلەن چېگرا مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى جۇڭقۇرىدىغان مۇئەككەل، خالخە شاھزادىسى جامسە دورجى: «رۇسىيە برىگادىرى تىلماچ بىشروپ قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، ئامۇرسەنا

① «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى». 555 - جىلد، 5 -، 8 - بەتلەر. چەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

رۇسىيىگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا سۇغا چۆشۈپ كېتىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغانلىقىنى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا ياۋا چېچەك چىقىپ كېسەلدىن ئۆرە بولالماي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى» دەپ قاتلاق مەكتۇپ يوللاپتۇ. گەرچە بۇ گەپنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا بىرنەرسە دېمەك تەس بولسىمۇ ئامۇرسانانىڭ ئۆلۈكىنى كۆرگەندىن كېيىن بىرنەرسە دەرمىز. قانداقلا بولسۇن، كاززاپ ئامۇرسەنا كۇرمىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، تەڭرى خاقانلىقىمىزنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقتىن، ئاخىر بېشىنى يەپتۇ. گەرچە ئۇ بەندىنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان بولسىمۇ، ئەمما تەڭرىنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. «كىمەرسىكى گۇناھ قىلسا، جازاسى ئۆزىگە» دېگەن ئەنە شۇ! ئەلھال، رۇسىيە ئامۇرسەنانىڭ تەڭرى خاقانلىقىمىز ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا پاناھلىق بەرگەن. ھالا بۈگۈن ئۇ ئۆلۈپتۇ. رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئامۇرسەنانىڭ ئۆلۈكىنى بىزگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەسلىدە رۇسىيە بىز ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى ئەھد ـ پەيمانغا ئاساسەن، ئۇنىڭغا پاناھلىق بەرمەي، ئۇنى ئەيىبلىگەن بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. خەير، بولار ئىش بولدى، سەلتەنىتىمىز تۇتماقچى بولغان ئامۇرسەنا ھازىر ئۆلۈپتۇ. ئەلھال، جۇڭغارىيە ۋەزىيىتى شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ تۇراقلاشسا ئەجەب ئەمەس. بىزلەرمۇ جۇڭغارىيىنى ئۆز تەسەررۇپىمىزغا ئالماقچى بولغان مەقسىتىمىزگە تولۇق يەتتۇق... بۈگۈن رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئامۇرسەنانىڭ ئۆلۈكىنى تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىرى، خالخە شاھزادىسى جامسە

دورجىغا رەسمىي ھۆكۈمەت خېتى سۇندى. دېمەك، بۇ — بىز مانجۇ سەلتەنىتىنى كاڭشى، يۇڭجېڭ ۋە چەنلۇڭ يىللىرىدىن بۇيان قىيناپ كېلىۋاتقان جۇڭغارىيە مەسىلىسى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ![1]

بىراق، قارا دىۋان ۋەزىرى شۇ خېتىدە ھەرگىز ئۇنداق دەپ ھېسابلىمايتتى. چۈنكى، تېخى بۇنىڭدىن بىر ئاش پىشىم ئالدىدا ئۇ جۇڭغارىيە ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان خاقانى چىن قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى جاۋ خۇيدىن كەلگەن ئالتە يۈز چاقىرىملىق بىر جىددىي مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. بۇ مەلۇماتتا، مۇلكى قەشقەرىيە دەپ ئاتىلىدىغان جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىدا غەليان كۆتۈرۈلگەنلىكى، خاقانى چىننىڭ ئارخاشان باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك قوشۇنىنىڭ كۇچادا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقى يېزىلغانىدى. خاقانى چىن چەنلۇڭغا ھازىر بۇ مەلۇماتنى سۇنۇش — ئۇنىڭ بېشىغا بىر تۇڭ سوغۇق سۇنى شارقىرىتىپ قويغان بىلەن باراۋەر ئىدى. ئەمما، خاقانى چىننىڭ ئوردا قائىدىسىدە «ئالتە يۈز چاقىرىملىق جىددىي مەلۇمات قاچان يەتكۈزۈلگەن بولسا، قارا دىۋان ۋەزىرلىرى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇنى خانغا يەتكۈزۈشى لازىم، بولمىسا كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان تۇرسا، ئۇنى خۇشاللىقىدىن

---

① «يۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 555 - جىلد، 19 -، 21 - بەتلەر. چەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئامۇرسانا مىلادى 1757 - يىلى 8 - ئايدا چاررۇسىيىنىڭ سىمپىلاتىنىسكى قورغىنىغا قېچىپ كەلگەن. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بۇ يەردىن تۇۋۇرسىك دېگەن يەرگە كەتكەن. 1757 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇنىڭغا ياۋا چېچەك چىققان. 21 - كۈنى كېسەللى ئېغىرلىشىپ ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ چاغدا ئۇ 35 ياشتا ئىدى. خاقانى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ كەسكىن تەلىپىگە بىنائەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى مىلادى 1759 - يىلى 1 - ئايدا ئامۇرسانانىڭ جەسىتىنى چاكتۇغا ئېلىپ كەلدى. خاقانى چىن ھۆكۈمىتى ياندىش ئامبال سەنتەي بىلەن شاھزادە چىۋاڭ يالۇمىيى قاتارلىقلارنى چاكتۇغا ئەۋەتىپ ئامۇرسانانىڭ جەسىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، زىراتكىننىڭ «جۇڭغارىيە خانلىقى» دېگەن كىتابىنىڭ 435 - بېتىگە قارالسۇن.

گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىۋاتقان چەنلوڭغا سۇنماي ھەددىمۇ؟! . . .

* * *

ئەسلىدە، مىلادى 1756 - يىلى 2 - ئايدا خاقانى چىننىڭ قوشۇنلىرى ئىلىنى ئىككىنچى قېتىم بېسىۋالغاندا، ئىلىدا تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سەردارى ئەھمەد خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى خوجا جاھان بۇ قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىككى مىڭدەك ئادىمىنى باشلاپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە قاراپ قاچقانىدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئاكىسى بۇرھانىدىن خوجا مانجۇلارنىڭ زورى بىلەن مۇلكى قەشقەرىيىدىكى قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانىدى. خاقانى چىن چەنلوڭ خوجا جاھاننىڭ مانجۇ سەلتەنىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ «قورۇق چاقماقتىن ئوت چىققان»دەك بىر ئىش ئىدى. «تېزىنى باسسا، مېزى چىقىپتۇ» دېگەندەك، خوجا جاھان ئىسيانى جۇڭغارىيىنى تېخى ئەمدىلا تىنچىتىپ خاتىرجەم بولغان خاقانى چەنلوڭغا يەنە يېڭىۋاشتىن باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى. بىراق، «يامان ئىشنىڭ ياخشى تەرىپى بار» دېگەندەك، خوجا جاھاننىڭ مۇلكى قەشقەرىيىدە ئىسيان كۆتۈرۈشى خاقانى چىننىڭ مۇلكى قەشقەرىيىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىشتەك ئىستىلاچىلىق قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىشىگە ئوبدان باھانە بولۇپ بەردى. شۇنداقلا سان - ساناقسىز بىگۇناھ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇلارنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈشىگە ۋە ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، ياقا - يۇرتلاردا سەرسان بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. . .

*　　　*　　　*

مىلادى 1758 ـ يىلى قەمەرىيە 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كېچە. كېچىنىڭ قاراڭغۇسىنى ئاز دەپ ئاسماننى چوڭ ـ چوڭ قويۇق قارا بۇلۇتلار قاپلىۋالغانىدى. كۇچا قەلئەسىنىڭ ئىچىنى گوياكى قاتمۇ ـ قات زۇلمەت بېسىۋالغاندەك، ئادەم ئۆز ئالدىدىكى ئادەمنى كۆرۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ بەش قولىنىمۇ ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۇچا كوچىلىرىدا بىر خىل قورقۇنچلۇق مەشئۇملۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. مانجۇلارنىڭ كۇچا قەلئەسىنى قورشىۋالغىنىغا بۈگۈن ساقمۇساق ئەللىك سەككىز كۈن ۋە ئەللىك سەككىز تۈن بولدى. قەلئەنىڭ قىزىلقاغا قوۋۇقىنىڭ دەرۋازىخانىسىدىن چىقىۋاتقان جىنچىراغنىڭ ئاجىز شولىسى ئەتراپىنى خىرە ـ شىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. قورغان بېگى خۇدابەردى قوشبېگى ئۆزىنىڭ قەلئە ئىچىدىكى ئوردۇگاھىدا يەرگە دۈم يېتىۋېلىپ، قۇلىقىنى يەرگە چوڭقۇر كۆمۈلگەن بىر كۈپىنىڭ گىرۋىكىگە قويۇۋېلىپ، يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقان ھەرقانداق بىر شۇبھىلىك شەپىگە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى. «گۈپ، گۈپ!» قىلغان ئاۋاز يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇ كۇچا قەلئەسىنى قورشىۋالغان مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ لەخمە كولاۋاتقان ئاۋازى ئىدى.

مانجۇلارنىڭ كۇچانى قورشىۋالغان قارا چېرىكلىرىنىڭ سەردارى ئارخاشان دەپ ئاتىلاتتى. جاۋ خۇي ئۇنى مىلادى 1758 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، تۇرپانلىق ئىمىن خوجا ۋە خانىڭئانى مەسلىھەتچى ئامبال، شۇندىنا، ئېلىنئا، قۇمۇللۇق يۇسۇپ خوجا قاتارلىقلارنى ئاغلاقچى ئامبال قىلىپ، بىر تۈمەن مانجۇ ـ خەنزۇ چېرىكلىرىنى ئۇلارغا قوشۇپ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى مۇھىم شەھەر كۇچانى

خوجا جاھاننىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا ئەۋەتكەنىدى. مانجۇلارنىڭ كۆكمەنەك داۋىنىنى تارتىۋالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، خوجا جاھان دەرھال بۇرھانىدىن خوجىنى يەكەننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى بىر بۆلۈك لەشكەرنى باشلاپ ئاقسۇ چۆلىنى كېسىپ ئۆتتى ـ دە، ئاۋات ئارقىلىق كۇچاغا يېتىپ كەلدى ۋە كۇچا قەلئەسىنى ساقلاپ ياتقان خۇدابەردى قوشبېگى بىلەن بىرلىشىپ كۇچانى قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. مانجۇ سانغۇنى ئارخاشان كۇچانى بىر تۈمەن قارا چېرىك بىلەن قاتمۇقات قورشىۋالغان بولسىمۇ ئەمما شەھەرنى زادىلا ئالالماي، شەھەرنى شىددەتلىك توپقا تۇتتى. بىراق، شاخ ـ شۇمبا بىلەن قاڭدىلىپ پۇختا سوقۇلغان كۇچا سېپىلى ئىككى ئايدىن بېرى ھېچنېمە بولماستىن مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مانجۇلارنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەگە قىلغان ھۇجۇمى كۇچا قەلئەسى يېنىدا توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، خوجا جاھان قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلەپ پۇتتۇرۇۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىلدى. بۇ چاغدا خوجا جاھان بىر قىسىم لەشكەرنى باشلاپ كۇچا قەلئەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئىستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش قارارىغا كەلدى.

— قارا چېرىكلەرنىڭ قەلئە سېپىگە قارىتىپ كولاۋاتقان لەخمىسى ئىككى غۇلاچ ئارىلىققا يېتىپ كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى خۇدابەردى قوشبېگى خوجا جاھانغا.

— ئۇنداق بولسا، لەخمىگە قارشى كولانغان لەخمىنىڭ ئىچىنى شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن تولدۇرۇپ تەقمۇتەق بولۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئەمىر لەشكەر خوجا جاھان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ـ ئارىلىقتىكى تام ئېلىپ تاشلىنىشى بىلەن تەڭلا لەخمە ئىچىدىكى شاخ ـ شۇمبىلارغا ئوت قويۇۋېتىڭلار، قېنى، لەنتى قارا چېرىكلەر لەخمە ئىچىدە نەگە قاچالايدىكىن؟

خۇدابەردى قوشبېگى كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئەمىر لەشكەر، خاتىرجەم بولغايلا، بۇ ئىشنى مەن خېلى

بۇرۇنلا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانمەن، لەخمىگە ئوت قويغاندا، مانجۇلار ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلىمۇ دەرھال قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كەتكەيلا!

— ئىنشائاللا، دېگەنلىرىدەك بولغاي، بىز بۇ يەردە مانجۇلارنى ئىككى ئايدىن بېرى ھايال قىلىپ تۇتۇپ تۇردۇق، مۇشۇ مەزگىلدە، يەكەن، قەشقەر ئەتراپىلىرىدىكى قوشۇنلىرىمىز مۇھىم ئېغىز ـ قورۇللاغا ئامان ـ ئېسەن يۆتكىلىشۇالدى. دېمەك، ئەسلى مەقسىتىمىزگە يەتتۇق. ئەمدى قوشبېگى جانابلىرى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى خوجا جاھان، — بىز بۈگۈن كېچىدىكى پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ قورشاۋدىن ساق ـ سالامەت چىقىۋالساق، قارا چېرىكلەرنى يەكەن تەرەپكە باشلاپ كېتىۋىمىز. ئۇ چاغدا، سىلەرگە بولغان بېسىممۇ خېلى يېنىكلەيدۇ. مۈلكى قەشقەرىيەنىڭ پايانسىز كەڭ زېمىنىدا مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ يۇرنىدىن يېتىلەپ سۆرەپ يۈرۈپ ھالىدىن كەتكۈزۈش ھىيلىمىزمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ!

— ئۇقتۇم، ئەمىر لەشكەر، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى خۇدابەردى قوشبېگى قەتئىيلىك بىلەن، — كۈچا قەلئەسىنىڭ تېمى مۇستەھكەم، ئەل ـ يۇرتىمىزنى باسقۇنچىلاردىن قوغداش ئىرادىمىز چىڭ!

شۇ ئەسنادا تالادىن بىر نۆكەر يۈگۈرۈپ كىرىپ، خۇدابەردى قوشبېگىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ئەمىر لەشكەر جانابلىرى، مانجۇلار لەخمىنى كولاپ سېپىلنىڭ ئاستىغا يېتىپ كېلىشىپتۇ. لەخمىگە ئوت ياقسامىكىن؟

خوجا جاھان سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— بۇيرۇق چۈشۈرسىلە، باھادىرلار لەخمىگە ئوت ياقسۇن! — دەپ قولىنى سىلكىدى، — بىزمۇ مۇشۇ

پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ شەھەردىن چىقىۋالايلى!

ئەمىر لەشكەرنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ خۇدابەردى قوشبېگى دەرھال:

— ئەمىرىمنى يەتكۈز! — دەپ بۇيرۇدى ھېلىقى نۆكەرگە، — باھادىرلار لەخمىگە ئوت ياقسۇن. لەنىتى ياسقۇنچىلار مەزلۇملارنىڭ غەزەپ ئوتلىرىنىڭ يالقۇنىدا كۆيۈپ ئۆرتەنسۇن!

— قۇللۇق! — دېدى ھېلىقى نۆكەر ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن تالاغا قاراپ ماڭدى...

* * *

كوچا قەلئەسىنى ئىككى ئايدىن بېرى قورشىۋالغان مانجۇلار شەھەرگە شىددەت بىلەن قايتا - قايتا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئەمما قەلئەنى قوغداۋاتقانلارنىڭ ئەجەل ئوقىغا مەيدىسىنى تۇتۇپ بەرمەكتىن باشقا نەتىجە قازىنالمىدى. ئاخىر مانجۇ سەردارى ئارخاشان ياساۋۇلبېگى ما دېيىشكەنى يەر ئاستىدىن سېپىلغا قارىتىپ لەخمە كولاشقا بۇيرۇدى. لەخمە كولىنىپ سېپىلغا يېتەي دەپ قالغاندا، قەلئەدىكىلەر تۇيۇپ قېلىپ، لەخمىگە قارشى لەخمە كولاپ كېلىپ، مانجۇلارنىڭ لەخمىسىنىگە ئوت قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن لەخمە ئىچىدىكى ئالتە يۈزدەك مانجۇ چېرىكى ئىستا تۇنجۇقۇپ، ئوتتا ئۆرتىنىپ كۆيۈپ ئۆلدى.

مانجۇلار مۇشۇ پاتىپاراقچىلىقتا نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇشقىنىدا، ئەمىر لەشكەر خوجا جاھان قاپقارا تۈن پەردىسىدىن پايدىلىنىپ تۆت يۈزدەك ئاتلىق نۆكەرنى باشلاپ ئوردۇگاھ ئىچىدىن ئات سېلىپ چىقىشتى.

ئوردۇگاھتىن چىققان ئاتلىقلار قاراڭغۇدا تەخمىنەن كوچا

قەلئەسىنىڭ قىزىلقاغا دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ چېپىشىپ كېتىشۋاتاتتى. ئۇلار قىزىلقاغا دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، قەلئەنىڭ سىرتىدىن بىردىنلا دەھۇل - دۇمباقلارنىڭ گۇمبۇرلەپ، كاناي - بۇرغىلارنىڭ جاراڭلاپ چېلىنغىنى، يۇزلەپ قارا چېرىكلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى:

— دۈشمەن قاچماقچى، ئاگاھ بولۇڭلار!

مانجۇلار بېھىشباغ دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدا غوۋغا كۆتۈرۈپ، قەلئەگە يېنىپ تۇرغان ئوقلارنى ۋىژىلدىتىپ ئېتىشىۋاتقان چاغدا، ئەمىر لەشكەر خوجا جاھان باشچىلىقىدىكى ھېلىقى تۆت يۈز ئاتلىق قەلئەنىڭ قىزىلقاغا دەرۋازىسىدىن ئۇچقاندەك ئات سېلىشىپ چىقىپ كېلىشتى. ئوت قويۇپ بېرىلگەن لەخمۇ دەل مۇشۇ قىزىلقاغا دەرۋازىسىنىڭ ئاستىغا قارىتىپ كولانغانىدى. ھازىر لەخمە ئىچىدە قاپسىلىپ قېلىپ ئەجەل ھەلقۇمىدا جان تالىشىپ پاتپاراق بولۇپ تۇرۇشقان مانجۇ چېرىكلىرى قورغان ئىچىدىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققان بۇ ئاتلىق گۇرۇھنى كۆرۈپ مەڭدىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئۆزىگە كېلىشكەندە بولسا خوجا جاھانلار مانجۇلارنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىدىن ئاللىقاچان چىقىپ بولۇشقانىدى. مانجۇلار قاراڭغۇ كېچىدە پىستىرمىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئاتلىقلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاتلىقلارنىڭ تاراقلاپ چېپىپ كېتىۋاتقان تۇياق ئاۋازى بارغانسېرى ئۇزاپ، ئاخىرىدا بولسا ئاڭلانماي قالدى... خاقانى چىن چەنلۇڭ خوجا جاھاننى قاچۇرۇپ قويغانلىق گۇناھى ئۈچۈن ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن ئارخاشان، يانداش سانغۇن شۇندېنا ۋە ياساۋۇلبېشى ما دېشىڭلارنى تۇتۇپ كۆشۈك ھارۋىغا سېلىپ ئاستانىگە ياندۇرۇپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي، خاننىڭ پەرمانى بويىچە ئۇلارنىڭ كاللىسى ئېلىندى...

*　　　*　　　*

خوجا جاھان ئاكىسى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن ئىككىسى گەرچە بىر ئاتىدىن بولغان، بىر ئانىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن بىر قورساق ئاكا - ئۇكىلار بولسىمۇ، ئەمما «بىر پىلەكتە مىڭ خەمەك» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ خۇي - پەيلى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىشىپ كەتمەيتتى. ئاكىسى بۇرھانىدىن خوجا بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئاپاق خوجىنىڭ مىجەزىنى تارتقان بولۇپ، تولىمۇ ئۆزۈمچىل، جاھىل، خەسىس، كۆزى كىچىك، ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان، قوپال ۋە قورقۇنچاق بىر ئادەم ئىدى.

چەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى[1] 2 - ئايدا خاقانى چىن قوشۇنلىرى ئىلىغا تۇنجى داپقۇر بېسىپ كىرگەندە، بۇرھانىدىن خوجا مانجۇ سانغۇنى تولۇنتاي بىلەن بىللە قارا چېرىكلەرنى باشلاپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە يۈرۈش قىلغانىدى، شۇ چاغدا خوجا جاھان ئاكىسى بۇرھانىدىن خوجىغا: «ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن ياخشى، ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ جوڭغارلار ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ قارا بولغان يۈزىنى ئاقارتقايسىز!» دەپ نەسىھەت قىلغاندا، بۇرھانىدىن خوجا ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپ قويۇپلا جاۋاب بەرمىگەنىدى.

خوجا جاھان قەشقەرگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن خوجا جاھان ئاكىسى بىلەن پىنھان قالغاندا، بۇ گەپنى يەنە تىلغا ئالدى:

— بىزلەرنىڭ ئاتائى ئەجدادلىرىمىز ھەزرىتى بۇزرۇكۋار خوجا ئاپاق بوۋىمىزدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا ئۈچ ئەۋلادتىن تارتىپ جوڭغار قالماقلىرىغا غالچا بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋېتىپتۇ، — دېدى خوجا جاھان گەپنى ئەگىتمەستىن ئوچۇق ئېيتىپ تۇرۇپ، — ئەمدى،

---

① مىلادى 1756 - يىلى.

ئاغا سىزمۇ مانجۇ كاپىرلىرىغا ئىشلەيمەن دەپ ئىمانىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ يەنە! قاراڭ، مانجۇ خوجىڭىز ئۈچۈن تولا پالاقشىپ، ئاغزى - بۇرنىڭىز ھېلىتىن گەز باغلاپ، خۇددى شور يالىغان ساغلىقتەك بولۇپ كېتىپسىز! قېنى سىزنىڭ مۇسۇلمانلىقىڭىز؟!

— ئاپائى - ئەجدادىمىز جان بېقىش ئۈچۈن ئاشۇ ئىشنى تاللىۋېلىپ ئىشلىمىگەن بولسا، ھاياتى تېخىمۇ خەتەر ئاستىدا قالغان بولاتتى، — دېگەندى بۇرھانىدىن خوجا قىلچىمۇ ئۇيالماستىن، — شەرىئەتپاناھ خاقانى چىن شاپائەت يەتكۈزۈپ، بىزلەرنى جۇڭغارلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇردى. ئەلھال، ئەمدى يەنە مەرھەمەت قىلىپ، بىزلەرنى ئاشۇ زېمىنغا ۋەكىل قىلىپ تىكلىدى. ئاپائى - ئەجدادىمىزدىن «يىپ ئۆتكۈزۈلگەن يىڭنە يوقالمايدۇ» دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بىزلەرگە مىراس قاپتۇ. ھالا بۈگۈن خاقانى چىننىڭ خىزمەتلىرىگە ئىت بولۇپ يۈگۈرۈپ، قۇش بولۇپ ئۇچۇپ، ئات - ئېشەك بولۇپ ئىشلەپ، جېنىمىزنى پىدا قىلساقمۇ ئەرزىيدۇ ئەمەسمۇ؟

— بىلەمسىز كىن ئاكا، — دېدى خوجا جاھان ئاكىسىغا گەپ يېگۈزەلمەي جىلى بولۇپ، ئۇمۇ شۇتاپتا ئويچان كۆزلىرىنى يىراقتىكى تەڭرىتاغلىرىغا تىكىپ تۇراتتى، — ھەر كىمگە ئۆزىنىڭ كۆڭلىكى يېقىن، ھېچكىم بەدىنىنى ئۆز تىرنىقىدەك قاشلىمايدۇ، مۇراد - مەقسەت يوللىرىدا ھېچكىم ئۆز قەدەملىرىدەك تېزلىك بىلەن يۈگۈرمەيدۇ!...

— ھۆرمەتلىك خوجىزادەم، گېپىڭىزغۇ خاتا ئەمەس، بىراق، — بۇرھانىدىن خوجا سۆزنى توختىتىۋېلىپ، بىرئازدىن كېيىن يەنە داۋاملاشتۇردى:

— بىراق، بىز ئىلگىرىدىن تارتىپ، جۇڭغارلارنىڭ خورلۇقىنى تارتىپ كېلىپتۇرمىز، ئەلھال، مانجۇلارنىڭ زورىغا تايىنىپ، تەخت - بەختىمىزنى ئىسھاقىيىچى قارا ئازمىلاردىن

سويۇپ ئالۇرمىز، ئۇنداقتا سەلتەنەتنىڭ چوڭغا تايانماي تۇرۇپ، بۇ ئىشنى قىلىش مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا بالدۇرراق ئىنساپقا كېلىپ، ھەرقايسى شەھەرلەردە ئەمىنلىك ئورناتمىقىمىز لازىم ۋە تېڭىرقاپ يۈرمەي، بوغدا خاننىڭ تۈز ھەققىنى ئاقلىشىمىز، خاقانى چىنغا بەيئەت قىلمىقىمىز لازىم![1]

— ئى ئاغا، سىز نېمانچە ساددەدۇرسىز؟ — دېدى خوجا جاھان بورھاندىن خوجىنى قايىل قىلالمىغانسېرى جىلى بولۇپ، — دۇرۇس، جوڭغارلار سىز - بىز، ئابائى - ئەجدادىمىزدىن تارتىپ ئىككى ئەۋلادنى ئېرەن قابۇرغىدا نەزەربەند ئەيلىدى. ئەلھال، خاقانى چىن بىزلەرنىڭ پۇت - قوللىرىمىزنى بەندلىك يىپلىرىدىن بوشاتتى. بىراق، خاقانى چىننىڭ مۇددىئاسىنى بىلەمسىز؟ مۇبادا، بىزلەر بوغدا خاننىڭ پەرمانىنى پەرھىز تۇتۇپ، يارلىقنى ۋاجىپ دەپ بىلسەك، ئۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىن بىرىمىز مانجۇ ئاستانىسى بېيجىڭدا تۇرغاقلىقتا ياشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ[2]. ئۇ چاغدا بىزلەرنىڭ ئەفھالىمىز نە بولغاي؟ بىزنىڭ قەپەسدىكى شىردىن پەرقىمىز نېمە بولسۇن؟ ياغاچ قەپەس، ئالتۇن قەپەس شىر ئۈچۈن بەرىبىر قەپەس ئەمەسمۇ؟ ئالايلۇق، بىزلەرنى ئابائى - ئەجدادىمىزدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئالىقىنىدا ئوينىتىپ كەلگەن ئاشۇ جوڭغارلار ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە كۈچلۈك خوشنىسى بولغان خاقانى چىن تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئەلھال، بىزلەرنى تەقىپ قىلغۇچىلار ئەمدى باشقىلار تەرىپىدىن تەقىپ قىلىنماقتا. بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەركىنلىكىمىزنى قولىمىزغا ئېلىپ، ئۆز ئالدىمىزغا دۆلەت قۇرۇپ سەلتەنەت سۈرمىسەك، يەنىلا باشقىلارنىڭ مەھكۇملۇقىغا چۈشۈپ قالامىزمۇ؟ خاقانى چىن

① فوخۇەن: «جوڭغارلارنى تىنجىتىش چارىلىرى» 1 - قىسىم، 58 - جىلد. چەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

② چۇنيۇەن چىشىيى: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» 6 - جىلد، «بۇرھانىدىن خوجا، خوجا جاھانلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىش ئۆتمۈشى».

جۇڭغارىيىنى تېخى ئەمدىلەتىن ئۆز تەسەررۇپىغا ئالدى. مۇلكى قەشقەرىيىدە بولسا تېخى ئۆزلىرىنىڭ تەرتىپلىرىنى ئورناتقىنى يوق، مانجۇلار مۇلكىي قەشقەرىيىگە ۋاقتىنچە كۆپلىگەن قوشۇن ئەۋەتەلمەيدۇ. ئەگەر قوشۇن ئاجراتقان تەقدىردىمۇ، يول يىراق، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرەلىشى ئانچە ئوڭايغا توختىمايدۇ. شۇڭا، كۇچلۇك قوشۇن ئەۋەتىپ مۇھىم ئۆتكەللەرنى چىڭ ساقلىساقلا مانجۇ قوشۇنلىرى ئاسانلىقچە ئۆتەلمەيدۇ![1] بۇ ھەق سۇبھانەئاللا بىزگە بەرگەن پۇرسەتتۇر. بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز لازىم[2]

— بىراق، مۇلكىي قەشقەرىيىنى كۇچلۇك ئەلنىڭ ياردىمىسىز باشقۇرۇپ كەتمەك بەسىي قىيىندۇر. چۈنكى، يۇرتدارچىلىق ھەۋەس قىلىشقىلا بولىدىغان ئەمما ئۆزۈپ چېكىسىگە قىسقىلى بولمايدىغان تىكەنلىك چىمەنگە ئوخشايدۇ. بۇ ئاجايىپ چىمەننى ئاپىرىدە قىلغان تەقدىر دېھقىنى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى گۈزەل قىلىپ ياراتقىنى يوق. ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە گۈل، سەرۋى ۋە سۇمەنلەرنى تېرىغان بولسا، يەنە بىر تەرىپىگە خەس - خەشەك ۋە نەشتەر - تىكەنلەرنىمۇ تىكتى، — دېدى بۇرھانىدىن خوجا يەنىلا خاتىرجەم بولالماي.

— بۇ سۆزىڭىز تامامەن ئورۇنسىزمۇ ئەمەس، — دېدى خوجا جاھان، بىراق، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن جۇرئەت - شىجائەت كېرەك. سىز - بىزنىڭ قورماقچى بولغىنىمىز ھەرگىزمۇ ئابائى - ئەجدادىمىزنىڭ خاندانلىقى ئەمەس. بەلكى، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلۈك ئۇيغۇر سەلتەنەت مەركىزىدۇر. نىھايەت، قولىمىزغا قورال

① ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»، 4 - جىلد، «چەنلۇڭنىڭ مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش خاتىرىسى».

② چۈنيۈەن چىشىيى: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 6 - جىلد، «بۇرھانىدىن خوجا، خوجا جاھانلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىش ئۆتمۈشى».

ئېلىپ مانجۇلارغا قارشى باتۇرلاچە ئاتلىنىپ چىققانىكەنمىز، بۇ سەلتەنەتىمىزنىڭ نامىنى «باتۇرخان دۆلىتى» دەپ ئاتىساق تازا مۇۋاپىق بولۇر. مەن سىزنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسھاقىيىچىلەرنى قىرىپ، يۇرتنى مالىمان قىلغانلىقىڭىزنى تازا ماقۇل كۆرمىدىم. ھازىر ئىش ئۆتۈپ، تارىخقا ئايلاندى. بىراق، قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنى ھېلىمۇ يەنە دۈشمەن دەپ قاراش مۇۋاپىق ئەمەستۇر. ئۇلار ئوخشاشلا بىزنىڭ ۋەتەنداش قېرىنداشلىرىمىزدۇر. پەقەت مانجۇلارلا ھەممىمىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنىدۇر.

خوجا جاھان بۇرھانىدىن خوجىنىڭ قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرگە قارىشىنىڭ ئۆزى بىلەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ مانجۇلارغا بولغان خام خىيالىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىمىغاندا، ئۇنىڭدىكى قارا تاغلىقلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكىنى تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىغا كەلسەك، — دېدى خوجا جاھان تەمكىنلىك بىلەن، — بىزنى ئالىقىنىدا خالىغانچە ئوينىتالايمىز دەپ يۈرگەن ئاشۇ خاقانى چىنىنىڭ ئالدىدا بىز قەرزدار ئەمەس. بۇ ئۇرۇشنى قوزغىغان ئاشۇلار! بىزلەرنى ئۇرۇش ئوتى ئىچىگە سۆرەپ كىرگەنمۇ ئاشۇلار! ھەتتا، سىزنى قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن دەيدەيگە سالغانمۇ دەل ئاشۇلار! بىز نېمىدەپ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق، بىزلەر ئۈچۈن پايدىسىز قىلىپ چىقارغان ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنغۇدەكمىز؟ بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەركىنلىكى، ئىنسانىي غۇرۇرىمىز يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقاندا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىزلەرنىڭ ئىچكى ئىشىمىزغا ئارىلىشىدۇ؟ ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى

نىزالارنىڭ ھەممىسى ئىچكى ئىشىمىز ئەمەسمىدى؟ مۇلكىي قەشقەرىيە ئۆزىمىزنىڭ ۋەتىنى ئەمەسمىدى؟ شۇڭا ھۆرمەتلىك خوجىزادەم، بىز ئەمدى يەنە ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دەپ مەزھەپ تەپرىقاتچىلىقى قىلىپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم. بەلكى ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، خاقانى چىننىڭ ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىشىغا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. بولمىسا، ئۇلار خۇددى سەددىچىندىن باستۇرۇپ كىرىپ، سېرىق دەريا بىلەن كۆك دەريا ئارىلىقىدىكى كەڭ زېمىندىكى بىھېساپ ئاھالىنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلىپ ئالغىنىدەك بىزنىڭمۇ بۇرنىمىزغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈۋالىدۇ!

— خوجىزادەم، بۇ دېگەنلىرىڭىز بەلكىم ئورۇنلۇقتۇ، بىراق، — دەپ سۆزىنى توختىتىۋالدى بۇرھانىدىن خوجا، ئۇ مۇشۇ تاپتا خاقانى چىنغا قانداق تاقابىل تۇرۇشتا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانىدى.

— ئى ئاغا، سىز بىزنىڭ مانجۇلارغا تاقابىل كېلەلمەسلىكىمىزدىن ئەندىشە قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، — دېدى خوجا جاھان بۇرھانىدىن خوجىنىڭ مۇشۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى تېپىۋالغاندەك، — ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭ. ئۇيغۇرلاردا: «سۇ كەلگۇچە توغان سال» دېگەن گەپ بار. مەن مانجۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئاللىقاچان قىلىپ قويغانمەن!

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى بۇرھانىدىن خوجا ئانچە ئىشەنچ قىلالماي.

— بىز باتۇرخان دۆلىتى نامىدىن پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ھەر قايسى شەھەر، ئايماقلاردىكى پۇقرالارغا لەشكەر بېرىش، ئات ـ ئۇلاغ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك،

قورال - ياراق تەييارلاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرمىكىمىز لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ئەگەر مۇلكىي قەشقەرىيىدە پۈت تىرەپ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىچكى قىسىمدىن كېلىدىغان خەۋپنى يوق قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن جۇڭغارىيىدىن باشلاپ كەلگەن ئىككى مىڭ مۇسۇلمان چېرىكنى ۋە قەشقەر، يېڭىسار، پەيزاۋات، مەكىت، يوپۇرغا، مارالبېشى، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىكى مۇرىت - مۇخلىسلىرىمىزدىن تۈزۈلگەن سوپى لەشكەرلەرنى ئاساس قىلىپ لەشكەر تۈزمەكچى. بۇنداق بولغاندا، ئالىمادىس ئىسھاقىيىچىلەر بىزدىن يۈز ئۆرۈسە ياكى مانجۇلار بىزگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قارا قىرغىزلارنى بىزگە قارشى ئىشقا سالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بىتچىت قىلىپ تاشلىيالايمىز. ئۈچىنچىدىن، بىزنىڭ جاھان خوجا كۈچلىرىنىڭ قولىدىن مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشىمىزغا كۈچ چىقىرىپ تۆھپە كۆرسەتكەن سابىق ئۈچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجەسىنىڭ ئىنىسى ئابدۇۋاھاب بەگنى يەكەنگە ھاكىمبەگ قىلىپ يۆتكىۋېتەيلۇق، ئاقسۇغا ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇساتتار بەگنى ھاكىمبەگ قىلىپ قويايلۇق. شۇنداق قىلىپ بۇ دەھرىي بەگلەرنى قۇشقا دان چاچقاندەك ئالتە شەھەرگە چېچىۋەتسەك، بىزگە قارشى كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالمايدۇ. بىز مانجۇلار بىلەن خاتىرجەم ئۇرۇشالايمىز[1].

— ھەسسىنات، ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، خوجىزادەم، — دەپ قايىل بولماي تۇرالمىدى بۇرھانىدىن خوجا ئاخىر، — مەن

① خې نىڭ: «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىراتى»، 6 - جىلد، «خوجەسىنىڭ تەرجىمىھالى»

ئەمدى قايىلدۇرمەن. قېنى، خۇدا خالىسا، مانجۇلار بىلەن بىر ئېلىشىپ كۆرمەمدۇق؟...

كۇچا ئۇرۇشى مانجۇلارنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇش يولىدا قوزغىغان ئۈچ يىللىق دەھشەتلىك، قانلىق ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە تارىخ بېتىگە مۇشۇنداق يېزىلدى...

نەزمە

يىللار چەكسىز، پايانى يوق، ھايات ئۇزۇن!
جاھاندا خەلق بېشىمىزدىن ئۆتمەك ئىستەر.
قولدىن قولغا ئۆتۈپ شاھلىق بىزگە يەتتى،
بىزدىن يەنە باشقا قولغا شۇنداق ئۆتەر.

— شەيخ سەئدى.

## سەككىزىنچى باب

# قۇرمادىكى جەڭ

«قىساس ھاقارەتتىن دەھشەتلىكرەك بولىدۇ.»

— ژوۋاننى بوككاچچۇ

**مىلادى** 1759 - يىلى (توشقان يىلى) ئەتىياز.

جاۋخۇي قوشۇنلىرىنىڭ قاراسۇدا قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شىمالىي تارامدىكى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى فۇدې بۇيرۇقنا بىنائەن دەرھال ئۈچ مىڭ مانجۇ، سولۇن ئاتلىق چېرىكىنى باشلاپ يېغىۋاتقان قارغا قارىماستىن قەمەرىيە 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پىچاندىن يولغا چىقتى.

قوشۇن پايانسىز چۆل ئىچىدە كېتىۋاتقىنىغا تۈنۈگۈن ساقمۇ ساق ئون كۈن بولدى. قەدىمدىن تارتىپ سانسىزلىغان ئادەملەر بېسىپ ئۆتكەن بۇ داغدام يولدا قىل قۇيرۇق بولۇپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ باش - ئايىغى كۆرۈنمەي قالغانىدى. مانجۇلار ھەربىر مەنزىلدىن يولغا چىققاندا، دۈشمەن قوشۇنى يولۇقۇپ قالارمىكىن دەپ، ئالدىدىكى مەنزىلگە يەزەكچى قىسىم چىقىراتتى. بەزىدە ئۇيۇق چېتىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ

ئۇستىدە بۇ مانجۇ يەزەكچىلىرى غىل ـ پال قارا كۆرسىتىپ قويۇپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزدىن غايىب بولاتتى. بەزىدە بىرەر دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قولىرىدىكى قىزىل بايراقچىلارنى پولاڭلىتىپ قوشۇنغا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە بەلگە بىرەتتى ـ دە، ئاندىن بىپايان چۆلنىڭ ئۇ چىتىگە قاراپ كىتەتتى.

قەدىمكى دەريا ئىقىنىنى بويلاپ چەكسىز سوزۇلغان ئايدالا ئەسىرلەردىن بىرى ئىغىر ئۇيقۇدا ياتاتتى. دەريا قىنىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان بۇلاقلارنىڭ ئەتراپلىرىدا بولۇق ئۆسكەن يۇلغۇنلار، چاتقاللار بار ئىدى. دەريا قىنىنى بويلاپ كەتكەن پايانسىز توقايزارلىقلاردىكى توغراقلارنىڭ ئۇچى يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

غەربىي ـ جەنۇبقا قاراپ يىلاندەك سوزۇلغان بۇ قەدىمكى چوڭ يولنىڭ ئاخىرىغا چىقىپ بولغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ يۇرۇڭقاش ۋادىسىدىكى خوتەن شەھىرىدىن، ياكى زەرەپشان ۋادىسىدىكى يەكەن شەھىرىدىن ۋە ياكى قىزىل دەريا ۋادىسىدىكى قەشقەر شەھىرىدىن چىققان كارۋانلار، ياكى كۇنچىقىشتىكى قۇدرەتلىك ئەل خاقانى چىندىن چىققان كارۋانلار ۋە كۇنپېتىشتىكى چەت ئەللەردىن چىققان ئەجنەبىيلەر قەدىمدىن تارتىپ بۇ يولدا ئايىغى ئۈزۈلمەي مىڭىپ كەلگەنىدى. بۇ يولدا بەزىلەر مال ئالماشتۇرۇش، سودا ـ سېتىق قىلىش ئۇچۇن كارۋان باشلاپ ماڭسا، يەنە بەزىلەر بۇ باياشاد زىمىننى ئىستىلا قىلىش، بۇلاپ ـ تالاش نىيىتىدە قوشۇن تارتىپ ماڭاتتى.

قوشۇن ئارىسىدا ئاتلىق كىتىۋاتقان سانغۇن فۇ دې بۇنداق ھىچنىمە ئۇنمەيدىغان چۆل ـ جەزىرىدىمۇ تارىختىن تارتىپ ئادەملەر ياشاپ كىلىۋاتقىنىغا ئەقلى زادى يەتمەيۋاتاتتى، خاقانى چىننىڭ يۇز مىڭلاپ ئادەمنىڭ جىنىغا زامىن بولۇش ھىسابىغا

بۇنداق ئۇنۇمسىز زېمىننى تالاشقىنىغا بەكمۇ ئىچى پۇشاتتى. «... بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى قانچىلىك؟ — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — جۇڭغارىيىنى ئىككى داپقار لەشكەر چىقىرىپ ئاران تىنچىتالىدۇق. جۇڭغارىيىنى ئىككى قېتىملىق ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىدا ئۇ يەرلەردىكى ئادەم ئۇرۇقى قۇرۇتۇۋېتىلدى. ئەلھال، چەنتۇلار يۇرتىنى تىنچىتىش ئۈچۈن جەنۇبقا نەچچە داپقۇر چېرىك ئەۋەتىلدى، ھەتتا جۇڭغارىيىدە سان ـ ساناقسىز ئادەم ئۆلتۈرۈپ ‹قاسساپ› دەپ نام ئالغان جاۋ خۈيمۇ ئاخىر چەنتۇلارنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسى ئىچىدە قېلىپ، ‹ۋاي داد› دەپ بىزنىڭ جىددىي كېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىشىمىزغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ، نەدە توختار ـ ھە؟...»

ئۆتكەن يىلى① ئەتىيازدا جاۋ خۈي قوشۇنلىرى خان يارلىقىغا بىنائەن جەنۇبتىكى ئىسيان كۆتۈرگەن چەنتۇلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن مۇلكىي قەشقەرىيىگە قوشۇن باشلاپ كەتكەندىن كېيىن يانداش سانغۇن بولغان فۇ دېمۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئەمدىلەتىن تىنچىتىلغان جۇڭغارىيىدە مانجۇلارنىڭ ئورناتقان تەرتىپىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قورغاسقا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. بۇ چاغدا ئىلى دەرياسىدا مۇز چۈشكەن، دەريادا شۇرمەل ئېقىۋاتقانىدى. ئەزىم دەريانىڭ قىنىغا پاتماي شىددەت بىلەن ئېقىشى خۇددى بوينىنى ئالدى ئىككى پۇتىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئۈستىدىكى ئادەمنى يىقىتماقچى بولۇپ ھەدەپ مۈڭگۈپ يۈرگەن توسۇن ئايغىرغا ئوخشايتتى. شۇرمەللىك سۇ ئۈستىدە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالىدىغان ئاقىرىپ تۇرغان «چوڭ ياغاچ» لار ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئېقىپ كېلىپ سايازلىقتا

① مىلادى 1758 ـ يىلى.

كەلگەندە، بىرسىنىڭ ئۈستىگە بىرى مىنگىشىپ دۆۋىلىشىپ كېتەتتى. بۇ «ياغاچ» لارنىڭ ئۈستىنى بىر توپ قاغىلار ئورنىۋالغان بولۇپ، بەزىدە ئاشۇ ئاقىرىپ كۆرۈنگەن «ياغاچ» لارنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى چوقۇشاتتى.

— ھوي، بىزنىڭ ياغاچ دەۋاتقىنىمىز ياغاچ ئەمەسكەن جۇمۇ! قاراڭلار، ئۆلگەن ئادەملەركەن... بۇ سوقۇشتا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى بولۇشى مۇمكىن.... جاۋ خۇي دېگەن قاسساپنىڭ قىلغان ئىشىكەن دەڭلار بۇنى، تۇفى!... ئۇ جۇڭغارىيىدە بوغدا خاننىڭ تەرتىپىنى مانا مۇشۇنداق ئورناتقان ئىكەن ـ دە، كاساپەت! — دېدى مانجۇ سەردارلىرىدىن بىرى.

— ھاي، ئاغزىڭنى تىيى جۇمۇ، ھېلى بىكار فۇ دې ئاڭلاپ قالسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆزۈڭگە كۆرسەتمىسۇن يەنە؟! — دېدى بىرى ئۇنى سۆزلەشتىن توسۇپ.

سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان ئادەم ئۆلۈكلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، قىشچە قار ـ مۇزنىڭ ئاستىدا تۇرغان بۇ جەسەتلەر ئەتىيازدىكى ئاپتاپ تەپتىدىن ئېرىپ كۆپتەك ئىششىپ كەتكەنىدى. ئىلى دەرياسىنىڭ كۆچلۈك دولقۇنلىرى بۇنچىۋالا كۆپ جەسەتنى قىرغاقتىكى قۇمغا كەينى ـ كەينىدىن ئۇرۇپمۇ چىقىرىپ بولالماي ھېرىپ قېلىۋاتاتتى. ئۆلۈكلەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى دۆۋىلىنىۋېرىپ، ئاخىر دەريا قىنىنى پۈتۈنلەي توسۇۋالدى. دەريا قىنى شۇرمەل ۋە ئادەم ئۆلۈكلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكتىن، تاشقىن ھاسىل بولدى. دەريا ياقىسىنى بۇزۇپ چىققان سۇ قورغاسنى بېسىشقا باشلىدى. ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران قىلىپ تاشلانغان ئاۋۇل ـ ئاۋدانلار ئىلى دەرياسىنىڭ دەھشەتلىك تاشقىنى ئاستىدا قالدى. كەڭ يايلاقلار سۇ ئاستىدا قالدى. ھەتتا مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قارارگاھى بولغان قورغاس كۆرەسىمۇ ئىلى دەرياسىدىن تېشىپ چىققان سۇنىڭ ئاستىدا قالغانلىقتىن، خاقانى چىن مانجۇ كۆرەسىنى ھازىرقى

غۇلجا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە قارا چېرىكلەرگە دەرھال دەريادىكى ئادەم ئۆلۈكلىرىنى تۆمۈر ئاماچ بىلەن ئىلىپ قىرغاققا تاشلاپ، دەريا ياقىسىنى تازىلاپ، سۇ يولىنى راۋانلاشتۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى①.

شۇ چاغلاردا ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياشايدىغان ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى يەرلىك قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى. بۇ ئاھالە جۇڭغارلار ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلىدىغان «تارانچى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنى، سودا - سېتىق، ھۈنەر - سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «بازارگان» دەپ ئاتالغان قول ھۆنەرۋەن ئۇيغۇرلارنى، جۇڭغارلار ئۈچۈن مىلتىق، تۇفەڭ سوقۇپ، توپ قۇيۇپ، ئوق - دورا ياسايدىغان «بوچى» دەپ ئاتالغان تۆمۈرچى ئۇيغۇرلارنى ۋە شۇنىڭدەك مۇلكىي قەشقەرىيىدىن ھەيدەپ كېلىنىپ «ئۇششاقلار» دەپ ئاتالغان «غالچا چوكان»، «غالچا يىگىت» قاتارلىق ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مانجۇلار چەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى جۇڭغارىيىنى تۇنجى داپقۇر ئىستىلا قىلغاندا، قەشقەرلىك ھوسەيىن سوپى ئىسىملىك بىر جۇڭغار زەيساڭى ئۆزىنىڭ ئىككى تۈمەن تۇتۇندىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ كېلىپ مانجۇلارغا ئەل بولغانىدى. بۇ ھەقتە مانجۇ سانغۇنلىرىنىڭ خاقانى چىن چەنلۇڭغا يوللىغان مەكتۇپلىرىدا: «.... قەشقەرلىك ھوسەيىن سوپى بەگ: مەن ئەسلىدە قەشقەرلىك زەيساڭ ئىدىم. جۇڭغار خانى داۋاچى مېنى مەنسەپتىن قالدۇرۇۋەتكەچكە، ئىلىدا تۇرۇپ قالغانىدىم... ئەلھال، بۇغدا خانغا ئەل بولۇش ئۈچۈن ماڭا قاراشلىق ئىككى تۈمەن تۇتۇندىن ئارتۇغراق ئادىمىمنى باشلاپ كەلدىم.. دەيدۇ»

① كىشىلەر ئارىسىدا: «ئىلى دەرياسىدىكى ئۆلۈكلەر ئىلمەك بىلەن ئىلىپ ئىلىنغاچقا، دەريانىڭ نامىمۇ ئىلى دەرياسى، دەپ ئاتالغان» دېگەن رىۋايەتمۇ بار.

دەپ يېزىلغانىدى.[①]

ئۇنىڭدىن باشقا، مىلادى 1678 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر قېتىمقى قورچاق يەكەن خانلىرى مۇلكىي قەشقەرىيىدىن ھەر يىلى جۇڭغارىيىگە ئەۋەتىپ تۇرىدىغان توققۇز يۈز غالچا چوكان، توققۇز يۈز غالچا يىگىت ئايىقى ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تۇرغاچقا، يۈز يىل ئىچىدە جۇڭغارىيىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى يۈز مىڭ تۇتۇندىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇشىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە، ھەر قېتىمقى زور ئۇرۇشتىن كېيىن چوقۇم بىر قېتىملىق ۋابا ئەگىشىپ تارقىلاتتى. مانجۇلار جۇڭغارىيىنى قانغا پاتۇرغاندىن كېيىن كەڭ ئېلى ۋادىسىدا «ياۋا چېچەك تارقىلىپ، ئەجەل مۇئەككىلى ھەممىلا يەردە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ قالغان تىرىك ئادەملەرنىڭ كەينىدىن شىپقاپ يۈردى.»[②] «ھەر ئون ئادەمنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئادەم ياۋا چېچەكتىن ئۆلۈپ كەتتى.»[③] ھەتتا بەزى يەرلەردە «ھەر ئون ئادەمنىڭ ئىچىدە تۆت ئادەم ياۋا چېچەكتىن ئۆلۈپ كەتتى.»[④] مالىمانچىلىقتا ياۋا چېچەكتىن ئۆلمەي ساق قالغان ئاھالە «قازاق دالاسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا قېچىپ كەتتى.»[⑤]

دېمەك، خاقانى چىن ئىلگىرى ـ ئاخىر قوزغىغان ئىككى قېتىملىق قانلىق ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇشىدا ئېلى ۋادىسىدىكى ۋە پۈتۈن جۇڭغارىيىدىكى ئۇيغۇر، جۇڭغار ئاھالىسىنىڭ ئوندىن سەككىز ئۆلۈشى مانجۇلار تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە قىرىپ

① «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 494 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى.

② «چىرقىراق شىپاڭ خاتىرىلىرى»، 3 ـ جىلدا، «غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىشنىڭ ـ ئالدى كەينىدە».

③ «چىرقىراق شىپاڭ خاتىرىلىرى»، 3 ـ جىلد، «غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىشنىڭ ئالدى كەينىدە».

④ ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»، 4 ـ جىلد، «چەنلۇڭ يىللىرىدا جۇڭغارلارنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى».

⑤ «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 252 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 10 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى.

تاشلاندى. يەنى بۇ تۆت يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلدى، دېگەنلىك بولىدۇ! بۇ ئۇرۇشتا ئۆلمەي ئامان قالغانلىرىمۇ بۇ ئۇرۇشقا ئەگىشىپلا تارقالغان ياۋا چېچەك ۋاباسىدا قىرىلىپ كەتتى[①]. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىپايان جۇڭغارىيە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئادەمسىز چۆل رايونغا ئايلىنىپ قالدى...

فۇ دې بىر خىل سۈرئەت بىلەن مېڭىپ، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قارا چېرىكلەرگە قاراپ قويدى. ئاندىن توختاپ قالغان ئېتىنى پۈتى بىلەن دېۋىتىپ مېڭىشقا مەجبۇرلىدى.

«... جۇڭغارىيىدە يۈز بەرگەن ئاشۇنداق ۋەھشىيلىكلەر بۇ چەنتۇلار يۇرتىدىمۇ يۈز بېرەرمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز ئىچىدە. تۇساتتىن جاۋ خۇينىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى. ئۆتكەن يىلى جاۋ خۇي چەنتۇلار يۇرتىغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ئالدىدا: «... مەن يەرلىك پۇقرالارنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈشنى ئەزەلدىن قوللىمايمەن، — دېگەنىدى كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — شۇڭا، قول ئاستىمدىكى ئادەملىرىمنىڭمۇ يەرلىك پۇقرالارنى قالايمىقان ئۆلتۈرمەسلىكىنى قاتتىق تەكىتلەپ كەلمەكتىمەن. لېكىن، چەنتۇلارنىڭ سەردارى بۇرھانىدىن خوجا: ‹گەدەنكەش چەنتۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، مېلىنى بەيتۇلمال ئالامسىلەر!›، دەيدۇ! ئەلۋەتتە، بۇ ئىشقا كىم قىزىقمايدۇ؟ شۇڭا، ئۇنى توسۇشقا ئامالسىز قالدىم. مەن چەنتۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى مۇۋاپىق دائىرىدە چەكلىسەك،

---

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن شىنجاڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ـ نەشر قىلىش ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1987 ـ يىلى نەشر قىلىنغان شىبەچە «دۆڭچىنانىڭ غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى» دېگەن كىتابقا؛ موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمىنىيە» دېگەن كىتابىغا؛ يەنە كروپاتكىن يازغان «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابنىڭ 1983 ـ يىل 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرىنىڭ 162 ـ بېتىگە قاراڭ. ئۇنىڭدا «1758 ـ يىلى، بوغدا خان تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى قىسمەن قوزغىلاڭلارنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، جاۋ خۇي ۋە فۇ دېنىڭ قوماندانلىقىدا جۇڭغارلارنى قاتتىق باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، موغۇلىستاندا ئەر- ئايال، قېرى ـ ياش دېمەستىن ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ قىرغىن باشلىنىپ كەتتى. ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇ قىرغىندا 1 مىليون ئادەمنىڭ بېشى ئېلىندى...» دەپ مەلۇمات بېرىلگەن.

دېمەكچىمەن. بولۇپمۇ مەن بالىلارنى، ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشكە قارشى. چەنتۇلارنىڭ ئىسيانچى ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. چۈنكى، گەدەنكەش چەنتۇلار ھايۋان قاتارىدىكى ئادەملەردۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ خوتۇنى ۋە ئۆيىگە كۆيۈنمەيدۇ. ئۇلاردا غۇرۇر دېگەن نەرسە مۇتلەق يوق. شۇڭا، ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش بىلەن بىللە، كۆپرەك روھىي جەھەتتىنمۇ ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش كېرەك!.....»

جاۋ خۇيىنىڭ شۇ قېتىمقى چەنتۇلار يۇرتىغا يۈرۈش قىلىش پىلانىنى خاقانى چىن چەنلۇڭ ناھايىتى تېزلا قارا دېۋانغا تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ قارا دېۋان ۋەزىرى شۇ خېدېينى خاقانى چىننىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى جاۋ خۇيغا مۇشاۋىر ئەزەم قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. «مۇبادا، ئاسىي مۇسۇلمانلار، — دېيىلگەنىدى خاقانى چىننىڭ بۇ تەستىقىدا، — ياخشىلىقچە تەسلىم بولۇپ، ياۋاش، مۆمىن پۇقرا بولۇشقا ماقۇل كەلسە، ئاندىن رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئويلاشساڭلار بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى (5000 چاقىرىم) يىراققا پالاپ، ئەگەشكۈچى نادان پۇقرالارنى ئۆز جايىدا ياۋاش - يۇمشاقلىق بىلەن ئۆز پۇقرادارچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىجازەت بەرسەڭلار بولىدۇ. مۇبادا ئۇلار سەللا نارازى بولۇپ قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇلارنىڭ سەلتەنىتىمىزگە پۇقرادارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ قىلچىمۇ يۈز - خاتىرىسىنى قىلماستىن قىرىپ تاشلاپ، تەگرى قوشۇنلىرىمىزنىڭ سۈر - ھەيۋىسىنى نامايان قىلىشىڭلار كېرەك. بۇنداق ئىشلاردا ئاۋۋال كاللىسىنى ئېلىپ، ئاندىن مەلۇم قىلساڭلارمۇ بولۇۋېرىدۇ!»①

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى» 556 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

دېمەك، ئۇرۇش قانچىكى ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى، بوغدا خاننىڭ خەزىنىسىدىن سەرپ بولىدىغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرمۇ شۇنچە كۆپىيىشكە باشلىدى. ئېيىغا بىر مىليون سەر كۈمۈش ئۇرۇش راسخوتى چىقىم بولۇۋېرىش - خاقانى چىننى خېلى ھالسىراتماقتا ئىدى! شۇڭا، بۇ ئۇرۇشتا خاقانى چىن چەنلۇڭدىن تارتىپ جۇڭغارىيە ئالدىنقى سېپىدىكى مانجۇ قوماندانلىرىغا قەدەر ھەممىسى (ئەلۋەتتە ياندىش سانغۇن فۇ دېمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بۇ ئۇرۇشنىڭ بالدۇرراق ئاخىرلىشىشىغا تەشنا ئىدى. بىراق، ئۇرۇش يىلدىن - يىلغا سوزۇلغانسېرى مانجۇلارنىڭ كۆزلىرى غەزەپكە، نەپرەتكە، قانغا تولۇپ، تولىمۇ رەھىمسىز بولۇپ كېتىشىۋاتقانىدى!

بۇ قارا چېرىكلەر دۈشمەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايتتى. چۈنكى، ئۇلار: «بۇ ئىشلار دارىنلارنىڭ ئىشى، بىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟» دەپ ئويلىشاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا باش قاتۇرۇپمۇ كېتىشمەيتتى. فۇ دې مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، قارا چېرىكلەرگە ھەۋەس قىلىپ قاراپ قويدى ۋە خىيالىنى داۋاملاشتۇردى.

راست، بۇ ئۇرۇش ئۇنداق بولسىمۇ، بۇنداق بولسىمۇ قارا چېرىكلەر ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. چۈنكى، بۇ يەرلەردە ئولجا دېگەن تولا گەپ ئىدى. چەنتۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا ھەرقانداق مۇئامىلىدە بولۇۋېرىش - مانجۇلارنىڭ ئۇلۇغىدىن «گۇناھ ھېسابلانمايدۇ!» دەپ رۇخسەت بېرىلگەن ئىش ئىدى. بەلكى ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ شەپقەتسىزلىك-لىرىدىن - چەنتۇلارنىڭ بوۋاقلىرىنى نەيزىلىرىگە ئىلىشتۈرۈپ، ئاسمانغا ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىغانلىقلىرىدىن ماختىنىشاتتى. ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن يەرلەردە چەنتۇلارنىڭ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئۆيلىرىنىڭ تۈتەپ يېنىۋاتقان كېشەك -

راملىرى، پۇقرالارنىڭ قانغا مىلەنگەن ئۆلۈكلىرىلا قالاتتى.

ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇشى چەنتۈلار يۇرتىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ سوزۇلغانسېرى قارشىلىق بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئاھالىنىڭ ياشلىرىدىن تارتىپ قېرىلىرىغىچە، ھەتتا ئەر - ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن خەلق، پۈتۈن ئۇلۇس بۇ ئۇرۇشقا مەجبۇرىي تارتىپ كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ ئۇرۇشتا فۇ دې ئۆزى چۈشەنمەيدىغان تەرەپمۇ بار ئىدى. جاۋ خۇي كۆپ قېتىم قول ئاستىدىكىلەرگە: «دۈشمەن تارمار قىلىندى، قانغا پاتۇرۇلدى. ئەمدى كەسكىن بىر - ئىككى قېتىم زەربە بېرىلسىلا، چەنتۈلارنى يوقاتماق جۇڭغارلارنى يوقاتماقتىن كۆپ ئوڭايغا توختايدۇ» دەپ ئېيتقانىدى. نىھايەت، كەسكىن زەربىمۇ بېرىلدى، دۈشمەننىڭ مەغلۇپ قىلىنغان قوشۇنلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرى پەيدا بولۇشاتتى. ئۇلارمۇ ئالدىنقىلىرىدەكلا ئۆلۈمگە دۇچ كېلەتتى - دە، نابۇت بولۇشاتتى. جۇڭغارلارمۇ بۇ چەنتۈلاردەك مۇنداق شىددەت بىلەن ئۇرۇشمىغان ۋە بۇلاردەك ئوق - يامغۇرىغا قارشى قەيسەرلەرچە كۆكرەك كېرىپ، ئۆلۈمنى قارشى ئېلىشمىغانىدى! ئاخىر قانداق بولدى دېمەمسىز؟ مانا مۇشۇ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان چەنتۈلارلا جاۋ خۇينى يەكەننىڭ قاراسۇ دېگەن يېرىدە قاتمۇ - قات قورشىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدىغۇ؟ شۇڭا، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلىماسلىق كېرەككەن!

*　　　*　　　*

چەنلۇڭنىڭ چەنچىڭگۇڭ قەسرىدىكى خابگاھىدا زوراغالىق كېڭەشى چاقىرىلدى.

بۇ چەنچىڭگۇڭ قەسرى ئىنى 15 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 48 مېتىر چوڭلۇقتىكى ھەشەمەتلىك ساراي بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق

ۋە غەرب تەرەپلىرىدە يەنە ئىنى 7.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 26 مېتىر كېلىدىغان بىردىن ئايۋان بار ئىدى. تېگىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا قەسىرنىڭ پۈتۈن ئېگىزلىكى 24 مېتىر كېلەتتى. ئۇ چەنلۇڭنىڭ ھەرىمىدىكى ئەڭ چوڭ قەسىر بولۇپ ھېسابلىناتتى. قەسىرنىڭ ئىچىگە ئالتۇن ياللىتىلغان تەخت قويۇلغان بولۇپ، تەختنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن مانجۇلارنىڭ بۈزرۈكۋار خاقانى شۈنجىنىڭ[1] ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان «ئادالەتلىك، ئوچۇق - يورۇق بولۇش» دېگەن ئالتۇن لەۋھە ئېسىقلىق ئىدى. قەسىرنىڭ خا - جەگىلىرى ۋە ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ رام - كېشەكلىرىگە ئالتۇن ئەجدىھا ۋە ھەل بېرىلگەن گۈللەر ئورنىتىلغانىدى. تورۇستىكى ۋاسا جۈپلەرمۇ ئالتۇن ياللىتىلغان ئەجدىھا سۈرەتلىك گۈللەر بىلەن قاپلانغانىدى. قىزىل سىرلانغان شاھسۇپا ئۈستىگە مىستىن ياسالغان تۆت ئىسرىقدان، سائەت، مىزان، مىستىن ياسالغان تورنا، تاشپاقا ھەيكىلى ئىككى تەرەپكە بىردىن قويۇلغانىدى. قاشتېشى چىراغپايدىن بىر جۈپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شاھسۇپىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مەملىكەت ۋە سەلتەنەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە بىردىن كىچىك ئالتۇن ئوردا مودېلى قويۇلغانىدى.

چەنلۇڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك چەنلۇڭ قەسىرىگە كېلىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى تەختتە ئولتۇرغان خان - پادىشاھلارنىڭ سۆزلىرى يېزىلغان يادنامىلەرنى ئوقۇپ تۇراتتى. سەلتەنەتنىڭ بەزى مۇھىم قوبۇل مۇراسىملىرىمۇ مۇشۇ قەسىردە ئۆتكۈزۈلەتتى. ئادەتتە ھەر قېتىم زور ئوردا مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى خان مۇشۇ قەسىردىن ئوردىغا چىقاتتى.

---

① شۈنجى (1644 - 1661 - يىللىرى تەختتە) — ئىسىنگورو فۇلىن. مانجۇلار سەددىچىن ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىنكى تۇنجى خاقانى چىننىڭ سەلتەنەت نامى.

خاقانى چىن چەنلۇڭ زامانىسىغا كەلگەندە، مەملىكەت ۋە سەلتەنەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور قارارلار چىقىرىلغان «توققۇز كىشىلىك مەخپىي كېڭەش» مۇ مۇشۇ چەنچىڭگۇڭ قەسرىدە چاقىرىلىدىغان بولدى.

بۇگۈن چەنچىڭگۇ قەسرىدە جۇڭغارىيە تەسەررۇپ قىلىنغاندىن كېيىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھىرىگە ئەسكەر چىقىرىش مەسىلىسى خاقانى چىننىڭ «توققۇز كىشىلىك مەخپىي كېڭەش» دەپ ئاتىلىدىغان زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇلدى.

چەنلۇڭ ئەئيانلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىنى ئاڭلىغاچ شاھسۇپا ئۈستىگە قويۇلغان ئالتۇن تەختتىن شاھسۇپا ئۈستىگە چۈشتى ۋە:

— بەزىلەر باياتىن: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقساقىلى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ئەسلىدىلا ئۇيراتلارغا بېقىنمىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار سەلتەنەتىمىزنىڭ شاپائىتىگىمۇ ھازىرچە قاراپ بېقىش ئىستىكىدە بولۇۋاتماقتا. ئۇلارنىڭ دەرھال بوغدا خانغا ئەل بولماسلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە»[①] دېيىشتى. ماقۇل، شۇنداقمۇ بولغان بولسۇن دەيلۇق، — دېدى چەنلۇڭ شاھسۇپا ئۈستىدە ماڭغاچ سۆزلەپ تۇرۇپ، — ئۇلارچە بولغاندا، «پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇلارنى زاكۇنغا تارتقاندا، ئەكسىچە ئۇلار گۇناھىدىن قورقۇپ ئىسيان كۆتۈرىدۇ ياكى ئۇيراتلار بىلەن بىرلىشىۋالىدۇ ـ دە، ئۇ چاغدا چاتاقنىڭ چوڭى تېرىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى جازالاشقا ھازىرچە ئالدىراپ كەتمەسلىك لازىم»[②] ئىمىش. جۇڭغارىيىنى تەلتۆكۈس ئۆز تەسەررۇپىمىزغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى سۈرۈشتە قىلساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز ئىمىش. بولمىسا، ئۇلۇغ مانجۇ

① فۇخۇەن: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىشنىڭ چارىلىرى»، 1 ـ قىسىم، 39 ـ جىلد چەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.

② «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 536 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

سەلتەنىتىنىڭ تېخىچە ئاقارتىلمىغان بۇ نادان مۇسۇلمان چەنتۇلارغا نىسبەتەن كەڭ قورساقلىقىنى، چىۋىنغىمۇ ئازار بېرىشنى خالىمايدىغان رەھىمدىل كۆڭلىنى، مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىدىنمۇ زىيادە مېھرىبانلىقىنى ئاجىز، غېرىب - غۇرۋالارغا بولغان چەكسىز شاپائىتىنى ئىپادىلىگىلى بولماس ئىمىش! جۇڭگودا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن پادىشاھ فۇجيەن①: «ئالدى بىلەن ياۋايىلارغا خەيرخاھلىق قىلىش، ئۇلاردىن باج - سېلىق ئېلىش لازىم؛ ئەگەر ئۇلار ئەمىر - پەرمانلارغا بويسۇنمىسا، ئاندىن كېيىن جازالاش كېرەك» دەپتىكەن. چەنتۇلار مانجۇ سەلتەنىتى ئۇ يەرلەردە يولغا قويغان ھىدايەتكە ياۋاشلىق بىلەن رىئايە قىلسا، باج - سېلىق تۆلىسە، ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر سەللا گەردەنكەشلىك قىلسا، ئاياپ ئولتۇرماستىن قىرىپ تاشلاش كېرەك. ئۇلارنىڭ يۇرتىنى شۇنداق قاتتىق مۇجۇپ تاشلاش كېرەككى، ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە قايتا باش كۆتۈرۈشكە زادىلا پېتىنالمايدىغان بولسۇن! دەرۋەقە، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن «گاھ چىڭىتىش، گاھ بوشىتىش - ۋۇۋاڭ بىلەن ۋېنۋاڭنىڭ ئىشىدۇر»② دېگەن ئۇلۇغ بىر ھەقىقەت بىزگە مىراس قالغان. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ ھەقىقەتنى نەچچە مىڭ يىللىق ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلاردىن يەكۈنلەپ چىققان. بىراق، بىزگە ھازىر كېرىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىنى «قويۇپ بېرىپ سوراش» ئەمەس، بەلكى «تۇتۇپ تۇرۇپ سوراشتۇر!»③

① فۇجيەن (مىلادى (317 - 355) - جۇڭگو تارىخىدىكى بەگلىك دەۋرىدە ئۆتكەن ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى.

② «گاھ چىڭىتىش، گاھ بوشىتىش - ۋۇۋاڭ بىلەن ۋېنۋاڭنىڭ ئىشىدۇر.» بۇ كۇڭزىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان» دېگەن كىتابىدىكى بىر ئېغىز مەشھۇر سۆز. ۋۇۋاڭ، ۋېنۋاڭلار جۇڭگو تارىخىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر پادىشاھلىرى.

③ بۇ ئىككى ئېغىز سۆز يەنى «无为而不治» بىلەن «有为而治» دېگەن سۆز جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن پەيلاسوپى لاۋزىنىڭ «تەرىقەتچىلىك دەستۇرى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان.

*　　　　*　　　　*

خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ زوراغالىق مەھكىمىسىدىكى بەگ - بېگاتلارنى قارىتىپ قويۇپ مۇنداق كايىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى.

ئەسلىدە چەنلۇڭ خان بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ئىككىسىدىن پايدىلىنىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار يۇرتىنى ئىنساپقا كەلتۈرۈپ، يۇمشاق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنى بۇ يۇرتلارنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا قويۇپ، يىللىق باج - سېلىقلىرىنى بېكىتىپ بېرىپ، ۋاسساللىق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزمەكچى بولغانىدى.

چەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى[1] يىل بېشىدا خاقانى چىننىڭ غەربىي شىمال تارامىدىكى قوشۇنلىرى سەددىچىندىن چىققاندىن كېيىن ئۇدۇل تېكەس دەرياسى بويىغىچە باستۇرۇپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭغارىيە ۋەزىيىتى بىردىنلا يامانلىشىپ كەتتى. تۇيۇقسىز جىددىي ئۆزگەرگەن بۇنداق ۋەزىيەتكە ۋە قۇدرەتلىك مانجۇ قوشۇنلىرىغا دۇچ كەلگەن خوجا جاھان دەرھال مىڭدەك لەشكىرىنى باشلاپ 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئامۇرسانادىن يۈز ئۆرۈدى - دە، «چاپچال ئەتراپلىرىدا ئامۇرسانانىڭ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى.»[2] 2 - ئايدا، مانجۇ قوشۇنلىرى ئىلىغا باستۇرۇپ كىردى. ئامۇرسانا ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا قېچىپ كەتتى. خوجا جاھان ئىلىدىكى قالايمىقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، مۇلكىي قەشقەرىيىگە قايتىپ كېلىۋالدى.

---

① مىلادى 1756 - يىلى.
② سۇڭ جۈن: «غەربىي چېگرانىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن جۇڭقۇرۇشقا ئائىت قىسقىچە مەلۇمات».

خوجا جاھان مۇلكىي قەشقەرىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خاقانى چىننى داۋاملىق بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خاقانى چىندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئىلىغا ئايغاقچى ئەۋەتىپ خەۋەر تىڭ - تىڭلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن خاقانى چىنغا: «ئۆزىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ئىرادىسىگە كەلگەن»①لىكىنى، شۇڭا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم «بارگاھقا ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن»②لىكىنى بىلدۈردى. كېيىنكى چاغلاردا، خوجا جاھان خاقانى چىننى پۈتۈنلەي ئۆزىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ھەتتا ئامۇرسانانىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، مانجۇلارنىڭ بۇرھانىدىن خوجا بىلەن بىللە مۇلكىي قەشقەرىيەگە ئەۋەتكەن ياساۋۇلى تولۇنتاينى قويۇۋەتتى.

ئەسلىدە، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ياساۋۇلى تولۇنتاي ئالدىنقى يىلى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن بىللە مۇلكىي قەشقەرىيەگە ئەۋەتىلگەندىن بېرى، ئۇزاققىچە ئىز - دېرىكى بولمىغاندىن كېيىن خاقانى چىننىڭ چېگرانى تىنچىتقۇچى ياندىش سانغۇنى، ئىلىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ باش بۇغى جاۋ خۇي مۇلكىي قەشقەرىيەدە چوقۇم بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى قىياس قىلىپ، ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى گادايمەت بىلەن مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى زارخوچ شىكشىرىكتىن بۇ ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتە قىلدى. گادايمەت ئۇنىڭغا: «بىزمۇ ئۇقالمىدۇق، قارىغاندا مۇلكىي قەشقەرىيەدە ئىش چىققاندەك قىلىدۇ. بىر بولسا، بۇرھانىدىن خوجا ئىسيان كۆتۈردى؛ بىر بولسا، قىرغىزلار توپىلاڭ چىقاردى. ئىشقىلىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى

① فۇ خوەن: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 1 - قىسىم، 58 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

② فۇ خوەن: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 1 - قىسىم، 58 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

بىزمۇ ئۇقالمىدۇق» دەپ مەلۇمات يوللىدى.

بۇ چاغدا جۇڭغارىيىدىكى ئامۇرسەنا توپىلىڭى ئاساسىي جەھەتتىن تىنچىتىلغانىدى. «مۇبادا قەشقەر بىلەن يەكەندە غەليان چىقسا، ۋەقە كېڭىيىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەگەر ۋاقتىدا بېسىقتۇرۇلمىسا، ئۇلار قىرغىز ـ قىپچاقلار بىلەن بىرلىشىۋالغاندىن كېيىن چاتاقنىڭ چوڭى تېرىلىدۇ» دەپ ئويلىدى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى جاۋ خۇي. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يانداش باش بۇغ ئامىڭداۋغا يۈزدەك مانجۇ چېرىكى بىلەن زارخوچ شىكشىرىك باشچىلىقىدىكى قورغاس، يۇلتۇز جۇڭغارلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ئۈچ مىڭ لەشكەرنى بەردى ۋە ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى گادايمەتنى ئۇنىڭغا قوشۇپ دەرھال مۇلكىي قەشقەرىيىگە ماڭغۇزدى.

ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا: «مۇبادا، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى چەنتۇلار ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنسا، يىللىق زاكات ـ باجلىرىنى تۇرپاندىكى ئىمىن خوجىغا ئەپكېلىپ تاپشۇرسىمۇ ياكى ئىلى خان ئامبىلىغا تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار گەدەنكەشلىك قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتسە، جايىدىلا قىرىپ تاشلاڭلار!»[1] دەپ ئالاھىدە جېكىلىدى.

كەبىسە 9 ـ ئايدا، جاۋ خۇي ئامىڭداۋنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىن ئەۋەتكەن مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالدى: «چەنتۇلار يۇرتىغا ئەۋەتىلگەن ياساۋۇل تولۇنتاينىڭ مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، — دېيىلگەندى بۇ مەلۇماتتا، — ئۇ ئىلىغا قايتىپ كېتىۋاتقانىكەن، ئۇقۇشمىزچە، تولۇنتاي ئۆتكەن يىلىلا قەشقەرلىق چەنتۇلارنى ئىنىسايىغا كەلتۈرۈپ ئەل قىلىپ بوپتۇ، ھالا بۈگۈن ئۇ يەكەندىكى چەنتۇلار بىلەن جەڭ قىلىشىۋېتىپتۇ. ئاسىي ئامۇرسەنانىڭ ئەلچىسىنى تۇتۇپ قويغانىكەن، ھازىر ئۇ

---

[1] فۇ خۇەن: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 1 ـ قىسىم، 32 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى كەبىسە 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

بۇرهانىدىن خوجىنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋېتىپتۇ. بۇ يىل 5 ـ ئايدا، خوجا جاھان بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاسى ئامۇرسەنانىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ ئەلچىسى تولۇنتاينى ئادەم قوشۇپ، ئىززىتىنى كۆپ قىلىپ ئىلىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇيراتلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە قاپتۇ. خوجا جاھاننىڭ دېيىشىچە، ئۇيراتلارغا زىنھار ئىشەنگىلى بولماس ئىكەن. شۇڭا، بوغدا خاندىن يارلىق كەلمىگۈچە ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتكەن بىلەن بولمايدىكەن.» ①

جاۋ خۇي ئامىگداۋنىڭ بۇ مەلۇماتىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇلكىي قەشقەرىيىدە يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدە بىرەر قۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندەك بولدى ھەمدە «خوجا جاھان يەنىلا بوغدا خاننىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىۋېتىپتۇ» دەپ ھېسابلاپ، «چەنتۇلار يۇرتى تىپتىنچ ئىكەن. شۇڭا، ئۇ يەرگە ئۈنچىۋالا كۆپ لەشكەر ئەۋەتىشنىڭ ھاجىتى يوق!» ② دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىگداۋنى شىكشىرىك بىلەن بىللە مۇلكىي قەشقەرىيىگە بېرىپ داۋاملىق بوغدا خاننىڭ يارلىقىنى ئەلگە جاكارلاپ، چەنتۇلار يۇرتىنى «ئىنساپقا چاقىرىپ ئەمىن تاپقۇزۇش» قا ئەۋەتتى. «چەنتۇلار قارشىلىق كۆرسەتمىسىلا، — دېدى ئۇ، — ئۇلارنىڭ داۋاملىق بېشىنى سىلاپ، ئەمىن تاپقۇزۇڭلار ھەمدە ئۇيراتلارنىڭ ئۇ يەردە قالايمىقان ئىش تېرىپ يۈرۈشىدىن ئاگاھ بولۇڭلار، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار!» ③

شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاۋ خۇي ئۇلارغا مۇلكىي قەشقەرىيىدىن خاقانى چىنغا تاپشۇرۇلىدىغان باج سېلىقلارنىڭ سانىنى تېزدىن ئېنىقلاپ چىقىپ، پۇقرالاردىن ئۆز قەرەلىدە تولۇق يىغىۋېلىشنى ئالاھىدە جېكىلىدى. ئۇ تېخى ئۆزىچە مۇلكىي

① ②③ فۇ خۇېن: «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش چارىلىرى»، 1 ـ قىسىم، 32 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى، كەبىسە 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

قەشقەرىيىنى ئالىقاچان بوغدا خاننىڭ ئىلكىدىكى ۋاسساللىققا ئايلاندى، دەپ ھېسابلاپ، «چەنتۇلار يۇرتىدىن تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىلىغا كۆچۈرۈلىدىغان ھاشارچىلار چوقۇم بۇ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلاغ ـ كالىلىرىنى ۋە سايمان ـ بوقۇسلىرىنى بىللە ئېلىپ، كۆرسىتىلگەن يەرگە يېتىپ بارسۇن ھەمدە چاقىرغان چاغدا «لەببەي» دەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، چەنتۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ جەزمەن ئۇلار بىلەن بىللە ئاقسۇغا بارسۇن!»[1] دەپ ئىجراسى تولىمۇ قاتتىق بولغان ئەمىر ـ پەرمانلارنى چۈشۈردى.

چەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، خاقانى چىننىڭ سانغۇنى سېلىن بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھاننى ئىنساپقا چاقىرىش ئۈچۈن مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئەۋەتكەن ياساۋۇل تېچتونە زەڭگى، خۇدۇل قاتارلىقلار ئىلىغا قايتىپ كەلدى ۋە جاۋ خۇيغا ئۆزلىرىنىڭ چەنتۇلار يۇرتىغا ئەلچىلىكك بارغاندىكى ئەھۋاللاردىن مەلۇمات بەردى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، خوجا جاھان خاقانى چىننىڭ ئۇنى دەرھال ئاستانىگە تەزىمگە كېلىشكە ئادەم بەلگىلەش، باج ـ سېلىق تۈزۈملىرىنى تېز بېكىتىش، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىغا سودىگەرلەرنى ئەۋەتىش، ئىلىغا تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ھاشارچى ئەۋەتىش ھەققىدىكى پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن «ئۇ بۇ پەرمانغا ئەمەل قىلمىغان. بىراق، ياساۋۇل تولۇنتايغا ئادەم قوشقان ھەمدە بۇ ئىشلار چوقۇم بوغدا خان پەرمانى بويىچە كەمكۈتىسىز ئىجرا بولىدۇ، دېگەن.» ئۇلار يەنە بۇرھانىدىن خوجىنىڭ خوجا جاھانغا: «بىزلەر ئاتائى ـ ئەجدادىمىزدىن باشلاپ ئىككى ئەۋلاد جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئېرەن قابۇرغىغا نەزەربەند قىلىندۇق. ئەلھال، بوغدا خان بىزلەرگە شاپائەت قىلىپ تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد

[1] قۇ خۇەن: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چاربىلىرى»، 1 ـ قىسىم، 32 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى، كەبىسە 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

قىلدى ۋە مۇلكىي قەشقەرىيىنى سويۇپ ئالىپ بەردى. ھالا بۇگۈن بوغدا خاننىڭ ئاسماندىنمۇ ئېگىز، دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر مېھىر ـ شەپقىتىگە نائىل بولۇپتۇق. ئەگەر ئۇزاتى ئالىي بۇيرۇسا، قىل بىلەن پىلنى باغلاشقا، تىرناق بىلەن تاغنى قومۇرۇشقا تەيياردۇرمەن. مۇبادا، ئۇنىڭ تۇز ھەققىنى ئاقلىمايمەن دېسەڭىز، ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. مەن ئۇنداق قىلمايمەن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

جاۋ خۇي مانجۇ ئەلچىلىرىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇرھانىدىن خوجىنى ياۋاش، رايىش ئىكەن دەپ ھېسابلاپ، خوجا جاھاننى ئۆز رىزقىغا شۈكۈر قىلمايدىغان گەدەنكەش ناشۈكۈر، دەپ قارىدى، «بولمىسا، ئۇ ئامۇرسەنا بىلەن بىللە ئىسيان كۆتۈرەرمىدى؟ — دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە، — كېيىن ئۇ تەڭرى قوشۇنلىرىمىزنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتكەچكە، ئۆزىنىڭ ئېۋەننى ئامۇرسەناغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ياپماقچى بولغان. ئۇ ئالدىدا ھەدەپ قويۇپ، كەينىدە لەۋزىدىن يېنىۋالىدىغان بىقارار بىر ئادەم ئىكەن. ئەلھال، ئۇ ھازىرغا قەدەر ھەم خان پەرمانىغا بىنائەن چەنتۇلاردىن ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىق تۇزۇملىرىنى بېكىتكىنى يوق، ھەم ئاستانىگە تەزىمگە بارىدىغان ئادەمنى ئەۋەتكىنى يوق. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ ئىسيان كۆتۈرىدىغان تەرىزدە بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ!»

خوجا جاھاننى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن جاۋ خۇي دەرھال ئامىڭداۋغا: «تېزلىك بىلەن چەنتۇلار يۇرتىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق يۇرت ـ ئايماقلارنى ئەمىن تاپقۇزۇڭلار. خوجا جاھاننى دەرھال ئاستانىگە خانغا تەزىمگە بېرىشقا بۇيرۇڭلار، ئۇ ئىلىغا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىلىدىغان چەنتۇ ھاشارچىلىرىنى جابجا ئىلىغا ئەۋەتسۇن. مۇبادا، سەل ـ پەل گەدەنكەشلىك قىلسىلا دەرھال يوقىتىلسۇن!

» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

مۇلكىي قەشقەرىيە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسيان كۆتۈرۈش ئۈچۈن خوجا جاھان خاقانى چىننى كولدۇرلىتىپ تۇرۇپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈۋالماقچى بولدى ـ دە، ئۆزىنىڭ شانىياز دېگەن يېقىن بىر ئادىمىنى خاقانى چىنىنىڭ ئاستانىسى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، خاقانى چىن چەنلۇڭغا ئۆزىنىڭ «ساداقىتىنى بىلدۈردى». شۇڭا، خاقانى چىن چەنلۇڭ: «خوجا جاھانغا بەگ ئىشىنىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە يولنى يىراق دېمەي ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىدىن قارىغاندا ئۇ سەلتەنىتىمىزنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىدىن قورققاندەك قىلىدۇ» دەپ قاراپ، جاۋ خۈيغا: «خوجا جاھان قولغا چۈشكەن ياكى ئىلىغا كېلىپ تەسلىم بولغان تەقدىردىمۇ مېھىر ـ شەپقەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇڭلار، ئاندىن ئادەم قوشۇپ ئۇنى ئاستانىمىزگە يولغا سېلىپ قويۇڭلار. مۇبادا چەنتۇلار يۇرتىغا لەشكەر تارتىپ بارغان ئامىڭداۋ ئۇنى تېخى تۇتمىغان بولسا، جاۋ خۈي دەرھال ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ خان يارلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ھەققەتكە قايتىشىغا روخسەت قىلسۇن ھەمدە ئۇنىڭغا چەنتۇلارنىڭ سەلتەنىتىمىزگە تاپشۇرىدىغان يىللىق باج ـ سېلىق پۇلىنى تولۇق تاپشۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىل، دەپ بۇيرۇسۇن. بۇ ئىشلار چېرىك ئىشلىتىلمەي، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنسۇن! » دەپ پەرمان چۈشۈردى.

بىراق، ئىش بۇ چاغقا بېرىپ يەتكەندە، خوجا جاھان ئۆزىنىڭ چەنلۇڭغا «بىلدۈرگەن ساداقىتى» دىن پايدىلىنىپ، مۇلكىي قەشقەرىيە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسيان كۆتۈرۈش تەييارلىقلىرىنى تولۇق ئىشلەپ پۈتتۈرۈۋالغانىدى. چەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى كەبىسە 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئامىڭداۋ قارا چېرىكلەرنى باشلاپ كۇچاغا يېتىپ كەلگەندە، خوجا جاھان تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن ئۇچتۇرپانغا كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە ئىلىدىن

مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئۆتىدىغان قاتناش يول ئېغىزىنى ئۇزۇپ تاشلاش ئۇچۇن ئاقسۇ هاكىمى ئابدۇساتتارنى مىڭ لەشكەر بىلەن مۇزداۋاننى ساقلاشقا ئەۋەتتى.

مانجۇ سەركەردىسى ئامىڭداۋ بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىپ، يەزەكچى ئەترەت ئەۋەتىپ سىناپ باققاندى. ئۇنىڭ يەزەكچى ئەترىتى ناهايىتى تېزلا خوجا جاهاننىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن پاكىپاكىز يوقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىڭداۋ ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىغا كۇچا شەهىرىنى قورشىۋېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. خوجا جاهاننىڭ كۇچانى ساقلاپ ياتقان قوشۇنلىرىنىڭ قوشبېگى خۇدابەردى شەهەرنىڭ غەربىي - شىمالىدىكى قىزىلقاغا دېگەن يەردە مانجۇ قوشۇنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەهەرگە قېچىپ كىرىۋالدى ۋە قوۋۇقنى چىڭ تاقاپ: «بىز بوغدا خانغا ئاللىقاچان ئەل بولغاندۇق. ئەمما، كونا دۈشمىنىمىز ئۆيراتلاردىن قورقۇپ ئالدىڭلارغا چىقالمىغان» دەپ گەپ چىقاردى. ئامىڭداۋ ئۇنىڭ گېپىگە چىنپۈتۈپ، ئۆيرات لەشكەرلىرىنى جوڭغارىيىگە قايتۇرماقچى بولدى. ئۆيرات سەردارى باساڭ: «بىز چېكىنسەك، سىزنىڭ قولىڭىزدا ئاران نەچچە يۈز چېرىك قالىدۇ. ئۇ چاغدا چاتاقنىڭ چوڭى تېرىلسا، قانداق قىلىسىز؟» دەپ، ئەسكەر چېكىندۈرۈشكە ئۇنىمىدى. ئەمما، ئامىڭداۋ: «ئۆزۈمنىڭ ئامانلىقىنى دەپ، سەلتەنىتىمىزنىڭ چوڭ ئىشىدىن ۋاز كەچسەم بولامدىكەن؟» دەپ، ئۇنىڭ مەسلىهەتىنى رەت قىلدى ۋە مانجۇ چېرىكلىرىنى باشلاپ شەهەرگە كىردى. بۇ چاغدا قوشبېگى خۇدابەردى لەشكەرلىرىگە قوۋۇقنى تاقاپ، مانجۇلارنى دەرهال قورالسىزلاندۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى ۋە ئارقىدىنلا ئامىڭداۋ باشلىق قارا چېرىكلەرنىڭ هەممىسىنى چاپتۇرۇۋەتتى...

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق. خاقانى چىن

چەنلۇڭ ئىلى ئالدىنقى سەپىدىكى قوماندان جاۋ خۇيدىن كەلگەن مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىشنىڭ يامانغا ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، دەرھال ئۆزىنىڭ خان سارىيىدىكى چەنچىڭگۇڭ قەسرىدە «زوراغالار كېڭىشى» چاقىرىپ جۇڭغارىيە تىنچىتىلغاندىن كېيىن، قەشقەرىيە مەسىلىسىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشنى رەسمىي كۈنتەرتىپكە قويدى ھەمدە جاۋ خۇيغا جۇڭغارىيە بىلەن قەشقەرىيىنىڭ ئىشلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ تېز بىر تەرەپ قىلىپ، بۇ يەرلەردە كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىپ، تېز ياميراۋاتقان ئىسيان يالقۇنىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن «ئاۋۋال كاللىسىنى ئېلىپ، كېيىن مەلۇم قىلساڭ بولىدۇ» دەپ تولۇق ھوقۇق بېرىشنى قارار قىلدى.

ئىلىغا ئىككىنچى دايقۇر يۈرۈش قىلغان خاقانى چىن قوشۇنلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىر يېرىم يىلدا ئاران جۇڭغارىيىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالالىدى. ئەمدى ئۇ ھە، دېيىشكە، يەنە مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئىسيان كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خاقانى چىن جۇڭغارىيىنى ۋە مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش يۈزىسىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىغان دەھشەتلىك بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشلىرىدا ئۈزاققىچە غەلىبە قازىنالمىدى. مانجۇ قوشۇنلىرى ھېلى جۇڭغارىيىدە، ھېلى قەشقەرىيىدە مەغلۇپ بولۇپ، جىق زىيان تارتىپ كەتكەچكە، چەنلۇڭ ئۆزىنىڭ سەددىچىندىن چىققان قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانىنى ئۈچ قېتىم يەڭگۈشلەشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قەھرۇ ـ غەزىپىنى «بوغدا خاننىڭ ھىدايىتىگە بويسۇنماي، گەدەنكەشلىك قىلغان» بىچارە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا ياغدۇرۇپ، بىگۇناھ خەلقنى قىلچىمۇ رەھىم قىلماستىن قىرغىن قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى.

خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ مىلادى 1756 ـ يىلى 11 ـ ئايدا

جاۋ خۇيغا چۈشۈرگەن پەرمانىدا: «ئالدىڭلارغا ئۇچرىغانلىكى ئاسىيلار قېرى - ياش، ئەر - ئايال دېمەستىن ھەممىسى قىرىپ تاشلانسۇن... ئىش - ھەرىكىتى سەللا شۈبھىلىك بولغان ئادەملەرگە مۇشت كۆتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بېرىلمەستىنلا قىرىپ تاشلانسۇن!»① دېيىلگەنىدى. مىلادى 1757 - يىلى 2 - ئايدا چەنلۇڭنىڭ يەنە جاۋ خۇيغا چۈشۈرگەن پەرمانىدا: «بۇ ئاسىيلارغا ھەرگىزمۇ يۈز - خاتىرە قىلىنمىسۇن، قېرى - ياش، ئاغرىق - سىلاقلىرىدىن ئىمجان بولۇپ قالغانلىرىغا ئوق - دورا ئىسراپ قىلىنمىسۇن. ئالدىنقى ئىككى دايقۇر تولىمۇ رەھىمدىللىك قىلىندى. مۇبادا، ھېلىمۇ ھەم شۇنداق قىلىندىغان بولسا، قوشۇن چېكىندۈرگەندە، ئۇلار يەنە ئىش چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئالدىنقى دايقۇردىكى تەجرىبىلەر ئاچچىق ساۋاق قىلىنسۇن!»② دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىلدى...

*　　　*　　　*

مىلادى 1759 - يىلى قەمەرىيە 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى فۇ دې باشچىلىقىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرى يەكەن دەرياسىنىڭ قىنىنى بويلاپ يۇقىرىسىغا قاراپ مېڭىپ ئۇدۇل مەكىتنىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى قۇرما دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدى. مانجۇ سانغۇنى فۇ دېنىڭ مەقسىتى خوجا جاھاننىڭ قوشۇنلىرىغا سەزدۇرمەستىن زورىخان كۆكۆل توغراقلىقىنىڭ ئىچى بىلەن يۈرۈش قىلىپ قاراسۇغا يېتىپ بېرىپ، قاتمۇقات قورشاۋدا قالغان مانجۇ سانغۇنى جاۋ خۇينى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. بۇ يەردىن يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ يەنە ساقمۇساق ئۈچ يۈز چاقىرىم

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 527 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

② «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 532 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى، 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

يول يۈرگەندە، ئاندىن جاۋ خۇينىڭ قاراسۇ بارگاھىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. مانجۇ قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن قۇرمادا توختاپ ئۆتمەكچى بولدى. مانجۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىڭلىق، يۈزلۈكلىرى بويىچە سەردارلىرىنى چۆرىدىشىپ، توپ - توپ ئولتۇرۇشۇپ قۇرۇق نانلىرىنى غاجاشقاچ پاراڭغا چۈشۈشتى. بىر قارا چىېرىك ئېتىنىڭ ئېگىرىنىڭ كەينىگە غانجۇغىلىۋالغان بىر ئۈيغۇر خۇرجۇننى ئېلىپ ئىزمىلىرىنى ئەزمىلىك بىلەن يېشىشكە باشلىدى. ئاندىن خۇرجۇندىكى ئەرسىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئېتىكىگە تۆكۈپ ئولجىلىرىنى كۆز - كۆز قىلغىلى تۇردى.

— ماۋۇ يېپەك خادانى مەن كۇچادىكى چەنتۇلار بۇتخانىسىنىڭ قىبرى شەيخىنىڭ كاللىسىنى ئالغاندا، ئۇنىڭ بېشىدىن يېشىۋالغانمەن، — دەپ ماختاندى ئۇ بىر سەللىنى چۇۋۇپ تۇرۇپ.

— ۋاي - ۋۇي، سەن ئالمىغان چەنتۇ خوتۇنلىرىنىڭ كۆڭلىكىمۇ قالماپتۇ. قارا، بۇ كۆڭلەكتىكى قان دېغى تېخى قاتماپتۇ.

— بىر ئۆيگە كىرسەم بىر بۇلۇڭدا گۈلدەك چىرايلىق بىر چەنتۇ ئايال قورقۇپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنى كۆرۈپ قازناقتا قېچىپ كىرىۋېلىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى، ئاخىر مەن ئىشىكنى بۇزۇپ ئېچىپ، ھېلىقى چەنتۇ ئايالنى سۆرەپ چىقتىم - دە، ئاستىمغا بېسىۋالدىم. ئۇ چەنتۇچە بىرنېمىلەرنى دەپ ماڭا جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بىركەملەردە قارىسام، ئۇ نەدىن تاپتىكىن، بىر پىچاقنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ. ئۆلتۈرىمەن، دەپ ماڭا ھەيۋە قىلدى. كاساپەت، ئايال كىشى دېگەن شۇنداقمۇ تەرسا بولامدىغان، ئاخىر قولۇمدىكى نەيزىنى ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقىپ تاشلىدىم. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچىسىدىن بۇ كۆڭلەكنى

سالدۇرۇۋالدىم.

— سېنىڭ بىر يارماققا ئەرزىمەيدىغان بۇ ئۆلجاڭ مېنىڭ ماۋۇ ئۆلجامنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس! — دېدى يەنە بىر پاناق مانجۇ قويندىن بىر تۇگۇنچەكنى چىقىرىپ تۇرۇپ.

باشقىلار بۇ تۇگۇنچەككە قىزىقىپ گۇرۇردە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئارىدىن بىرەيلەن ئۇ تۇگۇنچەكنى ئېچىۋىدى:

— يا تەڭرىم، ھەي ماۋۇ ۋەھشىيلىكنى قاراڭلار! سىرغا - ھالقىلىرىنى ئالغىنىنى ئاز دەپ، يەنە چەنتۇ قىزلىرىنىڭ قۇلاقلىرىنىمۇ بىللە كېسىۋاپتۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى تۇگۇنچەكنى ئاچقان ھېلىقى قارا چېرىك.

— سېنىڭ ئۇ نەرسىلىرىڭ قانچىلىك نېمە؟ مەندىكى ئۆلجىلارنى كۆرسەڭلار، ھەيران بولغىنىڭلاردىن ئىڭىكىڭلار چۈشۈپ قالمىغىيدى، دەپ قورقىمەن! ھا! - ھا! - ھا!...

مانجۇلار ئۆز ۋەھشىيلىكلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىشىپ تازا ماختىنىشىۋاتقاندا، بۇككىدە ئۆسكەن زورىخان كۆكۈل توغراقلىقنىڭ ئىچىدىن بىر توپ ئاتلىق سەرۋازلار چىقىپ كېلىشتى. بۇ سەرۋازلار قۇ دېنىڭ ئۇزۇن يول يۇرۇپ قاتتىق چارچىغان بۇ قوشۇنىغا قاراپ ئات سېلىپ قويۇندەك چېپىپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ مىنىۋالغان قىرغىز ئاتلىرى پاكار، دىقماق بولغىنى بىلەن، چۈللۈك، قۇمساڭ يەرلەردە چېپىشقا ئادەتلەنگەن، كۈچلۈك ۋە چىدامىلىق ئاتلار ئىدى. بۇ ئاتلىق سەرۋازلار خوجا جاھاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن مەخسۇس ئاقسۇ تەرەپتىن ياردەمگە كېلىدىغان مانجۇ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قۇرما ئەتراپلىرىدىكى توغراقلىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقىلى بەش كۈن بولغانىدى. سەرۋازلار مانجۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرۇشقان قارا چېرىكلەرنى بىر پەس چاپ - چاپ قىلىپ ھودۇقتۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ

سول تەرىپىگە ئايلىنىپ ئۆتۈشتى ـ دە، چۆل تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ دۈشمەن كەينىمىزدىن قوغلىسا، ئۇلارنى چۆل تەرەپكە باشلاپ چىقىپ، سۇسىز باياۋاندا ئوڭايلا قىلتاققا چۈشۈرىمىز، دېگەن ھىيلىسى ئىدى.

مانجۇ سانغۇنى فۇدې خوجا جاھاننىڭ بۇنداق ھىيلىسىنى چۈشەنگەنلىكتىن، «كارىڭلار بولمىسۇن!» دېدى ـ دە، قوشۇنىنى باشلاپ يەكەن دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرى تەرەپكە ـ قاراسۇ بارگاھىغا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردى.

ئۇلار بىر ـ ئىككى چاقىرىم ماڭا ـ ماڭمايلا، تۇشمۇتۇشتىن سەرۋازلارنىڭ ھايت ـ ھۇيت! دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ قېتىم خوجا جاھاننىڭ سەرۋازلىرى ئاۋۋالقىدەك بىر تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى مانجۇلارنىڭ ئارقا، ئالدى ۋە ئوڭ تەرىپىدىن بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى سول تەرەپتىكى قاقاس، سۇسىز تەكلىماكان قۇملۇقى تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى. ئاستىدا قىزىل جەدە ئېتى بار تەمبەل بىر مانجۇ سەردارى قولىدىكى قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خوجا جاھاننىڭ سەرۋازلىرىنىڭ قۇر بېشى مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن چاپ ـ چاپ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن مۇھەممەت ھەيدەر قۇر بېشى ئاستىدىكى قۇلا ئايغىرنىڭ بېشىنى بۇراپ، ھېلىقى مانجۇ سەردارنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل ئات سېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى. مانجۇ سەردارى قولىدىكى ئەگرى قىلىچىنى كۆتۈرۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلىغىنىچە مۇھەممەت ھەيدەرگە ھەملە قىلىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ بويىنىنى كۆزلەپ قىلىچ سالدى. ئەمما، مۇھەممەت ھەيدەر قۇر بېشى قولىدىكى قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ قىلىچىنى توسۇپ، بىر قىلىچ ئۇر ۋۇدى، ھېلىقى مانجۇ سەردارىنىڭ ئەگرى قىلىچى قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى نىمتە بولۇپ سۇنۇپ يەرگە چۈشتى. بۇ چاغدا مۇھەممەت ھەيدەر قۇر بېشى بارلىق كۈچىنى بىلىكىگە

يىغىپ تۇرۇپ مانجۇ سەردارنىڭ يەلكىسىگە قايتۇرۇپ قىلىچ چېپىۋىدى، ھېلىقى مانجۇ سەردارى خۇددى ئوق تېگىپ ئاسماندىن يەرگە چۈشكەن قىرغاۋۇلدەك ئاتنىڭ ئۈستىدىن يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئۇنىڭ جەدە ئېتى يىراقتا قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا مانجۇلار ئارىسىدىن:

— ۋاي بولمىدى، ياساۋۇل تولۇنتايغا قىلىچ تەگدى! تولۇنتاينى چېپىپ تاشلىدى! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

مۇھەممەت ھەيدەر قۇر بېشى قولا ئايغىرنىڭ بېشىنى چۆل تەرەپكە قاراپ بۇرىدى - دە، چاپتۇرغىنىچە دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ كەتتى. كەينىدىن كېلىۋاتقان سەرۋازلارمۇ قۇر بېشى بىلەن قاتارلىشىپ مانجۇلارنى چاپ - چاپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى مانجۇ ئاتلىقلىرىنى چېپىپ، بىرىنىمۇ ساق قويماستىن ئات ئۈستىدىن غۇلاتماقتا ئىدى. خوجا جاھان سەرۋازلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان مانجۇلار تېزلا ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشتى. ئۇلار ئەمدى دۈشمىنى بىلەن قەيسەرلەرچە ئېلىشقاچ، چۆل تەرەپكە قاراپ ئەمەس، بەلكى دەريا تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئارىلىشىپ گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. تۇفەڭ - مىلتىقلاردىن خۇددى قوماش قورغاندەك ئوق ئېتىلماقتا ئىدى. ئوقيالاردىن ئۈزۈلۈپ چىققان ئوقلار خۇددى چېكەتكىدەك ۋىژىلداپ ئۇچۇپ، ئادەملەرگە، توغراقلارنىڭ غوللىرىغا تارسىلداپ قادالماقتا ئىدى. بىر - بىرىگە چاقۇر - چۇقۇر قىلىپ تېگىشىۋاتقان قىلىچ - ئايپالتىلارنىڭ ئارىسىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى يالت - يۇلت قىلىپ چاقنايتتى. زورىخان كۆكۆل توغراقلىقنىڭ ئىچى خۇددى سېرىق بويا بازىرىنىڭ بازار كۈنىدىكىدەكلا قىزىپ كەتكەنىدى. سەرۋازلار يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقتا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماستىن، مانجۇ ئاتلىقلىرىغا ئۆزلىرىنى ئۇرماقتا ئىدى.

ئەمما، سەرۋازلارنىڭ ئۈستىگە كېيىۋالغان ساۋۇت ـ قۇياقلىرى بەكمۇ ئېيىز بولغاچقا، مانجۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى قەغەزنى تېشىپ ئۆتكەندەك ئوڭايلا تېشىپ ئۆتەتتى ـ دە، سەرۋازلارنى ئوڭايلا نابۇت قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار مانجۇلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان ھۇجۇملىرىنى زەربە بىلەن كۈتۈۋېلىپ، زەربە بىلەن قايتۇرۇپ تۇردى.

تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنىڭ ئاۋازىنى، كىشىلەرنىڭ بەدەنگە تەگكەن ئوقنىڭ زەھەردەك ئاچچىق زەربىسىگە چىدىماي، قورققۇسى كەلگۈدەك ئېچىنىشلىق چىرقىراشلىرىنى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىنى ۋە قارا چېرىكلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان سەرۋازلارنىڭ قولىلىرىدىكى قىلىچ ـ پالتىلاردىن بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغاندا چىققان جاراق ـ جۇرۇق ئاۋازلارنى بېسىپ چۇشۇپ ئاريلاپ ـ ئاريلاپ مۇھەممەت ھەيدەر قۇر بېشىنىڭ:

— باھادىرلار، بۇ لەنىتى قارا چېرىكلەرگە ھەرگىزمۇ بوي بەرمەڭلار! بۇ مەلئۇنلارنى ئايىماي قىرىڭلار! — دېگەن ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭغا جاۋابەن باھادىر سەرۋازلار ھەر قېتىم مانجۇلارنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن قىلىچ ـ ئايپالتا چاپقاندا:

— يا ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان! — دەپ ۋارقىراپ قويۇشاتتى. كۈن قىزىرىپ، ئولتۇراي دەپ قالدى. ئىككى تەرەپنىڭ قوماندانلىرى تەبىل چالغۇزۇپ، چېرىك، سەرۋازلارنى جەڭدىن قايتۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قورمادا بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ باشلانغان بۇ قانلىق جەڭ كېچىنىڭ مەشئۇملۇقى ئىچىدە توختاشقا مەجبۇر بولدى. . .

بۈگۈن قورمادىكى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىدى. بىراق، بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ ئۇرۇش ۋەزىيىتى بىردىنلا مانجۇلارنىڭ پايدىسىغا قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭغا تۈنۈگۈن كېچە بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن مانجۇ توپچى

قىسىملىرى سەۋەبچى بولغانىدى.

مانجۇ توپچى قىسىملىرىنىڭ سەركەردىسى، خاقانى چىنىنىڭ باركۆل مەسلىھەتچى ئامبىلى ئارغۇن، فۇ دې قوشۇنلىرى بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى پىچاندىن يولغا چىقىپ بەش كۈندىن كېيىن توپچى قىسىملىرىنى باشلاپ جەنۇبقا قاراپ يولغا چىققانىدى. ئۇلار مارالبېشىغا يېتىپ كەلگەندە، فۇ دېنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەكتىنىڭ قورما ئەتراپلىرىدا خوجا جاھاننىڭ بەش مىڭ ئاتلىق لەشكىرىنىڭ شەبخۇنىغا ئۇچراپ، توسۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى ـ دە، ئۇ يەردىمۇ تۇرماستىن دەرھال قورماغا قاراپ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ، تۈنۈگۈن كېچە بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. مەسلىھەتچى ئامبال ئارغۇن بۈگۈن ئەتىگەن قاق سەھەردىلا چېرىكلىرىگە چېقىن توپلىرىنى قۇرغۇزۇپ، خوجا جاھاننىڭ سەرۋازلىرىنى ئارقا تەرەپتىن شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. مانجۇلارنىڭ ئۈچ يېرىم قاداقلىق توپ ئوقلىرى چۈشۈپ پارتلىغانلىكى يەردە ئادەممۇ، ئاتمۇ، دەل ـ دەرەخمۇ ھەممىسى ۋەيران بولۇپ، چۆل ـ چۆل بولۇپ كېتەتتى. مۇھەممەت ھەيدەر قۇر بېشىنىڭ سەرۋازلىرى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇنداق چېقىن توپ ئوقلىرىنىڭ دەھشەتلىك پارتلاش سادالىرى ئىچىدە مەڭدەپ قېلىشتى ھەمدە بۇنداق دەھشەتلىك پارتلاش سادالىرىغا ئۆگەنمىگەن قىپچاق ئاتلىرى ھەدېسىلا توغراقلىقنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قېچىپ زادىلا بوي بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئاخىر سەرۋازلار ئاتتىن چۈشۈپ، مانجۇلار بىلەن پىيادە جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى.

مۇھەممەت ھەيدەر قۇر بېشى قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئوغلانلار، مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار، مانجۇلارنىڭ توپلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايلى! . . . دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئۇنىڭ بۇ ئۆمرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋارقىرىشى بولۇپ قالدى.

دەل مۇشۇ چاغدا، ئۈچ يېرىم قاداقلىق بىر پاي توپ ئوقى

ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلگەنچە، بىر قىپرى توغراقنىڭ ئۇستىگە چۇشۇپ دەھشەتلىك پارتلىدى. پارتلاش دولقۇنىدا ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەن ھېلىقى قىپرى توغراقنىڭ ئادەم قۇچىقى يەتمەيدىغان غولى ئاسماندىن دەل مۇھەممەت ھەيدەر قۇر بېشىنىڭ ئۇستىگە كېلىپ چۇشۇپ، ئۇنىڭ ئۇنىنى بىراقلا ئۆچۈرگەنىدى، ئېغىر توغراق غولى ئۇنىڭ بەدىنىنى يانجىپ تاشلىدى. بۇ چاغدا فۇ دېنىڭ قارا چېرىكلىرى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە ئېتىغا مىنىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن سەرۋازلارنى چاپ - چاپ قىلىشقا باشلىدى. بۇ سەرۋازلار مانجۇلارنىڭ قىلىچىدىن ئامان قېلىش ئۇچۇن قويۇق توغراقلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچقىلى تۇردى. . .

ئۇچ كۈن داۋام قىلغان قۇرمادىكى قانلىق جەڭ مانجۇلارنىڭ غەلىبە سادالىرى ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ئارغۇنىنىڭ توپچى قىسىملىرى فۇ دېنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يەكەن تەرەپكە قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. . .

نەزمە

سەن ئۇلتۇرغان باشقىلارنىڭ ئورنىغا،
ئورنىڭغىمۇ ئولتۇرىدۇ باشقىلار.
كېچەڭ ئۆتتى، ئەتەڭ نىمە بولىدۇ،
پەقەت بۇگۈن ئۆزۈڭدىدۇر ئىختىيار.

— شەيخ سەئىدى

## توققۇزىنچى باب

# بەدەخشان تۈنتۈنلىرى

«ئۇتقا ئوت بول، شەمشەرگە شەمشەر...»

— خاتىرەمدىن

**مىلادى** 1759 - يىلى قەمەرىيە 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى. مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى جاۋ خۇي ئۈزىنىڭ ئاقسۇدىكى قارارگاھىدا چەنلۇڭنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى «چەنتۇلار ئىسيانىنى بەلگىلىگەن سۈرۈك ئىچىدە تىنچىتىش» ھەققىدىكى پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن داتاڭدا ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان سانغۇن، يانداش سانغۇن، مەسلىھەتچى ئامبال ۋە ھەرقايسى قوشلارنىڭ تۇغلىقلىرى قاتناشقان ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كېڭەشكە يەنە خاقانى چىنغا بەيئەت قىلغان قۇمۇللۇق يۇسۇپ خوجا، تۇرپانلىق ئىمىن خوجا، كۇچالىق ئوداي خوجا، سايراملىق سىبىيت ئابدۇللا خوجا، ئۇچتۇرپانلىق سىتىۋالدى خوجا، خوجەسى خوجا، گادايىمەت خوجا ۋە قەشقەرلىك ھۇسەيىن خوجا، تۇردى خوجا قاتارلىق ئۇيغۇر بەگلىرىمۇ قاتناشتۇرۇلدى.

جاۋ خۇي داتاڭنىڭ تۆرىگە قويۇلغان يوغان شىرەنىڭ كەينىدە

ئۇلتۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدىكى تامغا بىرنەچچە پارچە قەغەزنى يەملەپ بىرلەشتۈرۈلگەن يوغان بىر تاختاي يالتىراق قەغەز ئېسىلغانىدى. قەغەز يۈزىگە مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى قاتمۇ قات تاغلارنىڭ، يىلاندەك تولغىنىپ ئاققان دەريالارنىڭ، زۇمرەت رەڭلىك كۆللەرنىڭ ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىشارەتلىك بەلگىلىرى سىزىلغانىدى. جاۋ خۇي تۆۋەندە داتاڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك كۈرسىلاردا ئولتۇرۇشقان ئەئيانلىرىغا بىر باشتىن قاراپ چىقتى، ئاندىن بارماقلىرى بىلەن ھېلىقى يالتىراق قەغەز ئۈستىدىكى ئەگرى - بۈگرى سىزىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئى بوغدا خاننىڭ قاپلان يۈرەك باھادىرلىرى، ئى ھەربىر تال ئوقىدا ئىسيانچى چەنتۇلارنىڭ كۆزىنى سوقىدىغان مەرگەنلەر! بۇنىڭغا قاراڭلار، ئاقسۇدىن يەكەنگە كارۋانلىق ئادەم ئون كۈندە يېتىدۇ. بىزگە بولسا ئۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ ھەسسە كۆپ مېڭىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كۈنپېتىشقا قاراپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان مۇشۇ يول - ئىسيانچى چەنتۇلارنىڭ قېنى سەل بولۇپ ئاقىدىغان قىزىل دەريا بولىدۇ. بىزلەر خاقانى چىننىڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك سېرىق سەلتەنەت تۇغىنى ئەمدى شۇ يەرلەرگە قادايمىز. بىزلەرنىڭ بوغدا خاننىڭ تۇز ھەققىنى ئاقلايدىغان پۇرسىتىمىز ئەمدى يېتىپ كەلدى! مەن بۇ ئىسيانچى خوجىلارنى خوپ ئوبدان بىلىمەن. ئۇلارنىڭ تالاي - تالاي پالۋانلىرىنىڭ بەللىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇشتۇغان ئادەممەن! بەدىنىمدە ئۇلارنىڭ ئوقىدىن قالغان جاراھەت ئىزلىرى بار! مانا ماۋۇ ئۇستۇمدىكى زىرىھ بىلەن بۇ ئەگرى قىلىچنى مەن ئۇلارنىڭ بىر قوشبېگىنى ئۆلتۈرۈپ غەنىيمەت ئالغانمەن!

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، كېيىنكى مەشتە ئولتۇرغان تۇرپانلىق ئىمىن خوجىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە:

— مۇنداق دېسەم، سىلەر چەنتۇ بەگلىرىنىڭ كۆڭلىگە

كەلمىسۇن يەنە، — دېدى سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، — ئىسيانچى چەنتۇلار تولىمۇ مەككار كېلىدۇ. ئۆتكەن يىلى 10 - ئايدا ئۇلار يالغاندىن قاچقان بولۇپ، بىزنى قاراسۇدا قورشىۋېلىپ يامان ئاۋارە قىلغان ۋە تۇگىتىۋەتكىلى تاس قالغانىدى! چەنتۇلار ئۆزلىرىمۇ ئاجايىپ ئۇرۇش قىلىدىغان خەق. لېكىن، ئىرادىسىز، ئاززاقلا چاتاق چىقىدىغان بولسا، ھەممىسىلا تېرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ - دە، يەنە بىردەمدىلا باش كۆتۈرۈپ چىقىشىدۇ. شۇڭا، ئىسيان كۆتۈرگەن چەنتۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشقا زادىلا بولمايدۇ! دەرۋەقە، تەڭرى قوشۇنىمىز ئۆتكەندە ئىسيان كۆتۈرگەن ئىسيانچىلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئەمما، ئۇ بىر زامان، بۇ بىر زامان! ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مۇبادا، بۇ چەنتۇ قاراقچىلىرىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىدىغان بولساق، قالغان گەدەنكەش چەنتۇلارنى ئىنساپقا باشلاشقا ئىلاجىسىز قالىمىز - دە، ئۇلار قولايلىق پۇرسەت تاپقاندا ئىسيان كۆتۈرىدىغان، قولايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئەل بولىدىغان بولۇپ يامان ئۆگىنىپ قېلىشىدۇ!

پۇتۇن كېڭەش ئەھلى جاۋ خۇينىڭ ئاغزىغا قاراپ جىمجىت ئولتۇراتتى. پۇتۇن داتاڭ ئىمتاسلىققا چۆمگەنىدى.

جاۋ خۇيغا تۇڭچىلىق قىلىۋاتقان قۇمۇللۇق يۇسۇپ خوجا قالغان ئۇيغۇر بەگلىرىگە ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇدۇللۇق ئۆرۈپ بېرىۋاتقانىدى:

— جاڭجۇن ئاتام ئېيتىدۇلەركى، — دەيتتى ئۇ كېكەچلەپ، - ئۇزى، ئاسىي چەنتۇلارغا ئاززاقمۇ، ئۇزى، رەھىم - شەپقەت قىلماسلىق لازىم ئىكەن، ئۇزى، بولمىسا، ئۇزى، ئۇلار ئىنساپقا كەلمەيدۇ، ئۇزى...

جاۋ خۇي داۋاملىق سۆزلەيتتى:

— بىز تەڭرى قوشۇنى ئىسيانچى چەنتۇلارنىڭ بېشىغا

چاقماق بولۇپ چۈشۈپ، چەنتۈلار يۇرتىدا قاننى سەل قىلىپ ئاققۇزۇشقا قەسەم ئىچكەيمىز!

كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشقان مانجۇ سەركەردىلىرى خۇشاللىقىدىن بىر گۇرۇلدىشىپ توختاپ قېلىشتى.

— مۇبادا، بوغدا خان بەلگىلەپ بەرگەن سۇرۇك ئىچىدە چەنتۇلار ئىسيانىنى تىنچىتالمىسام، ئىسيانچى چەنتۇلارنىڭ كاتتىۋېشى خوجا جاھان بىلەن بۇرھانىدىننىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئېلىپ، بوغدا خانغا تۆھپە قىلىپ تۇتالمىسام، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي!

— بىزمۇ ئوغۇل بالا بولماي كېتەيلۇق! — دەپ تەڭ ۋارقىراشتى قالغان مانجۇ سانغۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا.

پۈتۈن داتاڭدىكىلەر خۇشاللىقىدىن يەنە گۇرۇلدىشىپ كەتتى. تەرەپ - تەرەپتىن چىقىۋاتقان: «بارىكاللا! ئوغۇل بالا! پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بوغدا خاننىڭ قاپلان يۈرەك ھەقىقىي سانغۇنى ئىكەنلا! سىلىنىڭ كەينىلىرىدىن ماڭساق، نۇسرەت قۇچماي قالمايمىز! ئىسيانچى ئۇنسۇرلار يەنە قاچانغىچە يۈرەلەيدىكىنە؟ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي! مەرتىۋىلىرى تېخىمۇ ئۈستۈن بولغاي!» دېگەن سادالارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى داتاڭنىڭ ئۆگزىسىنى كۆتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى.

مانجۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي قالغان تۇرپانلىق ئىمىن خوجا تۆگچىلىق قىلىۋاتقان يۈسۈپ خوجىنى ئالدىراتتى:

— ھوي، ماۋۇ كاپىر كانتۇلار نېمە دېدى؟ كەررۇ چۇقان كۆتۈرۈپلا كەتتىغۇ؟

— نېمە دەيتتى ئۇزى، «ئىسيانچى چەنتۇلارنى يوقىتالمىساق، كۆتلەش بولۇپ كېتىمىز!» دەيدۇ، شۇ ئۇزى!

— كۆتلەش دېگەن نەچچىنچى دەرىجىلىك ئەمەل؟ — دەپ

سورىدى ئۇچتۇرپانلىق سېيىتۋالدى خوجا تۇرپان شېۋىسىدىكى بۇ گەپنى چۈشەنمەي، — ئەگەر مانجۇ خوجاملار شۇنداق دېگەن بولسا، بىزمۇ كۆتلەش بولۇپ كېتىمىز ئەمىسە!

ئىمىن خوجا ئاغزىنى تۇتقىنىچە پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— سىلەر ھۆرمەتلىك چەنتۇ دارېنلار، — دەپ ئۇيغۇر بەگلىرىگە قاراپ سۆزلىدى جاۋ خۇي، — مەن سىلەردىن بۇ قېتىم تەڭرى قوشۇنلىرىمىزنىڭ يەكەن ۋە قەشقەردىكى چەنتۇلارنى ئىنساپقا چاقىرىشتەك بۈيۈك خىزمىتىگە يېقىندىن ھەمكارلىششىڭلارنى سورايمەن ھەمدە بوغدا خاننىڭ مۇنۇ مۇبارەك يارلىقىنى نادان چەنتۇلارغا جاكارلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە قويۇقلۇق پەتنۇستىكى سېرىق بىر گۈڭسا خەتنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۇنى سۆيۈپ كۆزىگە سۈرتكەندىن كېيىن تۆكچىلىق قىلىۋاتقان يۇسۇپ خوجىغا بەردى.

يۇسۇپ خوجا يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، مانجۇ سانغۇنىغا يەر سۆيۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن خاقانى چىننىڭ يارلىقىنى قوش قوللاپ ئالدى ۋە ئۇنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئۈچ قەدەم يۈكۈنۈپ، توققۇز قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇمۇ خۇددى جاۋ خۇيدەك بۇ يارلىقنى كۆزىگە قايتا ـ قايتا سۈرتتى. ئاندىن يارلىقنى ئېچىپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈشكە باشلىدى:

«. . . ئۇل بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى غالدان سېرىن زامانىسىدا جۇڭغار نويۇنلىرى ئابغېز، خادان ئۆتۈكلەر تەرىپىدىن ئېرەن قابۇرغىغا نەزەربەند قىلىنغانىكەن. تەڭرى لەشكەرلىرىمىز تىبۇدا ئىلىنى تىنچىتقاندا، ئۇلارنى تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلىپ مۇسۇلمان

چەنتۇلارغا ئاقساقال قىلىپ قويغانىدۇق. سەلتەنەتتىن ئۇلارغا تۆھپە ـ ئوتىغات، مائاش ـ تەمىنات بېرەيلى دەپ تۇرساق، ئۇلار ئۇيراتلار غەلىيان كۆتۈرگەن پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئىلىدىكى چەنتۇلارنى باشلاپ يەكەن، قەشقەرگە ئوغرىلىقچە قېچىپ كېلىۋالدى. بىز ئەسلىدە ئۇلارنى ئۇيراتلاردىن قورقۇپ يۇرتىغا بېرىۋالغاندۇ، دەپ قاراپ جازالاش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتمىگەندۇق. ئۇلارنى ئىنساپقا چاقىرىپ ئەلچى ئەۋەتسەك، سەلتەنىتىمىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىپ، ئەلچىمىزنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئاتىۋالغىنى بىزنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى. شۇڭا، بۇ ئاسىيلارنى تۇتۇپ جازاغا تارتمىغاندا، چەنتۇلار يۇرتى مەڭگۈ ئەمىن تاپمىغۇدەك. قوشۇن ئەۋەتىپ قاتتىق جازالاش كېرەك. لېكىن ئاڭلىساق، بۇ خوجىلار ئارىسىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەلىيان چىقارغىنى خوجا جاھان ئىكەن. بۇرھانىدىن خوجا ئۇنىڭغا مەجبۇرىي ئەگەشكەن ئىكەن. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلارنى جازالىغاندا پەرقلەندۈرۈش لازىم، دەپ جېكىلىدۇق. ئۇلار بىر تۇغقان ئاكا ـ ئۇكا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم، دەپ قارايمىز. شۇنداق ئىكەن، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئادەملىرىنى خوجا جاھانغا چېتىۋالدىغان ئىش ئەلۋەتتە مۇۋاپىق بولمايدۇ. خوجا جاھان ئۇچىغا چىققان كاززاپ بولغاچقا، گۇناھىدىن قورقۇپ، ئۇيراتلارغا باھانە قىلىپ تۇرۇپ چەنتۇلارنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرۇپ كەتتى. ئەمما، بۇ چەنتۇلار گۇناھسىز. بىز ھەرگىزمۇ ئۇلارنى ئاسىيلار بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىكىمىز لازىم. بۇ قېتىم، تەڭرى لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىشىمىزدىكى مەقسىتىمىزمۇ پۈتۈنلەي خوجا جاھاننى يوقىتىشتۇر! مۇبادا، چەنتۇلار خوجا جاھاننى تۇتۇپ، ئۇنى مانجۇ سەلتەنىتىگە تاپشۇرۇپ بەرسىلا، پۇقرالارنىڭ تىنچ، خاتىرجەم، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە رۇخسەت قىلغايمىز. ئۇلار مانجۇ

سەلتەنىتىنىڭ مېھرى - شەپقىتىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولغاي! مۇبادا، چەنتۇلار ھوشىنى تاپماي، ئاسىي خوجا جاھانىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتسە، تەڭرى لەشكەرلىرى بارغان ھامان، ياخشى - يامان دەپ ئايرىپ ئولتۇرماستىن جازاغا تارتىلىدۇ! ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەن كېچىككەن بولىدۇ. شۇڭا، چەنتۇلار پايدا - زىياننى ئوبدانراق دەڭسەپ بېقىپ بىرنېمە دېگەي، پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويمىغاي!»①

يۇسۇپ خوجا چەنلۇڭنىڭ يارلىقىنى بىر ھازاغىچە ئەزمىسىنى ئېزىپ يۈرۈپ ئاران ئوقۇپ تۈگەتتى.

ئۇيغۇر بەگلىرى چەنلۇڭنىڭ بۇ يارلىقىنى گاھى چۈشىنىپ، گاھى چۈشەنمەي ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي:

— مۇقەددەس خاقانى چىن ھايات پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتماقلىق بىزلەر ئۈچۈن خۇددى ئاللاغا ئىمان كەلتۈرمەكلىك بىلەن باراۋەر! بىزلەر ئۇل بىباھا سۆزلەرنى قۇلىقىمىزغا قۇيۇۋالغايمىز. يۈرىكىمىزگە خۇددى خاتەم ئويغاندەك ئويۇۋالغايمىز. كۆڭۈل لەۋھۇل مەخپۇزىغا خۇددى كەرەمۇل كاتىپتەك پۈتۈۋالغايمىز. خاقانى چىننىڭ خىزمىتىنى ئىت بولۇپ يۈگۈرۈپ، قۇش بولۇپ ئۇچۇپ، ئات - ئېشەك بولۇپ چېپىپ قىلغايمىز! — دەپ ماختىنىشىپ مانجۇلاردىنمۇ بەكرەك گۈرۈلدىشىپ كېتىشتى.

— دارىنلار، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى جاۋ خۈي، ئۇ ھاياجان ئىلكىدە تېخىمۇ جانلىنىپ كەتكەندى، — بىز جۇڭغارىيىنى ئۇدا ئىككى داپقۇر تىنچىتىپ، كۆپ تەجرىبە ھاسىل قىلغاندۇق. بۇ تەجرىبىلىرىمىزنى بىر يەرگە تۈگىدىغان بولساق، يۇرتدارچىلىق ئىشىدا يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق — بىز ھاسىل قىلغان ئەڭ چوڭ تەجرىبىدۇر. چۈنكى،

① فۇ خېڭ: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 1 - قىسىم، 49 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.

يۇرتدارچىلىق ئىشىدا رەھمەتلىككە بىرىلمەك تولىمۇ خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پۈتۈنلەي ئۇچىنىلا كۆرۈپ، يىراقنى كۆرمەسلىك خۇددى بىلىقچىنىڭ بىشىغا چۈشكەن ۋەقەدەك ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ياندىكى سانغۇن فۇ دي، — سانغۇن دارىن، قىنى سۆزلەپ باقسىلاچۇ، بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى!

— سانغۇن ئىتتىك سۆزلىسىلە، قۇلىقىمىز سىلىدە! — دەپ چۇرقىراشتى قالغانلارمۇ تەڭلا.

— قەدىمكى زاماندا، بىر بىلىقچى ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە دەريا بويىغا كىلىپ تور تاشلاپتۇ، — دىدى جاۋ خۇي كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىردەمدىن كىيىن ئۇنىڭ تورىغا ناھايىتى يوغان بىر بىلىق ئىلىنىپتۇ. بىلىقچى خۇشاللىقىدىن قىرغاققا تارتىپ قارىسا، ئۇ قولىدا ياكى سىۋەتتە كۆتۈرۈپ كەتكىلى بولمىغۇدەك چوڭ بىر بىلىق ئىكەن. شۇڭا، بىردەم ئويلانغاندىن كىيىن بىر تال تانا بىلەن بىلىقنىڭ بۇرنىدىن تىشىپ چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ بىلىقنى قىرغاق ياقىلىتىپ سۇدا ئۈزدۈرۈپ ئەكەتمەكچى بولۇپتۇ. باشتا ھالسىزلىنىپ جىمى ئاز قالغان بىلىق سۇدا ئۈزگەنسىرى جان كىرىپ خىلى ئوبدان مىڭىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا، بىلىقنىڭ خۇددى ئۆگىتىلگەن مەخلۇقتەك كۆڭۈللۈك، ياۋاش مىڭىۋاتقانلىقىغا زوقى كەلگەن بىلىقچى پىيادە يۈگۈرگىچە ئۈستىگە مىنىۋالايمۇ، دەپ قىرغاقتىن سەكرەپ بىلىقنىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ. دەريانىڭ راسا قاينام يىرىگە كەلگەندە، بىلىق ئاشۇ قاينامغا تارتىپ مىڭىپتۇ. بىلىقچى قىرغاقتىكىلەرگە ۋارقىراپتۇ:

«ھاي، ھاي، بىلىقچى دوستلىرىم، مىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋىلىڭلار، بىلىق مىنى قاينامغا سۆرەپ كىتىۋاتىدۇ!» دەپتۇ. بىلىقچىلار قانچە قىلغان بىلەنمۇ ۋاقتى ئۆتكەچكە،

ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئامال قىلالماپتۇ. بىلىقچىلاردىن بىرى:
«هاي، هاي، بەختسىز بېلىقچى! ئادەتلەنگەن نىجاتلىق يولىنى تاشلاپ، ئاپەتكە مىنگەن ئادەمنىڭ بارىدىغان يېرى شۇ!» دەپ ۋارقىراپتۇ. بىردەمدىلا بېلىق مىنگەن بېلىقچى قازاندەك قايناۋاتقان قاينام ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ - دە، لەھەڭ، بېلىقلارغا يەم بولۇپتۇ.
— شۇڭا، — دېدى جاۋ خۇي ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، — بىز ئىسيانچى چەنتۇلارنى يوقىتىشتا ئۇلارنىڭ قولىدىن شەھەرلەرنى بىر - بىرلەپ تارتىۋېلىشنى ئاساس قىلىشىمىز، ئىنساپقا تارتىپ، بېشىنى سىلاشنى قوشۇمچە قىلىشىمىز، ئەمىر - پەرماننى ئاستا - ئاستا مۇكەممەللەشتۇرۇپ بېرىشىمىز، جاھاننى ھەقىقىي تۈزەش مەقسىتىگە يېتىشىمىز لازىم. بۇ، بۇگۈنكى كېڭەشتە بىز يەتمەكچى بولغان ئاساسىي مەقسەتتۇر. بۈگۈندىن باشلاپ ھەرقايسىڭلار قول ئاستىڭلاردىكى چېرىكلەرنى ئوبدان مەشىق قىلدۇرۇپ، بوغدا خاننىڭ تۈز ھەققىنى ئاقلاشقا تەييار تۇرغايسىزلەر!
— قۇللۇق، پەرمانبەردارمىز! — دېيىشىپ گۈركىرەشتى قالغان سەركەردە، سەردارلار تەڭلا.

*　　　　*　　　　*

ھۆرمەتلىك كىتابخان، خاقانى چىن چەنلۇڭ نېمە ئۈچۈن مۇلكىي قەشقەرىيىنى بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە تېز تەسەررۇپ قىلىش ھەققىدە جاۋ خۇيغا پەرمان چۈشۈردى؟ بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن گەپنى يەنە كۇچا جېڭىگە يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ.
مىلادى 1758 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خوجا جاھان كۇچانى قورشىۋالغان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ چىقىپ، ئىستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا

ئاشۇردى. مانجۇلار بولسا زور چىقىم بەدىلىگە ئاران بىر قۇرۇق شەھەرگە ئىگە بولالىدى. خاقانى چىن چەنلۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى ئارخاشان قاتارلىقلارنى بېيجىڭغا يالاپ ئەكەلدۇرۇپ ۋۇمىن قوۋۇقىدا چاپتۇرۇۋەتتى ۋە جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى مانجۇ قوشۇنلىرىغا جاۋ خۇيىنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئۇنىڭ سەددىچىن قوۋۇقىدىن چىققان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانىنى ئۈچىنچى داپقۇر يەڭگۈشلىشى ئىدى.

خوجا جاھان ئەسلىدىكى پىلان بويىچە مۇلكىي قەشقەرىيىگە قاراپ بېسىپ كېلىۋاتقان مانجۇ قوشۇنلىرىنى شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن، بۇرھانىدىن خوجا قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلارنى قەشقەر قەلئەسىنى ساقلاشقا قويدى. ئۆزى بولسا يەكەن قەلئەسىگە ئورۇنلاشتى ھەمدە مانجۇلارغا بىر تالمۇ دان قالدۇرماسلىق ئۈچۈن پۇقرالارغا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئېتىزلىقلاردىكى ئاشلىقنى پاك ـ پاكىز يىغدۇرۇپ، تالا ـ تۈزنى قۇرۇقداپ قويدى.

مىلادى 1758 ـ يىلى قەمەرىيە 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جاۋ خۇي تۆت مىڭدەك مانجۇ لەشكىرىنى باشلاپ يەكەن قەلئەسى ئاستىغا يېتىپ كەلدى. يەكەن سېپىلىنىڭ دائىرىسى ئون نەچچە چاقىرىم كېلەتتى. بۇ سېپىلنىڭ ئون ئىككى يەردە قوۋۇقى بار ئىدى. مانجۇلار يەكەن قەلئەسىگە قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، زادى ئالالمىدى. ئاخىر زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى ئوت ـ چۆپى ئەلۋەك قاراسۇ دېگەن يەرگە بارگاھ قۇرۇپ، كەينىدىن كېلىدىغان چىنداۋۇل قوشۇنىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى...

*    *    *

يەكەننىڭ غەربىي جەنۇبىدا قار ـ مۇز بىلەن مەڭگۈ قاپلىنىپ

تۇرىدىغان بۈيۈك قارا قۇرۇم تاغلىرى بار ئىدى. بۇ تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاغلار ئاتىسى دەپ ئاتالغان مۇزتاغ ئاتا چوققىسى بۇلۇتلار ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ يالتىراپ تۇراتتى.

مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ باغرىدا جىلغا - سالالار كۆپ بولۇپ، بۇ جىلغىلار بويىدىن، تاغ باغرىنىڭ تېگىدىن جاھانغا كۆز ئاچقان نۇرغۇن بۇلاقلار بار ئىدى. بۇ بۇلاقلاردىن ئېقىپ چىققان سۇلاردىن ھاسىل بولغان چىپان ئېقىنىنىڭ بويىغا ئوت - چۆپى ئەلۋەك، گۈزەل چىپان بايلىقى جايلاشقانىدى.

يەكەن قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولغان جاۋ خۇي زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى قاراسۇ دېگەن يەردە بارگاھ قۇرۇپ خوجا جاھان بىلەن قايتىدىن تۇتۇشماقچى بولدى. بىراق، قوشۇندىكى تۆت مىڭ ئادەم، تۆت مىڭ ئاتنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە يەم - خەشكى ئۇنى خېلىلا ئالدىرىتىپ قويۇۋاتقانىدى. ئارقىدىن ئەۋەتىلىدىغان ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك بولسا نېمىشقىكىن كېچىكىپ كېتىۋاتاتتى. خوجا جاھان «تالا - تۈزنى يىغىشتۇرغان» دا شۇنداق «پاكىز يىغىشتۇرغان» ئىكەنكى، ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلاردىكى ھەممە ئاشلىق، يەم - خەشەكلەرنى، ھەتتا دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىمۇ بىرنى قويماي «يىغىشتۇرۇپ»، ھەممىسىنى شەھەرگە ئەكىرىۋالغانىدى. پۇقرالار بولسا، مانجۇلارنى ئاۋۋالقى جۇڭغارلار بىلەن ئوخشاش دەپ قارىغانلىقتىن، ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىمايۋاتاتتى.

بىر كۈنى جاۋ خۇي ئايغاقچىلىرىدىن خوجا جاھانىنىڭ سان - ساناقسىز يىلقا پادىلىرىنىڭ چىپان يايلىقىدا بېقىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن يايلاققا تېگىش قىلىپ، خوجا جاھانىنىڭ مال چارۋىلىرىنى بۇلاپ كېلىپ، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ھەل قىلماقچى بولدى.

*　　*　　*

قەمەرىيە 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېچە. ئاسماننى يەنە قويۇق قارا بۇلۇت قاپلىغان. ئانچە ـ مۇنچە تامچىلاپ ياغقان يامغۇر يەرنى ئاران ھۆل قىلىپ يەنە ئۆتۈپ كەتتى. ئەتراپ شۇنچىلىك پىنھان ئىدىكى، يىراقتىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن ئىگەچى① مەھەللىسى كۆچۈپ كەتكەندەك جىمجىت ئىدى. قاراسۇ③ نىڭ ئاستىنقى تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئاقىدىغان تىزناپ دەرياسى② ئۈستىدىن ئۆتكەن توڭگۇزلۇق④ كۆۋرۈكى ئۈستىدىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

توڭگۇزلۇق كۆۋرۈكى تەرەپتە تۇيۇقسىز ئۈچ ـ تۆت شۈبھىلىك ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار خوجا جاھاننىڭ ئادەملىرى ئىدى.

چىپان يولىدا يۈرۈش ـ تۇرۇشى يوچۇن، شۈبھىلىك ئادەملەر پەيدا بولغانلىقىنى ئاڭلىغان خوجا جاھان مانجۇلارنىڭ بۈگۈن كېچە چىپان يايلىقىغا شەبخۇن ئۇرماقچى بولغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، دەرھال باش توخۇدا مانجۇلار چوقۇم ئۆتىدىغان توڭگۇزلۇق كۆۋرۈكىنى بۇزۇشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئۆزى بەش مىڭدەك سەرۋاز، بىر تۈمەندەك يىگىتنى ئېلىپ مانجۇلارغا شەبخۇن ئۇرماقچى بولۇپ، توڭگۇزلۇق ئەتراپىغا يوشۇرۇندى. ھېلىقى كۆۋرۈك ئۈستىدە يۈرگەن شۈبھىلىك ئادەملەر خوجا جاھان تەرىپىدىن توڭگۇزلۇق كۆۋرۈكىنى بۇزۇشقا ئەۋەتىلگەن ئايغاقچىلار ئىدى. ئۇلار تىمىسقىلاپ كېلىپ، مانجۇلارنىڭ كۆۋرۈكتە قاراۋۇل قويمىغانلىقىنى بىلدى ـ دە، دەرھال كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقىشىپ قولىدىكى ھەرە ـ پالتىلار بىلەن

---

①②④ يەكەن ناھىيىسىدىكى يەرلەرنىڭ نامى.
③ يەكەن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقىنىڭ نامى.

كۆۋرۈكنىڭ ياغاچلىرىنى ئىنىگە قاراپ ھەرىدەپ، چاھار مىخلىرىنى پالتا بىلەن قومۇرۇشقا باشلىدى. تۆت كىشى قوللىرىدىكى جادا ھەرە بىلەن كۆۋرۈكنىڭ توغرىسىغا قويۇلغان خا ياغىچىنى ھەرىدەپ توغراپ بولغۇچىلىك قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىشتى. ئۇلار كۆۋرۈكنى ئىككى تەرەپتىن كۆتۈرۈپ تۇتۇپ تۇرغان ئوق ياغاچلارنى جادا ھەرىدە تېزلا ھەرىدەپ توغراپ تاشلىدى. كۆۋرۈكنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان چاھار مىخلارنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇپ تاشلاپ، بىر ـ بىرىگە چىشلەشتۇرۇپ قويۇلغان بالا ياغاچلار بىلەن «بەلۋاغ» ياغاچلارنىڭ ھەممىسىنى ھەرىدەپ ئۈزۈپ تاشلىدى. . .

تۈن نىسبىدىن ئاشقان مەھەلدە قاراسۇ بارگاھىنىڭ چاخسىسى ئېچىلىپ ئىچىدىن مانجۇ ئاتلىقلىرى دۈپۈرلىشىپ چىقىپ كېلىشتى. بۇ ئاتلىق قارا چېرىكلەرنىڭ ئالدىدا مانجۇ جاۋ خۈي كېتىپ باراتتى. ئۇ تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى تىزناپ دەرياسىدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئارقىسىدىكىلەرگە «تېزرەك مېڭڭلار!» دېگەندەك قىلىپ قولىنى سىلكىپ قويدى. مانجۇلارنىڭ ئالدىنقى توپى توڭگۈزلۇق كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. كۆۋرۈكتىن ئالاھازەل تۆت يۈزدەك مانجۇ چېرىكى ئۆتۈپ بولاي دېگەندە، مۈنچىۋالا ئېغىر يۈكنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كۆۋرۈك قاراسلاپ سۇنۇپ، ئېقىۋاتقان سۇغا گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. جاۋ خۈي سەپنىڭ بېشىدا ماڭغانلىقتىنلا سۇغا چۈشۈپ كەتمەي ئامان قالدى. ياغاچنىڭ ئاستىدا قالغان ۋە ئاتنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا يانجىلىپ قالغان مانجۇلار داد ـ پەرياد سېلىشىپ، ۋارقىرىشىپ كەتتى. بۇ پاتىپاراقچىلىقتا نۇرغۇن قارا چېرىكلەر يارىلاندى، ئۆلدى ۋە سۇدا ئېقىپ كەتتى.

ئۇ قاتقا ئۆتەلمەي قالغان قارا چېرىكلەر تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ پالاكەتچىلىك ئالدىدا مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىشتى. دەل

مۇشۇ چاغدا ئەتراپتىن ناغرا - دۇمباقلار گۇمبۇرلەپ، كاناي - بۇرغىلار چېلىنىپ، مىلتىق - تۇفەڭلەردىن قوماش قورۇغاندەك ئوق ئېتىلىشى بىلەن تەڭلا، خوجا جاھاننىڭ قوشۇنلىرى مانجۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى نەچچە بۆلەككە كېسىپ تاشلىدى.

كونىلار: «ئەگەر قورساق ئالدىراتمىسا، ھېچبىر قۇش تۇزاققا چۈشمەس ئىدى، شۇنداقلا ئۇۋۇچىنىڭ ئۆزىمۇ تۇزاق قۇرماس ئىدى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان ئىكەن. ئەسلىدە، تۈيۇقسىز تېگىش قىلىپ، خوجا جاھاننىڭ قوي - يىلقىلىرىنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغان بۇ مانجۇلار ئەكسىچە خوجا جاھاننىڭ شەبخۇنىغا ئۇچراپ، بىرمۇنچە ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

مانجۇلار توڭگۇزلۇق كۆۋرۈكىدە دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن دەرھال قاراسۇ بارگاھىغا قاراپ چېكىندى. تۇنجى غەلىبىدىن ئىلھاملانغان خوجا جاھان قوشۇنى تېخىمۇ روھلىنىپ، مانجۇلارغا قوغلاپ زەربە بەردى. جاۋ خۇي مىنگەن ئاتقا ئوق تېگىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ يەنە بىر قارا چىپەركىنىڭ ئېتىنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالدى. قاراسۇبارگاھىنىڭ يانداش سانغۇنى مىڭرۇي[①]بىلەن باش بۇغى گاۋ تيەنشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قېچىپ كېلىۋاتاتتى. خوجا جاھان مەرگەنلەرگە ئۇ ئۈچىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئېتىپ تاشلاشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ مەرگەنلىرى قوللىرىدىكى مىلتىق بىلەن ئۇلارنى ئۇزاق قارىغا ئېلىپ ئولتۇرماستىنلا تەپكىنى بېسىۋەتتى. ئۈچ مىلتىقتىن «ۋاڭ» قىلىپ زالىپ ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭلا، ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان گاۋ تيەنشى قوللىرى بىلەن مەيدىسىنى تۇتتى - دە، بىر ئەندىككەندەك بولۇپ، ئاتتىن تىك

① مىڭرۇي - مىلادى 1762 - يىلى تۇنجى ئىلى جاڭجۇنى بولغان كىشى.

موللاق ئېتىپ چۈشتى. يانداش سانغۇن مىڭرۇينىڭ غولىغا ئوق تېگىپ قاتتىق يارىلانغان بولسىمۇ ئەمما ئاتتىن يىقىلمىدى. جاۋ خۇي مىنگىشىۋالغان ھېلىقى قارا چىپرىكىنىڭ ئېتىنىغا ئوق تەگكەنلىكتىن ئاتنىڭ بوينى قاتلىشىپ ئۆلدى. مەرگەنلەر ئاتقان ئوق تەگمەي جېنى ئامان قالغان جاۋ خۇي ئەمدى تۆت پۇتلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. خوجا جاھاننىڭ لەشكەرلىرى ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان مانجۇلارغا يېتىشىۋالاي دەپ قالغاندا، قاراسۇ بارگاھىدىن مانجۇ لەشكەرلىرىگە ياردەمگە چىققان يەنە بىر بۆلۈك مانجۇلار خوجا جاھاننىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلىرىنى قاتتىق ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنى زادىلا يېقىن كەلتۈرگىلى قويمىدى[1].

مانجۇلار قاراسۇ بارگاھىغا قېچىپ كىرىۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئىشىك ـ چاخسىسىنى مەھكەم تاقاپ، خوجا جاھان قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسەتتى. خوجا جاھاننىڭ قوشۇنىدا چىقىن توپ بولمىغاچقا، مانجۇلارنىڭ ئىستىھكامىنى ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا ئامال بولمىدى. نائىلاج، قوشۇنلىرىغا قاراسۇ بارگاھىنىڭ ئەتراپىغا تېرەك ـ چەنزىلىرىنى قاداپ قوشامداپ چىقىشنى بۇيرۇدى. بۇ قېتىمقى شەبخۇندا بۇرھانىدىن خوجىغا ئوق تېگىپ يارىلانغاچقا، قوشۇنلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەتتى.

قاتمۇقات قورشاۋ ئىچىدە قالغان جاۋ خۇي ئاقسۇغا ياردەم تەلەپ قىلىپ چاپار ماڭغۇزدى.

خاقانى چىن چەنلۇڭ جاۋ خۇي قوشۇنلىرىنىڭ ئىسيانچىلار تەرىپىدىن قاتمۇقات قورشىۋېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال نامجارنى ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، سەنتەيىنى

---

① «غەربىي چېگرانىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن جۇڭغقۇرۇشقا ئائىت قىسقىچە خاتىرىلەر»، 1 ـ جىلد، «چەنلۇڭ يۇرتىنىڭ تۇنجى قېتىم تىنچىتىلىش خاتىرىسى»، چەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلىغا قارالسۇن.

مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ، سولۇن، چاخار قوشۇنلىرىغا قوماندانلىققا تەيىنلىدى ۋە ئۇلارغا جىددىي يۈرۈش قىلىپ يەكەندىكى قاراسۇ بارگاھىغا يېتىپ بېرىپ، جاۋ خۇي قوشۇنلىرىنى ئىسيانچىلارنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە سۈرۈكى قاتتىق پەرمان چۈشۈردى.

نامجار ئىككى يۈز ئاتلىق تۈرشاۋۇل چېرىكنى ئېلىپ ئاقسۇدىن ئالدىن يۈرۈپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز بولدى دېگەندە يەكەنگە يېتىپ كەلدى. بىراق ئۇلار يەكەننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شىپىتدۆڭ دېگەن يەردە خوجا جاھاننىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ قېلىپ، نامجار، سەنتەيلەر ۋە ئۇلار باشلاپ ماڭغان ئىككى يۈز چېرىكنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى.

ئاخىر، خاقانى چىن چەنلۇڭ نائىلاج يانداش سانغۇن فۇ دېغا دەرھال پىچاندىن قوشۇن باشلاپ يەكەنگە جىددىي يۈرۈش قىلىپ، جاۋ خۇينى خوجا جاھاننىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئارقىدىنلا يەنە، بارىكۆل مەسلىھەتچى ئامبىلى ئارغۇن بىلەن يانداش چېرىكچى ئامبال ئالۇئالارغىمۇ ياردەمچى قوشۇننى باشلاپ دەرھال يەكەنگە جىددىي يۈرۈش قىلىش ھەققىدە سۈرۈكى قاتتىق پەرمان چۈشۈردى. خوجا جاھاننىڭ ئارقا سېپىگە شەبخۇن ئۇرۇش ئۈچۈن مانجۇلارنى باشلاپ چىققان جاۋ خۇي ئەكسىچە توڭگۇزلۇق كۆۋرۈكىدە خوجا جاھاننىڭ شەبخۇنىغا ئۇچراپ، بۇرنى - قۇلىقىغىچە دەككىسىنى يەپ، قاراسۇ بارگاھىغا ئاران قېچىپ كىرىۋالغاندىن كېيىن قالدۇق قوشۇنلىرى بىلەن توقسان كېچە ۋە توقسان كۈندۈزدىن بۇيان قورشاۋ ئىچىدە قامىلىپ يېتىپ، ئىچمىكىنى سۈيدۈك، يېمىكىنى پوق قالدى. مانجۇلارنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكى تەلتۆكۈس ئۆكسىگەندىن كېيىن ئاتلارنىڭ چەمدىن تىكىلگەن ئېگەر - جابدۇقلىرىنىمۇ قاينىتىپ يەپ بولۇشتى. ياردەمچى قوشۇن بولسا تا ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمەيۋاتقانىدى. ئۇلار جانلىرىدىن ئۈمىد

ئۇزۇپ تۇرۇشقان چاغدا، خوجا جاھان تۇيۇقسىزدىن قاراسۇ بارگاھىغا بولغان مۇھاسىرىسىنى تاشلاپ، جىددىي قوشۇن چېكىندۇردى. قورشاۋ يەنە مۇشۇنداق ئۈچ كۈنلا داۋاملاشقان بولسا، مانجۇ قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكەن بولاتتى. بىراق، قارشى تەرەپ نېمىشقىدۇر ئاغزىغا كىرەيلا دەپ قالغان بۇ تەييار لوقمىنى يېمەي تاشلاپ كەتتى، زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ؟

جاۋ خۇي بۇ ئىشنىڭ تېگىگە زادىلا ئويلاپ يېتەلمەي تىت-تىت بولۇپ ئولتۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز چېدىر سىرتىدىن بىرسىنىڭ: «مەلۇمات!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بىر سەردارى قەشقەرلىقچە كىيىنگەن بىر ئۇيغۇرنى باشلاپ ئالدىراش چېدىر ئىچىگە كىرىپ كەلدى.

— دارېن، چەنتۇلاردىن ئەلچى كەلدى!

— قايسى چەنتۇدىن كەپتۇ؟ قېنى ئۇ مەكتۇپ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى جاۋ خۇي.

ھېلىقى قەشقەرلىك قوينىدىن بىر پارچە مەكتۇپنى چىقىرىپ جاۋ خۇيغا قوش قوللاپ سۇندى. جاۋ خۇي مەكتۇپنى ئېچىپ قارىدى، ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئىكەن. شۇڭا، دەرھال تۇڭچىنى چاقىرىشنى بۇيرۇدى. تۇڭچى كىرىپ ھېلىقى مەكتۇپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن جاۋ خۇيغا:

— دارېن، بۇ خۇش خەۋەر ئىكەن! بۇ مەكتۇپنى قەشقەرلىك خوجىزادىلەردىن ھۇسەيىن خوجا بىلەن تۇردى خوجا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بوغدا خانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن خوجا جاھاننى قوللىمايدىكەن. شۇڭا بۇرۇتلار بىلەن بىرلىشىپ، خوجا جاھاننىڭ ئارقا سېپىنى باسقىن قىلىپتۇ. خوجا جاھاننىڭ قاراسۇ مۇھاسىرىسىنى تاشلاپ، جىددىي لەشكەر چېكىندۇرگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئارقا سېپىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەتكەن ئوخشايدۇ!

— ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپ قىلدىڭ! — دېدى جاۋ خۇي تۆگچىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ.

ئۈچتۇرپانلىق ئەلى خوجىنىڭ ئىنىسى ھۇسەيىن خوجا بىلەن ئوغلى تۇردى خوجا مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قاراسۇ بارگاھىنىڭ ئۈچ ئايدىن بېرى قورشاۋدا قالغانلىقىنى، ياردەمسىز قالغان قارا چېرىكلەرنىڭ بىتچىت بولۇشقا ئازلا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سوزۇش قارارىغا كەلگەنىدى. بىراق، قانداق قىلغاندا ھەم قاراسۇ بارگاھىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى ھەم خوجا جاھاننى لەشكەر چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر قىلغىلى بولىدىغان بىر ئەپچىل چارىنى ئويلاپ تاپالماي، بېشىنىڭ ئىچىمۇ تېشىمۇ قېتىپ تۇراتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ ئېسىگە خوجا جاھاننىڭ چىپاندا سان ـ ساناقسىز مال ـ چارۋا بايلىقىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ قالدى ـ دە، كۆڭلى پاللىدە يورۇغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلارنى چىپانغا تېگىش قىلىپ، خوجا جاھاننىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا قىزىقتۇردى. دېگەندەك، قىرغىزلارنىڭ چىپانغا باسقىن قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان خوجا جاھان خوخىغا ئولتۇرۇۋالغاندەك ئەندىكىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. چىپان ئۇنىڭ قان تومۇرى ھېسابلىناتتى. ئۇ يەردىكى ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ چارۋا، دەپىي ـ دۇنيا خوجا جاھاننىڭ خاقانى چىن قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىكى تۈگىمەس ـ پۈتمەس ماددىي كاپالەت ئىدى. شۇڭا، «قىرغىزلار خاقانى چىن قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان خوجا جاھان ھۇسەيىن خوجا بىلەن تۇردى خوجىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ كېتىپ، قاراسۇ بارگاھىغا بولغان مۇھاسىرىسىنى تاشلاپ قىرغىزلار بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن چىپانغا قاراپ ئاتلاندى.

چولمىدىكى بىلىقىنىڭ كۆنىگە قالغان مانجۇلار بولسا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇ دېنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قوشۇلدى ـ

ده، ئاقسۇغا قېچىپ كېلىۋالدى. . . شۇنىڭ بىلەن مىلادى 1758 ـ يىلى قەمەرىيە 6 ـ ئايدىن مىلادى 1759 ـ يىلى قەمەرىيە 2 ـ ئايغىچىلىك بولغان بىر يىلغا يەتمىگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، خاقانى چىن چەنلوڭ مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى ئىسيان يالقۇنىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇز مىڭ ياراملىق قارا چېرىكتىن تەشكىل قىلىنغان خىل قوشۇننى مۇلكىي قەشقەرىيەگە توپلىدى. . .

*　　　　*　　　　*

مانجۇلار مۇلكىي قەشقەرىيىنى تولۇق تەسەررۇپ قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇدىكى ھەربىي كېڭەشنىڭ قارارى بويىچە بىر يىل ۋاقىتتا ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق كۆردى. مىلادى 1760 ـ يىلى قەمەرىيە 6 ـ ئايدا جاۋ خۇي ئوتتۇز مىڭ قارا چېرىكنى جەنۇب ۋە شىمال ئىككى تارامغا بۆلۈپ، ئۆزى شىمالىي تارامدىكى قوشۇننى باشلاپ، ئۇدۇل قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى؛ جەنۇبىي تارامدىكى قوشۇننى ياندىش سانغۇن فۇ دې باشلاپ خوتەن دەرياسىنىڭ قىنى بىلەن تەكلىماكان چۆلىنى توغرىسىغا كېسىپ، خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. جاۋ خۇي باشلاپ ماڭغان شىمالىي تارامدىكى قوشۇن بىلەن فۇ دې باشلاپ ماڭغان جەنۇبىي تارامدىكى قوشۇن قەمەرىيە 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەر بىلەن خوتەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھايالشىماستىنلا جەنۇب ۋە غەربىي شىمال تەرەپتىن يەكەنگە قىستاپ كەلدى. . .

مىلادى 1760 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى. تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ مانجۇلار يەكەن سېپىلىنى جەنۇب ۋە شەرقىي شىمال تەرەپتىن تەڭلا توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا مانجۇلار ئۆز ئۆزۈن شوتىلىرىنى سۆرەپ كېلىشىپ، يەكەن سېپىلىغا ئومۇمىي

ھۇجۇم باشلىدى.

ھەممىدىن بۇرۇن مانجۇلار چىقىن توپلىرىغا ئۇچ يىرىم قاداقلىق ئوقلارنى قاچىلاپ يەكەن سىپىلىنى شىددەت بىلەن ئوق ـ بوران قىلدى. سىپىل ئاستىدا ھۇجۇمغا ئۆتكەن قارا چېرىكلەرنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چېلىنىۋاتقان دەھۇل ـ دۇمباق، بۇرغا ـ كاناي، ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ھەيۋەتلىك غات ـ غۇتلىرى، جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى ئارىلىشىپ، ھېچنېمىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بىر خىل شاۋقۇن كۆتۈرۈلگەنىدى. مانجۇلارنىڭ توپچىلىرى ئاتقان چىقىن ئوقلار سىپىل ئۈستىگە چۈشۈپ دەھشەت بىلەن پارتلاپ، قەدىمدىن تارتىپ «تۆمۈر سىپىل» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن يەكەن سىپىلىنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىپ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماقتا ئىدى.

گۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ... گۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ... گۇم! پاڭ! بۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇم!

گۈلدۈرلەپ ئېتىلغان توپ ئوقلىرىنىڭ پارتلىشىدىن يەر ـ جاھان زىلزىلىگە كېلىپ تىترەيتتى. يالقۇن، ئوت ئۇچقۇنلىرى، توپا ـ كېسەك پارچىلىرى قاپقارا ئىس ـ تۈتەكلەرگە ئارىلىشىپ ئاسمانغا ئۆرلەيتتى.

توپ ـ زەمبىرەكلەردىن ياپساسىغا ئېتىلىۋاتقان ئوقلار كەينى ـ كەينىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى ۋە شەھەر ئىچىگە چۈشۈپ پارتلاپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلىماقتا ئىدى. پارتلاش ساداسى ئىچىدە ياغاچ، خىش پارچىلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. كوچىلار خىش ـ كېسەك پارچىلىرى بىلەن تولغان، ئەگۈنلەرنىڭ ياغاچ دەرۋازىلىرى پارچە ـ پارچە بولۇپ يەردە سۇنۇپ ياتاتتى. ئوت يالقۇنى ئۆيلەرنى يالماپ يۇتۇپ كېتىپ باراتتى. بالىلارنىڭ، ئاياللارنىڭ، ئەرلەرنىڭ يىغا ئاۋازلىرى، ئاچچىق ۋارقىراشلىرى توپ ئوقلىرىنىڭ دەھشەتلىك پارتلاش

سادالىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.
گۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ... گۇم! گۇ ـ ۇ ۇ ـ... پاڭ! بۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ... بۇم!
قاپقارا ئىس ـ تۈتەك چىقىرىپ پارتلايدىغان چىقىن ئوقلار يەر ـ جاھاننى خىمىردەك چەيلىۋەتكەنىدى. مانجۇلار يەكەن سېپىلىنى ساقمۇ ساق ئىككى ئاش پىشىم ئۆتكۈچە شىددەت بىلەن ئۈزلۈكسىز توپقا تۇتقاندىن كېيىن يەكەن سېپىلىنىڭ خېلى كۆپ يېرىنى بۇزۇپ تاشلاشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. توپقا تۇتۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن قارا چېرىكلەر نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ۋە قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، چۇقان كۆتۈرۈشكىنىچە ھۇجۇمغا ئۆتتۇشتى.
يەكەن سېپىلىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي تەرەپتىكى قالغان دەرۋازىسى ئەتراپىدا جەڭ تولىمۇ دەھشەتلىك بولدى. خوجا جاھاننىڭ ئابدۇخالىق قۇر بېشى دېگەن سەردارى بۇ يەرنى قوغداۋاتقانلارغا باشچىلىق قىلاتتى. ئۇ جەڭچىلىرىگە مەدەت بېرىپ:
— ئوغلانلار، چىڭ تۇرۇڭلار! قولۇڭلاردىكى ئايپالتا بىلەن سېپىلغا يامىشىپ چىقىۋاتقان مانجۇلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇڭلار! شوتىلارنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇڭلار! — دەپ پات ـ پات ۋارقىراپ قوياتتى.
ئابدۇخالىق قۇر بېشى قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق ئايپالتىسىنى ئوينىتىپ شوتا بىلەن يۇقىرىغا ئۆمىلەپ چىققان قارا چېرىكتىن بەش ـ ئالتىسىنى چېپىۋەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يېنىدا شىددەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بىر جەڭچىگە ئوق تېگىپ، سېپىلدىن تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى. بۇ چاغدا ئۈچ شوتىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئارقىدىنلا بىرنەچچە ئادەم تېز ئۆمىلەپ يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئابدۇخالىق قۇر بېشى چەرەندەك سەكرەپ بېرىپ ھېلىقى شوتىلاردىن بىرىنى بىر تېپىپلا بىلەنلا كەينىگە

ئۆرۈپ تاشلىدى. يەنە بىر شوتىدىكى ئاۋاق بىر مانجۇ قولىدىكى گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ ئۇنى ئۇرۇشقا تەمشەلگەندى، بىراق ئابدۇخالىق قۇر بېشى ئۇنىڭدىن بۇرۇن قول سالدى. بېشىغا ئايپالتا تەگكەن بۇ ئاۋاق مانجۇنىڭ قولىدىكى گۈرزىسى چۈشۈپ، ئۆزى چالمىدەك دومىلىغان پېتى تۆۋەنگە غۇلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر قارا چېرىك بىر قولىدا مىلتىقىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا شوتىنى تۇتۇپ ئۆمىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ بېشىغىمۇ ئايپالتا تېگىپ ئىككى بولۇپ، گەۋدىسى لاكاسلاپ تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. خارەتچىلىكتىن خەۋىرى بار ئابدۇخالىق قۇر بېشى چوڭ چوتتا تېرەك ياغاچلىرىنىڭ پۇتاقلىرىنى چېپىپ ئۆگەنگەن بولغاچقا، يۇقىرىغا چىقىشقا ئۇرۇنۇپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان قارا چېرىكلەرنى قولىدىكى ئايپالتىسى بىلەن خۇددى ياغاچنىڭ پۇتاقلىرىنى چاپقاندەك چېپىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى تۆۋەنگە موللاق ئاتقۇزۇۋەردى. . .

يەكەنلىكلەر شوتىغا يامىشىپ يۇقىرىغا چىقىۋاتقان قارا چېرىكلەرنى چوماق بىلەن ئۇرۇپ دومىلىتىپ، پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىشتى. مۇداپىئەچىلەرگە ئاياللارمۇ زور مەدەت بولۇۋاتقانىدى. ئۇلار قازانلاردا پورروقلاپ قايناۋاتقان قايناق سۇ، قايناق موملارنى ۋە كاۋىنىڭ ئۇماچلىرىنى بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنىنىڭ كاللا - باشلىرىغا شارقىرىتىپ تۆكۈپ كۆيدۈرۈپ، زادىلا باش كۆتۈرگۈزمىدى.

مانجۇلار يەكەن سېپىلىغا ئارقا - ئارقىدىن تۆت داپقۇر ھۇجۇم قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى توپ ئوقلىرىدا ۋەيران قىلىپ تاشلانغان يەكەن سېپىلىدىكى مۇداپىئەچىلەرنىڭ قەيسەرلەرچە قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا قايتا - قايتا سۇنۇپ، بۇگۈنكى ھۇجۇمنى توختىتىشقا مەجبۇر

بولدى. چۈشكە يېقىن مانجۇلار بارگاھلىرىغا قايتىپ كېلىشتى. سېپىل ئاستىدا ياردار بولغان قارا چېرىكلەرنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازلىرى، يارىلىرىنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي قىلغان نالە ـ پەريادلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. قوللىرىغا ئاق بايراق ئېلىشقان شەپقەتچى قارا چېرىكلەر ياردارلارنى شىرغا بىلەن كۆتۈرۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئارقا سېپىگە توشۇشقا باشلىدى. . .

*　　　　*　　　　*

مانجۇلارنىڭ يەكەن قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقىنىغا بۈگۈن ساقمۇ ـ ساق بەش كۈن بولدى. يەكەنلىكلەر پىداكارلىق كۆرسىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، بەرداشلىق بېرىپ، بىر قەدەممۇ ئارقىغا چېكىنمىدى. بىراق، مانجۇلارنىڭ ئاتقان شىددەتلىك توپ ئوقلىرىدا كۆپ ئادەم چىقىم بولۇپ كەتتى. شۇڭا، يەكەننى مۇداپىئە قىلغۇچىلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسىدىغان جەڭچىلەر تولۇقلاشقا باشلىدى. قەلئە سېپىلىنىڭ ھەربىر گەز ئارىلىقىنى قوغداپ تۇرۇشقا ئادەم يېتىشمەي قالدى. مانجۇلارنىڭ دەھشەتلىك توپ ئوقلىرىنىڭ پارتلاش زەربىسىدە ئۆلگەن ئەرلەرنىڭ ئورنىنى ئەمدى ئايال جەڭچىلەر ئىگىلىگەنىدى.

بۇ ئايال جەڭچىلەرگە يىگىتچە ياسانغان، ئۇستىگە كۈمۈشتەك زىرىھ ـ قۇياق كىيىپ، بېلىگە قىلىچ ئاسقان، بېشىدىكى پولات دۇبۇلغىسىنىڭ بۇرۇندۇقى يۇزلىرىگىچە چۈشۈرۈپ قويۇلغان، غۇنچە بويلۇق، زىلۋا بىر ياش چوكان باشچىلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ 24 ـ 25 ياشلاردا بار بولۇپ، ئايال جەڭچىلەرگە چەبدەسلىك بىلەن بېرىلىۋاتقان قىسقا ـ قىسقا بۇيرۇقلىرىدىن ئۇنىڭ ھەربىي ئىلىمگە تولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. بۇ ئايال سەركەردىنىڭ ئىسمى نۇر ئەلانۇر خېنىم

بولۇپ، خوجا جاھاننىڭ بانۇسى ئىدى.

ئىلىدا تۇرغاقلىقتا ياشاۋاتقان ئۇچتۇرپانلىق ئەلى خوجىنىڭ[①] ئۆيىدە تۇغۇلغان بۇ نۇر ئەلانۇر خېنىمنىڭ ئەسلى ئىسمى مەئمۇرى ئېزىم ئىدى. ئۇ 17 يېشىدا خوجا جاھانغا ياتلىق قىلىنغانىدى. خوجا جاھان مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئېلان قىلغاندا، ئۇنىمۇ «خانىش» دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئۇنىڭغا «نۇر ئەلانۇر خېنىم» دېگەن ھۆرمەتلىك ئاتاقنى بەرگەنىدى.

16 يېشىدا شوخلۇق بىلەن يىگىتچە كىيىنىپ، گۈزەل ئېرەن قابۇرغا يايلاقلىرىدا خوجا جاھان بىلەن بىللە چەۋگان ئويناپ، ئۇنىڭدىن ئۇرۇش سەنئىتىنى پۇختا ئۆگەنگەن نۇر ئەلانۇر خېنىم ئەمدى راستىنلا قوراللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتى ئۈچۈن ئېلىشىۋاتقان قەلئە ھىمايىچىلىرىگە بولۇشۇۋاتاتتى.

باشقا ئايال جەڭچىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەرلەردەك كىيىنگەن بولۇپ، بەللىرىنى تاسما بىلەن چىڭ باغلىشىۋالغانىدى. ئۇلار ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە پىداكارلىق كۆرسىتىشىۋاتاتتى.

مانجۇلارنىڭ بىر قىسىم كۈچلىرى قالغات دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدا غوۋغا كۆتۈرۈپ، دەرۋازىخانىغا كۆيدۈرگۈچ ئوقلارنى ئېتىۋاتقان چاغدا، يەنە بىر گۇرۇھ قارا چېرىكلەر قەلئەنىڭ دالدا تەرىپىگە شوتا قويۇپ ئاستا شىپقاپ چىقىپ كەلدى. بۇنى ئۆگەكنىڭ كەينىدە ياتقان بىر ياردار ئەر جەڭچى كۆرۈپ قېلىپ، ئايال جەڭچىلەرگە باشچىلىق قىلىۋاتقان نۇر ئەلا نۇر خېنىمغا ۋارقىرىدى:

— بىلقىس ئۇزما[②]، دۈشمەنلەر بۇ تەرەپتىن شوتا قويۇپ

---

① ئەلى خوجا (1694 ـ 1759) چوڭ خوجا دەيمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاپئاق خوجىنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى ئىنايىتۇللا خوجا (كارامىتۇللا خوجا) نىڭ نەۋرىسى ئىدى.

② پادىشاھلارنىڭ چوڭ خوتۇنلىرىغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت نامى.

چىقىشماقتا! شوتا!!

نۇر ئەلانۇر خېنىم ئۆگەكنىڭ كەينىگە دۈۋىلەپ قويۇلغان قىرلىق تاشلارنىڭ بىرسىنى ئىككى قوللاپ ئالدى — دە، پەسكە قارىتىپ ئاتتى. قالغان ئايال جەڭچىلەرمۇ قولىغا تاشلارنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ كېلىپ پەسكە دومىلاتتى. تۇۋەندە مانجۇلارنىڭ داد - پەرياد كۆتۈرۈشۈپ، ئىڭرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ تاشلار قارا چېرىكلەرنىڭ بېشىغا تەگكەنىدى...

بىراق، مانجۇلار ھۇجۇمنى بىر ئازمۇ توختاتمىدى. ئۇلار قەلئەگە كەينى - كەينىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلاتتى. قارا چېرىكلەر مول بايلىققا تېز ئىگە بولۇش ئۈچۈن شوتىلاردىن سېپىل ئۈستىگە ئۆمىلەپ چىقىشىپ، قەلئە مۇداپىئەچىلىرىنىڭ ئۈستىگە تەلۋىلەرچە تاشلىناتتى. چۈنكى، جاڭ خۇي: «يەكەن قەلئەسىگە كىم ئاۋۋال باستۇرۇپ كىرسە، شەھەردىكى ئالتۇن - كۈمۈش شۇنىڭ بولىدۇ!» دەپ ئېلان قىلغانىدى...

ئاخىر قالغان دەرۋازىسى قولدىن كەتتى! مانجۇلار قەلئەنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن شەھەر ئىچىگە خۇددى كەلكۈن سۇيىدەك دەۋرەپ كىرىشكە باشلىدى! خوجا جاھان ئەمدى پۇرسەت قولدىن كەتكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن ياردار بۇرھانىدىن خوجا بىلەن ھەممە ئائىلە - تاۋابىئاتلارنى ۋە يەنە بىر بۆلۈك ئاھالىنى ئېلىپ، شەھەرنى مانجۇلارغا تاشلاپ بەردى - دە، شەرق تەرەپتىكى ئالتۇن دەرۋازىسى ئارقىلىق سارىققول تەرەپكە چېكىندى.

ئائىلە - تاۋابىئاتلار بىلەن ئاھالە ئارىسىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقلار تېز ھەرىكەتلىنەلمىگەنلىكتىن، قوشۇننىڭ ھەرىكىتىگە دەخلى يېتىپ، چېكىنىش سۈرئىتىنى بەكمۇ ئاستىلىتىۋەتتى. شۇڭا، خوجا جاھان بىر قىسىم نۆۋكەرلەر

بىلەن بىللە مانجۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، چېكىنىشۋاتقانلارنى قوغداپ تۇردى. بۇ چاغدا نۇر ئەلانۇر خېنىم ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ، مانجۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىشۋاتاتتى. خوجا جاھاننىڭ قېچىپ كېتىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرىگەن جاۋ خۇي بىر گورۇھ يارامىلىق ئۇچقۇر ئاتلىقلارنى باشلاپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. ئۇ ئالدى تەرەپتە ئېگىز بويلۇق ياش بىر ھەربىينىڭ چېكىنىشۋاتقانلارغا تەمكىنلىك بىلەن يوليورۇق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا زىلۋا بىر «يىگىت» مۇ پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىشۋاتاتتى. مانجۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇزلەپ ھارۋىلار ئۆرۈپ تاشلانغان بولغاچقا، ئۇچقۇر ئاتلىقلارنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلاتتى. شۇڭا، جاۋ خۇي قوشۇننى توختىتىپ ئۇچقۇر ئاتلىقلارنىڭ باشلىقلىرىغا ھارۋىلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چەنتۇ ھەربىيلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. ئۇچقۇر ئاتلىقلار چېكىنىشۋاتقانلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ھەربىيلەرگە ھۇجۇم قىلدى. مانجۇلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن چاقماق تېزلىكىدە قىلغان بىراۋەر ـ تەڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، خوجا جاھاننىڭ نۆۋكەرلىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى.

مانجۇلارنىڭ ساۋۇت ـ قۇياقلىرى، ھەممە قورال ـ جابدۇقى تەل بولغاچقا، ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا كىرىچكە ئوقنى بىسىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئېتىشۋەردى. جاۋ خۇي كىرىچكە ساۋۇت تېشەر ئوقتىن بىرنى بىسىپ، ھېلىقى ياش ھەربىينى چەنلەپ ئاتتى. ئوق ھېلىقى ھەربىينىڭ قالقىنىنى تېشىپ سادىقىغا چاپلاشتۇرۇپ قويدى. ئارقىدىن يەنە بىر تال ئوقنى ئۇلاپ ئېتىشۋەتتى، بۇ ئوقمۇ ئۇنىڭ پۇتىغا تېگىپ سانجىلىپ قالدى. . .

بۇ چاغدا مانجۇلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىۋاتقان نۇر ئەلانۇر خېنىم خوجا جاھاننىڭ پۇتىغا ئوق تەگكەنلىكىنى كۆرۈپ

قالدى ـ دە، «تارت قولۇڭنى، مانا مەن كەلدىم!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئات سىلىپ كېلىپ، جاۋ خۇينىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى، ئۇنىڭ بېشىدا دوبۇلغا بار ئىدى، بېشى قىلىچ زەربىسىدىن ئايلىنىپ كەتتى. گەرچە، دوبۇلغىسىنىڭ بىر تال سىمىمۇ كېسىلمىگەن بولسىمۇ ئەمما بېشى خېلىلا ئەدەب يېگەنىدى. جاۋ خۇي قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىگە قىلىچ ئۇرغان ھېلىقى «يىگىت» نىڭ كۆكسىگە تىغ ئۇردى. قىلىچ ئۇنىڭ خۇشپىچىم ھەربىي تونى ئىچىدىن كىيىنگەن زىرىھقا تېگىپ تېيىلىپ كەتتى. ھېلىقى «يىگىت» ئېتىنى سەكرىتىپ جاۋ خۇيغا يەنە بىر قىلىچ ئۇرماقچى بولۇپ ھەملە قىلىۋىدى، جاۋ خۇي قولىدىكى قىلىچىنى ياپسالاپ تۇرۇپلا «يىگىت» نىڭ قولىدىكى قىلىچنى قېقىپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. قىلىچ زەربىسىدىن «يىگىت» نىڭ بېشىدىكى دوبۇلغىسىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كېتىپ بېشىدىن دوبۇلغىسى ئۇچۇپ كەتتى ـ دە، «يىگىت» نىڭ سۇمبۇل چاچلىرى يېيىلىپ يەلكىسىگە چۈشتى.

جاۋ خۇي كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى: ئۇ باياتىن ئۆزىگە قىلىچ ئۇرغان «يىگىت» نىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. تولىمۇ زىبا، تولىمۇ گۈزەل بىر ئۇيغۇر قىزى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

«خوجا جاھاننىڭ خوتۇنى؟!» دېگەن خىيال جاۋ خۇينىڭ كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولدى. ئۇ ئۈچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجەسىدىن خوجا جاھاننىڭ ئايالىنىڭ قورال ـ ياراغ بىلەن ھەپىلىشىدىغان، تەڭدىشى يوق گۈزەل چوكان ئىكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. «ئۇنداق بولسا باياتىن مەن ئوق ئاتقان ھېلىقى ياش ھەربىي كىشى خوجا جاھان بولمىسۇن يەنە؟!»

— جاۋانمەردلەر، ئەمرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى نۆۋكەرلەرگە ئۇ، — خوجا جاھان ئالدىمىزدىكى ئاشۇ ياش ھەربىي شۇ. ئۇنى تىرىك تۇتقانلارغا كۆپ ـ كۆپ مۇكاپات

بىرىمەن! ماۋۇ گۈزەل چەنتۇ مەلىكىسىنىڭ بىرەر يېرىگە شىكەستە يېتمىدىغان بولسا بىشىڭلارنى ئالىمەن!
جاۋ خۇينىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشمەي تۇراتتى، مانجۇلار دەۋرەپ كىلىشكىنىچە نۇر ئەلانۇر خېنىمنى قاتمۇقات قورشىۋالدى.
— خوجام، مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، تېز قاچىڭلا! — دەپ كۈچىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى ئۇ خوجا جاھانغا.
ئۇنىڭغىچىلىك مانجۇلار نۇر ئەلانۇر خېنىمنىڭ ئۈستىگە تور تاشلاپ ئۇنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن يىقىتىۋىتىشكە مۇۋەپپەق بولدى.
— خېنىم، مانا مەن كەلدىم! قورقمىسىلا! — خوجا جاھاننىڭ ئاۋازى كىشىلەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدە ياڭرىدى.
ئەمما، ئارىلىقتا يولغا تىقىلىپ قېلىشقان ھارۋىلار شەھەردىن قېچىپ چىققانلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، سەپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. ھېچكىم ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايتتى. بۇ قالايمىقانچىلىقلار ئىچىدە خوجا جاھان بۇ تەرەپكە ئۆتۈشكە نائىلاج قالدى. «قاچقان دۈشمەن كۆپ بولسىمۇ، ئاز قوغلىغۇچىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى، مەغلۇپ بولغان سەپكە بىر «ھەي» دېگەن ئاۋازمۇ كۇپايە!» دېگەن بىر گەپ بار. مانجۇلار نۇر ئەلانۇر خېنىمنى تىرىك تۇتۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان بولسىمۇ ئەمما خوجا جاھان، بۇرھانىدىن خوجىلار يەنىلا بىر قىسىم ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئادەملىرىنى ئېلىپ بەدەخشان تەرەپكە چېكىندى...

* * *

يەكەن قەلئەسى پۈتۈنلەي مانجۇلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىندى، مانجۇلارنىڭ قەلئەگە قىلىۋاتقان ھۇجۇمىمۇ توختىتىلدى. قەلئە ئىچىدىكى يانغىنمۇ ئۆچۈشكە باشلىدى. جاۋ

خۇي پەتھى قىلىنغان بۇ شەھەرنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، قۇمۇللۇق يۇسۇپ خوجا، تۇرپانلىق ئىمىن خوجا، كۇچالىق ئوداي خوجا، سايراملىق سېيىت ئابدۇللا خوجا، ئۇچتۇرپانلىق سېيىتۋالدى خوجا، خوجەسى خوجا ۋە گادايمەت خوجىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يەكەن پاتاچىسى غازى بەگنى ئېلىپ چاھارسۇغا كەلدى.

شەھەر ئىچى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، غەدىگەرلىكتە، قوچقار ئاتا مازىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا، گۇزەر ياقلىرىدا ئادەم ئۆلۈكلىرى ئۈست - ئۈستىگە مىنگىشىپ ياتاتتى. بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ كىيىملىرى سالدۇرۇۋېلىنغان بولۇپ، ئۆلۈكلەرنى كۆمىدىغان بىرەرمۇ ئادەم چىقمىغانىدى. ئۆلۈكلەرنىڭ بەزىلىرى تۈگۈلۈپ قالغان، پۇت - قوللىرى پۈكلىشىپ بىر يەرگە يىغىلىۋالغانىدى. بەزىلىرىنىڭ قاپقارا ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا قۇرت - قوڭغۇزلار ئۆمىلىشىپ كىرىپ - چىقىپ يۈرۈشەتتى. سېپىل ياقىسىدا بىر ئۆلۈك قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن ھالدا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرەپكە داردىيىپ سوزۇلغان پۇتلىرى تىزىغىچە خەندەكنىڭ ئىچىگە ساڭگىلاپ قالغان، ئۆزى ئوڭدا ياتاتتى. بىر قولى قايرىلىپ پۈكۈلگەن پېتى دۈمبىسىنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغان، يەنە بىر قولىدا ئايپالتىسىنى چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋالغان، ئۇنىڭ قانسىرىغان سېرىق پېشانىسىدە ۋە شىشىدەك قېتىپ قالغان يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىدە قان داغلىرى قالغانىدى. ئۇنىڭ دەھشەتلىك ھالىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ تېنى مۇزلاپ شۈركىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى پۇتلىرىنى سۈزۈك تاغ سۈيى ئېقىپ تۇرغان ئېرىققا ساڭگىلىتىپ، بىرئاز دەم ئالماقچى بولۇپ ئولتۇرۇپ كېيىن ئوڭدىسىغا يېتىۋالغان ئادەمگە ئوخشايتتى. كوچىلاردا چېپىپ تاشلانغان پۇقرالارنىڭ ئۆلۈكلىرى ياتاتتى. بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدا بىرسى ھايات ۋاقتىدا تىغ زەربىسىنىڭ يۈرەككە

سانجىلغان ئازابىغا چىدىيالمىغان بولسا كېرەك، تىلىنى گاچچىدە چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. ئىششىپ بىلەكتەك بولۇپ كەتكەن كوتمەك تىلى ئۇنىڭ ئاغزىغا پاتماي قالغانىدى؛ ياش بىر ئايالنىڭ لەۋلىرىگە قان ئۇيۇپ قالغان، چىرايلىرى كۆكۈش ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىشتىنى تىزىغىچە سىيرىپ چۈشۈرۈلگەن، مانجۇلار ئۇنىڭغا زورلۇق قىلىپ بولۇشقاندىن كېيىن ياغاچ قوزۇقنى ئۇنىڭ ئۇياتلىق يېرىگە قىقىپ كىرگۈزۈۋېتىشكەن، قوزۇقنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ كەينىدىن تېشىپ چىقىپ يەرگە پېتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ جېنى چىقماي بەك قىينىلىپ كەتكەنمۇ ـ قانداق، ئىككى پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋېرىپ، پۇتىنىڭ تاپان سۆڭەكلىرى ئېچىلىپ كۆرۈنۈپ قالغانىدى؛ يەنە بىر تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئىككى كۆكسى كېسىپ ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقى ئاچلىقتىن ئانىسىنىڭ قېشىدا ئۆلگەنىدى. . .

توپتوغرا ئۈچ كۈن داۋاملاشقان بۇ دەھشەتلىك قەتلىئامدا مانجۇلار ھارغان بولسا كېرەك، ئاخىر قەتلىئامنى توختىتىشقانىدى. كۆيۈۋاتقان ئوتلارمۇ كۆيدۈرگىلى ھېچنەرسە تېپىلماي، ئاخىر ئۆزى ئۆچۈپ يوق بولغانىدى. جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە قونغان قاغا ـ قۇزغۇنلار ئۆلۈكلەرنى بىر چوقۇپ، ئەتراپىغا بىر قاراپ، «قاق، قاق!» دەپ ۋەھىمىلىك قاقىلداپ قوياتتى. . .

* * *

مانجۇلارمۇ يەكەن قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگىچە خېلىلا تالاپەت بېرىشكەنىدى. نۇرغۇنلىغان يۈزلۈكلەر يېرىم دىگۈدەك قارا چېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقانىدى. ئامان قېلىشقانلىرىنىڭ خېلى كۆپىنىڭ بەدىنىگە قەلئەدىكىلەر قىلىچ ۋە ئوق بىلەن تامغا بېسىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

ئۆلگەن قارا چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز كىيىملىرى بىلەن تىزىپ ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ئۆز يۇرتىدىن «چەتتۇلار يۇرتىغا بارىمىز، ئولجا ئېلىپ يانىمىز!» دەپ كەلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئەمدى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكىنىنى ئاڭلىغان قوۋم - قېرىنداشلىرى نېمە بولۇپ كېتەر - ھە!

مانا ئەمدى ئولجا ئېلىپ بېيىش ئۈچۈن چەتتۇلار يۇرتىغا كەلگەن بۇ ئادەملەر جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى بۇ يات ئەل، يات ماكاندا ئۆلۈكىنى ئىت پۇرىمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئالايغان ۋە نۇرى قاچقان گۇنسىز كۆزلىرى بىلەن ناتونۇش ئەلنىڭ ئاسمىنىغا چەكچىيىپ قاراپ، قەدىرسىز ھالەتتە تاشلىنىپ ياتاتتى.

قارا چېرىكلەرنىڭ جەسەتلىرى بۇزۇپ تاشلانغان ئۆيلەردىن چىقىرىۋېلىنغان خار - جەگە، ۋاسا - جۇپ، تاختاي - پەن، سۇندۇرۇلغان ئىشىك - دېرىزىلەر ۋە كېشەكلىرى، ھارۋىلارنىڭ شوتا - چاقلىرى ئۈستىگە سەرجان قىلىپ تىزىلغانىدى. بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى كېسەكتىن تىزىپ ياسالغان پاكار سۇپا ئۈستىگە سەردارلاردىن يۇقىرىلارنىڭ ئەرۋاھ تاختىسى قاتار تىزىۋېتىلگەن ۋە بىلەكتەك كېلىدىغان موم شاملار ياندۇرۇپ قويۇلغانىدى.

جاۋ خۇي بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ئاياغلىرىدىكى لاتا خەيلەرنىڭ ھەممىسىنى سالدۇرۇۋېلىشنى بۇيرۇدى. چۈنكى تىرىك يۈرۈشكەن قارا چېرىكلەرگە خەي يېتىشمەيۋاتقانىدى. قارا چېرىكلەر ئۆلگەنلەرنىڭ پۇتىدىكى خەيلىرىنى تاتقۇشلاشتۇرۇپ سالدۇرۇۋېلىۋاتقاندا، توساتتىن ئۈستى - ئۈستىگە دەسسىلەپ تىزىلغان ئۆلۈكلەردىن بىردى خۇددى جان كىرگەندەك مىدىرلاپ كەتتى ۋە:

— سۇ، سۇ بېرىڭلار!... جېنىم قاقشاپ كەتتى،

سۇ. . . — دېگەن ئاۋاز ئېنىق ئاڭلاندى.

قارا چېرىكلەر چۆچۈشۈپ كەتتى.

بىراق، مانجۇلارنىڭ مۇقەددەس قائىدە - دەستۇرى بويىچە كۆيدۈرۈلمەكچى بولغان ئۆلۈكلەرنى قايتا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشقا بولمايتتى. شۇڭا، بۇ قارا چېرىكلەر قانداق قىلىمىز، دېگەندەك قىلىپ جاۋ خۇيغا قاراشتى.

جاۋ خۇي ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان بولۇپ، لام - جىم دېمەستىن تۇراتتى. ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈك، تەلەتى بەكمۇ سۆرۈن ئىدى.

— بولۇشمامسەن؟ نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇشىسەن؟! تېز - تېز ھەرىكەت قىلىڭلار! — دەپ قەھرىنى چاچتى ئۇ.

بۇ چاغدا قوشۇن بىلەن بىللە كەلگەن قېرى بىر شامان باخشىسى:

— بوغدا خاننىڭ شاپائىتى بىلەن ياۋايىلار ئېلىنى ئىنساپقا كەلتۈرۈش يولىدا ئۆلگەن بۇ جاۋانمەردلەرنىڭ روھ - ئەرۋاھلىرى مۇشۇ مۇقەددەس ئوتنىڭ تۈتۈنى بىلەن ئاسمان تەڭرىسىنىڭ دەرگاھىدا مېھمان بولىدۇ! مانىمەتناخۇن، مانىمەتناخۇن! . . . — دەپ ھەدەپ دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى.

چېرىكلەر قوللىرىدىكى ئوتقاشلىرى بىلەن ئۈستى - ئۈستىگە دەسسىلەپ تىزىلغان قارا چېرىكلەرنىڭ ئاستىدىكى ئوتۇن - ياغاچلارغا تۆت ئەتراپتىن ئوت يېقىشتى. ئاۋۋال بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى قاپقارا تۈتۈن تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. كېيىن ھەش - پەش دېگۈچە، قىپقىزىل ئوت يالقۇنى تىلىنى چىقىرىپ، ئۆلۈكلەرنى قاپلاپ چارسىلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئەتراپقا كۆيگەن گۆشنىڭ قاڭسىق پۇرىقى تارىلىشقا باشلىدى. كۈچلۈك كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە ئۈستى - ئۈستىگە دەسسىلەپ تىزىلغان قارا چېرىكلەرنىڭ جەسەتلىرى پەيلىرى ئۇلۇغ ئوتتا تارتىشىپ ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا

باشلىدى. ياتقان بىر ئۆلۈك خۇددى تىرىك ئادەمدەك ئورنىدىن دەست قوپۇپ ئولتۇردى - دە، خۇددى تىرىك قالغان ھەمراھلىرى بىلەن خوشلاشقاندەك قىلىپ قولىنى كۆتۈردى...

ئوت دەپنىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جاۋ خۇي پۈتۈن قوشۇنغا ئۈچ كۈنلۈك ئارام ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى...

بۇ دەھشەتنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن بەزى قارا چېرىكلەر ئۈچ كۈنگىچە ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرى:

— بىزلەر جىيايۈگۈەندىكى قوۋۇقتىن چىقار ۋاقتىمىزدا يول ياقىسىدا: «قوۋۇقتىن چىققان ھەر ئون ئادەمدىن بىرىلا ساق قايتىپ كېلۇر»① دەپ يېزىلغان بىر ئابىدە تىكلەكلىك تۇرغىنىنى كۆرگەنىدۇق. ئەگەر چەنتۇلارنىڭ ھەربىر شەھىرىنى ئالغۇچىلىك مۇشۇنچىۋالا ئادەملەر قازا قىلسا، بۇ ئۇرۇش تۈگىگىچە كۆپ قىسمىمىزنىڭ ئۆلۈكى مۇشۇ يات ئەلدە قالامدۇ نېمە؟ — دېۋىدى، قالغان قارا چېرىكلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ خورسىنىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى ۋە:

— جىڭ گەپتىن بىرنى قىلدىڭ! بۇ ئۇرۇشتىن خويمۇ زېرىكتۇق! نېمانداق تۈگىمەيدىغان ئۇرۇش بۇ؟! — دېيىشىپ جىم بولۇشۇپ قېلىشتى...

* * *

مىلادى 1760 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

— ئامبال ئەلچى جانابلىرى، — دېدى بەدەخشان ئەمىرى مۇزەپپەر سۇلتانشاھ ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغان باتۇر خاقانى چىن

① «قوۋۇقتىن چىققان ئون ئادەمدىن بىرىلا ساق قايتىپ كېلۇر» دەپ يېزىلغان بۇ ئابىدە ھېلىمۇ جىيايۈگۈەندىكى ئاشۇ ئورنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

قوشۇنلىرىنى ئالقىشلايمىز! خاقانى چىنىنىڭ تەگرى قوشۇنلىرى يېڭىلمەستۇر! شۇ ۋەجىدىن بۇگۇن ئاخشام سىز ھۆرمەتلىك ئامبال ئەلچى جانابلىرى باشلىق بارلىق ئەلچى جانابلار شەرىپىگە تەنتەنىلىك ھاردۇق چېيى بەرمەكچىمەن!

— ھاكىم جانابلىرى، — دېدى خاقانى چىن ئەلچىلىرىنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى خوجەسى سوغۇق تەلەپپۇزدا سۆز قىلىپ، — سىلەرنىڭ خوجا جاھان بىلەن بۇرھانىدىن خوجىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىڭلار زادى نېمە مەقسەتتىن بولغان؟! بىز سىلەرگە خوجىلارنى خاقانى چىن ھۆكۈمىتىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ئەسلەتمە مەكتۇپ تاپشۇرغانىدۇق. ئۇلارنى ئۆلتۈرگۈمىز كەلسە، بىز ئۆلتۈرەلمەمدۇق! ؟ مانا ئەمدى، بۇ نېمە بولغىنى؟!

— مۆھتەرەم ئامبال ئەلچى جانابلىرى، بىز گەرچە خاقانى چىنغا بەيئەت قىلغان كىچىك بىر ئەل بولساقمۇ، — دېدى بەدەخشان ئەمىرى خۇشامەت بىلەن، — مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە ـ ئۇدۇمىدا ئۇرۇش ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ پۇشتىلىرىنى باشقىلارغا تۇتۇپ تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئىش يوق ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىدىلاغۇ؟ مۇبادا، ئۇلارنى سىزلەرگە تىرىك تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولساق، بۇ يەردىكى ئاخۇن، موللىلار مۇسۇلمانلارنى قۇتىرىتىپ، ئوردا ـ سارايلىرىمىزغا ئوت قويۇپ چاتاق چىقارغان بولمايتتىمۇ! ئۇ چاغدا خاقانى چىن بىزگە ياردەم قىلىمەن دېمۇ ئۇلگۇرەلمەيتتى ـ دە.

— بۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئامبال ئەلچى خوجەسى سەل يۇمشاپ، — قېنى ئۇلارنىڭ كاللىسى؟ بىز ئۇلارنىڭ كاللىسىنى كۆرگەندىن كېيىن بىرنەرسە دەرمىز.

بەدەخشان ئەمىرى مۇزەپپەر سۇلتانشاھ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇشقان يىگىتلىرىدىن بىرىگە ئىشارەت قىلدى. ئېيىقتەك

قوپال بىر يىگىت تالاغا چىقىپ كېتىپ بىر پەستىن كېيىن بىر خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ كىردى.

بەدەخشان پالىزىدىن تىكىلگەن بۇ خۇرجۇننىڭ ھەممە تەرىپى قان يۇقى ئىدى. ھېلىقى ئېيىقتەك يىگىت ئەمىرىنىڭ ئىشارىتى بىلەن خۇرجۇننىڭ ھەر ئىككى بېشىغا سېلىنغان نەرسىنى يەرگە سىلكىپ تۆكتى. خۇرجۇندىن ئىككى كاللا يەرگە دومىلاپ چۈشتى. قېنى قېچىپ سارغايغان بۇ كاللىلارنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ پېشانىسىدە چېچەك ئىزى بار ئىدى. ئەلچىلەرنىڭ بىرى بۇ كاللىنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى:

— ۋاي مۇرەببىيىم، ۋاقىتسىز قازا قىلغان خان خوجام، مەن سىزنى كىچىككىنىڭىزدىن بېقىپ چوڭ قىلمىدىممۇ مۇرەببىيىم! ۋاي خوجام، ياش قازا قىلغان خان خوجام! — دەپ ھازا ئاچتى نىياز سوپى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئەلچى، — مانا، مانا، قاراڭلار ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى چېچەك ئىزىغا! ۋاي ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي ياش كەتكەن خان خوجام!

ئاغلاقچى ئامبال خوجەسى بەگ بىلەن ئەلچىلەردىن موللاگۇپ بەگ، بۇرۇت قىرغىزلىرىنىڭ ھاكىمى ئۆمەربىي قاتارلىقلارمۇ بۇ كاللىغا ئىنچىكىلەپ سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ خوجا جاھاننىڭ كاللىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشتى.

يەنە بىر كاللا سەل ئۆزگىرىپ قالغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇرھانىدىن خوجىنىڭ كاللىسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ كاللىنى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ كاللىسى، دەپ جەزملەشتۈردى.

— بۇ خوجىزادىلەر قانداق ئۆلتۈرۈلگەن؟ — دەپ سورىدى ئامبال ئەلچى خوجەسى مۇزەپپەر سۇلتانشاھتىن.

— خوجىزادىلەرنى ئۆلتۈرۈش مېنىڭ ھەددىممۇ؟ مۇسۇلمانچىلىق ئۇدۇمى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھ بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ قول

ئاستىمدىكى بەزى باشباشتاق ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئىشەنمىسىڭىزلەر، شۇ چاغدا نەق مەيداندا بۇ پاجىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قەشقەرلىك دوست سوپى بىلەن جىرغىلاڭ خاتۇن شاھىد بولالايدۇ! — دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى سۇلتانشاھ.

— قېنى ئۇلار؟ ئۇلارنى بۇ يەرگە چاقىرىڭلار. بىز ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىمىغۇچە، بۇ ئىشنى بولدى قىلمايمىز! — دېدى خوجەسى قىلچىمۇ يول قويماي.

— شاھىدلار كەلتۈرۈلسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى بەدەخشان ئەمىرى سۇلتانشاھ.

— قۇللۇق، تەقسىر!

بىردەمدىن كېيىن بىرى ھېلىقى دوست سوپى، جىرغىلاڭ خاتۇن دېيىلگەنلەرنى باشلاپ كىردى.

— سىلەر نېمىنى كۆرگەن بولساڭلار، شۇنى خاقانى چىن ئەلچىسىگە يوشۇرۇپ قالماي ھەممىسىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىڭلار! — دېدى سۇلتانشاھ ئۇلارغا.

— قۇللۇق، تەقسىر، — دېدى دوست سوپى ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، — رەھمەتلىك ئىككى خوجىزادەم بۇ يەردىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى سايئاب دېگەن قەلئەگە قامالغانىدى. بىزمۇ شۇ قەلئەگە قامالغانىدۇق. دەسلەپتە ئۇ ئىككىسىنى ئايرىم - ئايرىم قاماشتى. ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر گۇرۇھ ئادەملەر كېلىپ، بۇ ئىككىسىنى بىر ئۆيگە قامىدى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى - ئۈچ يۈزدەك ئادەم كېلىپ قاماقخانىنى قورشىۋېلىشتى. شۇ چاغدا بىز قاراپ تۇرغانىدۇق. يىگىرمە - ئوتتۇزدەك ئادەم قاماقخانا ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بىزلەرنى تالاغا ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، ئىككى خوجىزادىگە پىچاق سالدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كىرىپ قارىساق، خوجىزادىلەر ئاللىقاچان ئۆلگەن ئىكەن. خوجىزادىلەرگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئون نەچچە ئادەم

چوڭ خوجىزادە بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ قېچىپتۇ — دەك[1]، دەپ ئاڭلىدىم.

— ئامبال خوجامغا مەلۇم بولغايكى، — دەپ چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى جىرغىلاڭ خاتۇن، — ئۇلار بۇ ئىككى خوجىزادىنى قەتىل قىلغاندا، مەنكى جىرغىلاڭ خاتۇن ۋە موللا تاش ئاخۇننىڭ خاتۇنى ۋە يەنە ئولجايتۇ سوپى ئۇچىمىز تالاغا چىققىلى ئۇنىمىدۇق. قولىغا پىچاق ئالغان ئىككى بەستىلىك ئادەم ئۆينىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرگەن پېتى ئاۋۋال كىچىك خوجىزادەمنى بېسىپ تۇرۇپ گېلىغا بىر پىچاق سۇرۇپلا خوجىزادەمنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بوينىنىڭ ئازراق تېرىسىلا ئۇنىڭ تېنىگە ئىلىشىپ قالدى. ئاندىن ئۇلار چوڭ خوجىزادەمنى ئاستىغا بېسىپ نەچچە يېرىگە پىچاق سالدى. بىراق، چوڭ خوجىزادەمنىڭ جېنى ئۇنداق ئوڭاي چىقمىدى. مەن بۇ دەھشەتنى كۆرۈپ قېتىپ قاپتىمەن. بىر كەملەردىن كېيىن قارىسام، چوڭ خوجىزادەم جان تالىشىۋېتىپتۇ. مەن يىغلىغان پېتىم ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىمغا ئېلىپ، گەۋدىسىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدۇم. بۇ چاغدا ئولجايتۇ سوپى ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسىگە پىچاق سېلىپ يىقىتتى. بۇ چاغدا تالادىن بىر گۇرۇھ ئادەم يۇگۇرۇشۇپ كىرىپ خوجامغا قالايمىقان پىچاق سېلىپ ئۆلتۈردى ھەمدە ئولجايتۇ سوپىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار بۇ ئىشنى تۈگىتىشكەندىن كېيىن موللا تاش ئاخۇننىڭ خاتۇنى بىلەن مېنى تالاغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى، مەن يالۋۇرۇپ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىۋالدىم. ئۇلار موللا تاش ئاخۇننىڭ خاتۇنىنىڭ بىرنەچچە يېرىگە پىچاق تىقىۋەتتى. ئۇ قانسىراپ ئۆلدى. مېنىڭمۇ نەچچە يېرىمگە پىچاق تىقىۋېتىشتى. خۇداغا مىڭ قەترە شۈكرى،

---

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىشقا ئائىت ئىشلاردىن قىسقارتىلما»، 81 ـ جىلد، 3 ـ بەت.

رىزقىم تۈگىمىگەن ئىكەن، ئۆلمەي ساق قالدىم...[1]

— ھە، چۈشەندىم، يا ئەلھەزەر، يا رەببىم! بولدى، ئەمدى سۆزلىمە، — دېدى خوجەسى توڭلۇق بىلەن. ئاندىن ئەمىر مۇزەپپەر سۇلتانشاھقا قاراپ:

— بۇ خوجىزادىلەر قاچان قەتل قىلىندى؟

— بۇ ئىش سىز جانابى ئامبال ئەلچى كېلىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى يۈز بەردى[2]، — دەپ جاۋاب بەردى بەدەخشان ئەمىرى يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — يەنە، يەنە...

ئۇ دۇدۇقلاپ، قىلىدىغان سۆزىنى تاپالماي قالدى.

— ھە نېمە «يەنە» ؟ سەن دېمەي يوشۇرۇۋاتقان يەنە قانداق ئىش بار؟ ھەممىسىنى تولۇق دە! دېدى ئاغلاقچى ئامبال خوجەسى ئۇنى قىستاپ، — بەللى، تازا ئاجىز يېرىڭدىن تۇتۇۋالدىمۇ ـ قانداق؟ بىلەمدىكەنمەن؟ سەن بۇ خوجىزادىلەر قەتل قىلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردىن ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى سايئابقا نېمە قىلغىلى باردىڭ؟ سېنىڭ بۇ قېتىمقى سايئابقا قىلغان سەپىرىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە مىئراجقا چىقىپ قايتقىنىدەك ئەمەستۇ؟ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكىنىنى ئۇتتۇز ساھابىگە ئېيتقان ئىكەن، سەن ئەجەبا بىر كىشىگىمۇ ئېيتالمايدىكەنسەنغۇ؟ بولمىسا، ئىنسى ـ جىنغا تۇيدۇرمايدىغان قانداق مەخپىي ئىش ئىدى ئۇ؟ شۇنداق بىر ئىش ئىكەنسەنكى، چىشلىۋېلىپ ئېيىشقا چىشلىگەنلىكىڭنى يوشۇرسەن تېخى! قۇندۇز، تارباس ۋە ئۆزبېك قەبىلىلىرى بەدەخشان بىلەن ئەزەلدىن ئەپ ئۆتكىنى يوق! مۇبادا، بۇ خوجىزادىلەر ئۇلار بىلەن بىرلىشىۋالسا، سېنىڭ بەدەخشاننىڭ ئەمىرلىك تەختىدە داۋاملىق ئولتۇرالىشىڭ مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا،

---

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىشقا ئائىت ئىشلاردىن قىسقارتىلما»، 81 ـ جىلد، 4 ـ بەت.
② خوجا جاھان، بۇرھانىدىن خوجىلار مىلادى 1760 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆلتۈرۈلگەندى.

خوجىزادىلەرنى تۇتۇپ بېرىش ھېسابىغا خاقانى چىننىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەكچى بولدۇڭ. ھالبۇكى، خوجىزادىلەرنى خاقانى چىننىڭ قولىغا تىرىك تاپشۇرۇپ بەرسەڭ ئەتراپىڭدىكى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىشتىن قورقتۇڭ. شۇنىڭ بىلەن خوجىزادىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ. سەن يوشۇرۇۋاتقان ئىش تايىنلىق مۇشۇغۇ دەيمەن!

— ...

— ھە، سۆزلىمەيسەنغۇ؟ ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟ خوجىزادىلەرنىڭ مېيىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭ؟

— ئەسلىدە مەن بۇ خوجىزادىلەرنى پەيزاۋاتتا① قەشقەرلىكلەرنىڭ مازىرىغا دەپنە قىلدۇراي دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، ئاڭلىشىمچە، بۇرھانىدىن خوجا قەتل قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئەئيانلىرىغا: «شۇل قەدەر كۆپ گۇناھ ـ كىبىر ئىشلارنى خان خوجام قىلدى. مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنىڭ ئۆلۈكۈمنى ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز بىر يەرگە قويماڭىزلەر. ئەڭ ياخشىسى، قەشقەردىكى ھەزرەتكە ئاپىرىپ يەرلىكىمدە قويىسڭىزلەر، ئىككى ئالەم سەرۋەرىگە ھەمدۇ ـ شۇكرى ئېيتقان بولاتتىم. چۈنكى، ئالما تۈۋىدىن يىراققا دومىلاپ كەتمەيدۇ!» دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن. خوجىزادىلەرنىڭ قىرىقتىن ئارتۇق مالايلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئون نەچچىسى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ غايىب بولۇشۇپتۇ. مەن ساقچىلارنى قاتتىق سوراق قىلدىم. ئەمما، ئۇلار ئۆلۈكنى كىم ئوغرىلاپ كەتكىنىنى دەپ بېرەلمىدى.

— بۇ ئىشنى بىر ھەق تائالا ئۆزى بىلمىسە، بەندە نەدىن بىلگەي؟ «ۋاماتەردرى نەفسۇن مازاتەكسىبوغەدىن ۋاماتەدرىن نەفسۇن بىئايىي ئەرزىن تەمەتۇ. ئىننەللاھۇ ئەلىھۇن

① بەدەخشاننىڭ مەركىزى.

خەير . . . »[1] ، — دېدى ئاغلاقچى ئامبال خوجەسى نائىلاج ، ئەمدى سوراۋەرسە نەتىجە چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن بوپتۇ ، — خان خوجامنىڭ جەسىتىنى پەيزاۋاتتىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ مازىرىغا قويۇشلار ، ئاندىن بۇ خوجىزادىلەرنىڭ كاللىسىنى ئۇبدان ئوراپ بېرىڭلار . بىزلەر خاقانى چىنغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ ، بوغدا خاننىڭ مۇبارەك نەزەرىگە نائىل قىلغايمىز!

— پەرمانبەردارمەن ، جانابىي خان ئەلچىسى! — دېدى سۇلتانشاھ ئىككى پۇكلىنىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ .

خاقانى چىننىڭ بەدەخشان ئەمىرى مۇزەپپەر سۇلتانشاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھاننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىشتى . . .[2]

*　　　　　　*　　　　　　*

ھۆرمەتلىك كىتابخان ، بىز بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ھەققىدىكى بۇ سەھىپىلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا ، بەزى تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز :

بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىلىدىكى تۇرغاقلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار مىجەز ـ خۇلق ۋە سىياسىي مەقسەتلىرى تۇپەيلىدىن زادىلا ئەپ

① «جان ئەتە نېمە بولۇشىنى بىلمىگەي ۋە قەيەردە ئۆلۈشىنىمۇ بىلمىگەي . . . »
② بىراق ئەمىر مۇزەپپەر سۇلتانشاھنىڭ ئۆزىمۇ ھېچقانچە ياخشى كۈن كۆرۈپ كەتمىدى . ئافغانىستاندىكى دۇرانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئەھمەد شاھ دۇرانى بەدەخشاننى دىنىي ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئارقىدىنلا ئەمىر مۇزەپپەر سۇلتانشاھنى جازالاش ئۈچۈن بەدەخشانغا لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالدى ۋە تىرىك تۇرغۇزۇپ تۇرۇپ تېرىسىنى تەتۈر سويغۇزغاندىن كېيىن ئىچىگە سامان تىققۇزۇپ ، خاقانى چىنغا ئەۋەتىپ بەردى . . .

ئۆتۈشەلمىدى. خاقانى چىنغا بەيئەت قىلىشنى ياقلايدىغان بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خاقانى چىنغا قارشى تۇرۇشنى ياقلايدىغان خوجا جاھان ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەشتە ئاخىر خوجا جاھان ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى ۋە «باتۇرخان دۆلىتى»نى قۇردى. بىراق، خوجا جاھان ۋە ئۇ قۇرغان «باتۇرخان دۆلىتى» ئاسىيادا قۇدرەتلىك فېئودال ئىمپېرىيە بولغان خاقانى چىن تەرىپىدىن ئاخىر مەغلۇپ قىلىندى، بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھانلار ئۆلۈمى يات ئەلدە قالدىغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشتى. بۇرھانىددىن خوجىنىڭ ئۆلۈكى بەدەخشاننىڭ مەركىزى پەيزاۋاتتىكى ۋەتەنداشلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. خوجا جاھاننىڭ قەبرىسى سايئابتا تاشلىنىپ، ئىزى مەڭگۈگە يىتتى. شۇنداق قىلىپ مىلادى 1678 ـ يىلىدىن تارتىپ مۇلكىي قەشقەرىيە جەمئىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان روھانىي كۈچ — قەشقەر خوجىلىرى (مەيلى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلار بولسۇن ياكى قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلار بولسۇن) نىڭ دەھرىي قورچاق ھاكىمىيىتى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىلىرىدىن بولغان بۇرھانىددىن خوجا ۋە خوجا جاھاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى مۇشۇنداق يول بىلەن ئىسپاتلاندى. ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ كۆلاھۇ ـ جەندىلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇلغان سىياسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت باشقىلارنىڭ ئۆمۈر پىيالىسىگە ئۆلۈم شارابىنى قۇيۇپ كەلگەن جاھان بەزمىسىنىڭ بۇ ئاخىرقى ئەجەل ساقىيلىرى ئاخىر ئۆزلىرىمۇ بەدەخشان ئەمىرى مۇزەپپەر سۇلتانشاھنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالدى. . .

* * *

بۇنىڭدىن سەكسەن يىل ئىلگىرى بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھان خوجىلارنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئاپئاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، تەپرىقچىلىق تىكىننى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۇرگەنىدى. ئەلھال، بۇ تەپرىقچىلىق تىكىننىڭ دەرىخى چېچەكلەپ مۇشۇنداق مول مېۋە بەردى.

بۇرھانىددىن خوجا مۇلكىي قەشقەرىيىدە «ئىسلامنى پاكلاشتۇرۇش قائىدىلىرى» نى تۈزۈپ، قاتتىق زورلاش ۋاسىتىلىرى بىلەن يولغا قويغانىدى. بۇ «يېڭى قائىدىلەر» مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: مۇسۇلمانلار دائىم ئالەمدىن ئۆتكەن خوجا، ئىشان، سوپىلارنىڭ قەدەم جايى توپا ـ تۇپراق باشلىرىغا بېرىپ سەجدە ـ بارائەت، دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈشى لازىم؛ مۇسۇلمانلار خانىقا ـ تۆنەكخانىلاردا كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئىبادەت قىلىشى، ئۇلۇغ مازارى ـ شەرىفلەرنى تاۋاپ قىلىپ تۇرۇشى كېرەك؛ داۋاملىق ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان تۈرلۈك غەيرىي ئىسلام مۇراسىملىرىغا قاتنىششى، ئىلمىي غايىبتىن خەۋەردار بولغان بولۇشى، پالسىز يۇرمەسلىكى لازىم ۋەھاكازالار. ئۇزاق ئۆتمەي مۇلكىي قەشقەرىيىدە بۇ «يېڭى قائىدىلەر» نى تەرغىب قىلىدىغان خەلىپىلەر تۈركۈمى بارلىققا كەلدى. بۇ خەلىپىلەر ئەمەلىيەتتە بۇرھانىددىن خوجىنىڭ خۇپىيىلىرى ئىدى. بۇرھانىددىن خوجىغا ئەگەشمىگەن، ئۇنىڭغا قول بەرمىگەن «دىن دۇشمەنلىرى» نى «خۇدا يولىدا» جازالاش، ئىنساپىتا چاقىرىش، توۋا قىلدۇرۇش — بۇ خەلىپىلەرنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىدى. «ئۇ مانجۇ زالىملىرىنىڭ قامچىسىغا تايىنىپ،

ئاقسۇلۇقلارنى يەكەن، قەشقەر، خوتەنگە؛ قەشقەرلىكلەرنى ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپانغا؛ يەكەن، خوتەنلىكلەرنى قەشقەرگە قىستاپ زورلاپ كۆچۈرۈپ ۋەيران قىلدىلەر... نارازى بولغۇچىلارنى قىرىپ، چېپىپ، قۇرۇتتىلەر... ئۇنىڭ زۇلۇمىنى قەلەم بىلەن يېزىپ تۈگەتكىلى بولماس ئىدىلەر... كىشىلەرنىڭ يۇرتتىن - يۇرتقا بېرىپ كېلىشىنى مەنئى قىلدىلەر...»[1]. «خوجا بۇرھاندىن ھەززەت سىپاھىگەرچىلىكتە غەزىپى زىيادە زات ئىدىلەر... خان يولى - ساي لەنگەر[2] دېگەن يەرگە بارغاندا، يۈز ئىسھاقىيە خوجىسىنى قوللىرىنىڭ بېغىشلىرىدىن كېسىپ چولاق قىلىپ قانغا بوياپ، ۋەلدە كۈنگە قاقلاپ روھسىز ھالسىرىتىپ ئۆلتۈردىلەر... شۇنىڭدىن بېرى، بۇ يەر «چولاقنىڭ سېيى» دەپ ئاتالدىلەر... كۇچا شەھرىنى فەتھ قىلغاندا، مىڭ مۇسۇلمان رەقىبىنى تىغدىن ئۆتكۈزۈپ تەنلىرىدىن جۇدا قىلدىلەر...»[3]، «شۇنداق رىۋايەت قىلدۇلەركى، بۇرھاندىن خوجا ئىلىدىكى ئامۇرسانا - مانجۇ تايىپىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئىسھاقىيە خوجىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن سەككىز شەھەر[4] خەلقىدىن ئامۇرسانانىڭ ھۆكۈمى دەپ سەكسەن مىڭدىن ئارتۇق بىچارە پۇقرانى «سەنلەر يۈسۈپ خوجا، جاھان خوجىنىڭ ياردەمچىلىرى» دەپ تۇتۇپ، ناھەقتىن ناھەق ئۆلتۈرۈپ، مال- مۈلۈكلىرىنى كۆپپارلارغا نارتقۇزۇپ ۋەيران قىلىشۋەتتىلەر...»

---

① «تەزكىرەئى پىرياران»، قولىيازما.
② ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن گۇما ناھىيىسى ئارىلىقىدىكى چولاق خارابىلىقى.
③ «تەزكىرەئى پىرياران»، قولىيازما.
④ مانجۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى يىللاردا، مۈلكىي قەشقەرىيىنى مەمۇرىي جەھەتتىن خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قاراشەھەر دەپ سەككىز شەھەرگە بۆلگەنىدى.

## نەزمە

نۇرغۇن نامدارلار يەرگە دەپنە قىلىندى،
يەر يۈزىدە ئۇلاردىن نامۇ ـ نىشان قالمىدى.
يەرگە تاپشۇرۇلغان كونا جەسەتنى،
توپا يەم قىلدىكى، ھەتتا ئۇستىخان قالمىدى.
نۇشىرۋاننىڭ نامى ياخشىلىق بىلەن تىرىك،
كۆپ چاغ ئۆتۈپ، دېيىلسىمۇ نۇشىرۋان قالمىدى.
ياخشىلىق قىل ئەي پالانى، ئۆمرۈڭنى غەنىيمەت بىلىپ،
مۇنۇ خەۋەردىن ئالدىنراقكى: پالان قالمىدى.

— شەيخ سەئدى

ISBN 7-228-05634-5

9 787228 056347 >

ISBN7 - 228 - 05634 - 5/I·2084
(民文)定价 :28.00元（全两册）